# تارىم

11

1989

www.uyghurkitap.com

# ئەدىبلىرىمىز تۇرمۇشىدىن



پېشقەدەم شائىر،
ئالىم ئەخمەت زىيائى
ياش قەلەمكەشلەر بىلەن بىللە.



پېشقەدەم يازغۇچىلاردىن
زۇنۇن قادىرى، ئابدۇشۈكۈر يالقىن،
ئەرشىدىن تاتلىقلار مەرىكىدە.



ئەدىبلىرىمىز قاراماي نېفىتلىكىدە.

# تارىم

(ئايلىق ئەدەبىي ژورنال)

11

1989

39-يىل نەشرى

## بۇ سانىدا

قەييۇم تۇردى

### جۇغغارىيە يۇلتۇزلىرى

— ئالىي مەنسەپ — ئىگىز خادا تاش، ئۇنىڭغا قانات قاققان بۈركۈتمۇ، يامىشىپ يۆرۈپ يىلانمۇ چىقىدۇ...

— شۇنداق... تارىخ رەھىمسىز، ئۇنىڭ دۈشمىنى ساختىپەزلىك. ھەرقانداق نىقابمۇ تارىخ ئالدىدا پاش بولماي قالمايدۇ.

* * *

رەخىم قاسىم

### ئەخمەتجان قاسىمى خاتىرىسىگە

يۈرەكتىن چىققان سۆزلەر ياقىدۇ يۈرەكلەرگە،
ئۇنىڭدا بار چىن ھېسسىيات، سەممىيلىك،
راستچىللىق.
شائىر يازار شېئىرنى ئۆزىدىن بۆلەكلەرگە،
بۆلەكلەرگە كېرىكى ھەققانىيلىق، ئادىللىق.

* * *

ئەسئەت ئەمەت

### قەلەندەرنىڭ سەدىقىسى

مەن بىر قەلەندەر بولساممۇ ماڭا ئەڭ زۆرۈرى پۇل ئەمەس، پەرزەنت. مەن ھەر قېتىم سىزدىن يۇتتۇلغان پۇللارنى پوچتا ئارقىلىق ئۇنىڭغا يوللاپ تۇردۇم. مەن ئوغلۇمغا سەدىقە توپلاۋاتىمەن. ئۇ پۇلدىنمۇ ئۈستۈن نەرسىلەرنى چۈشەنسۇن.

www.uyghurkitap.com

# بۇ ساندا

## نەسرىي ئەسەرلەر

قەييۇم تۇردى ...................... جۇڭغارىيە يۇلتۇزلىرى (روماندىن پارچە) ........ 5
ۋەلى داۋۇت ...................... «خارىس ساپا» (ھېكايە) ...................... 48
ئەسئەت ئەمەت ...................... قەلەندەرنىڭ سەدىقىسى (ھېكايە) ...................... 51
مەتتەمىن ھوشۇر ...................... «تەكشۈرۈش» (ھېكايە) ...................... 58
مۆيدىن سايىت ...................... قارا ئالتۇنلۇقتىكى تاڭ (پوۋېست) ...................... 85
ئەركىن نۇر ...................... نەسرلەر ...................... 116

## شېئىرلار

رەخىم قاسىم ...................... ئەخمەتجان قاسىمى خاتىرىسىگە ...................... 37
مەھەممەتجان راشىدىن ...................... شېئىرلار ...................... 38
مۇھەممەت رەھىم ...................... كۆكۆل مەھلىيا قۇرلار ...................... 40
سۇزۇك ...................... ئاھ، كۇچۇم ...................... 42
ئابدۇللا ياقۇپ ...................... قىشلاق كۈيلىرى ...................... 43
ئابلىجان ھېيت ...................... ئارمانلىرىم ...................... 46
ئەزىم ناسىر ...................... غەزەللەر ...................... 76
غوپۇر رەخىم ...................... نۇر چاچايلى قۇياشتەك ...................... 79
ئېلى زاھىت ...................... تورغاي ...................... 79
ئۆمەرجان مۇھەممەدى ...................... يۈرەك قەترىلىرى ...................... 79
ئەيسا سايىم ...................... ئېتىڭنىڭ چۇلۇۋۇرىنى تارت ...................... 80
غەيرەت غوپۇر ...................... شېئىرلار ...................... 81
ئەمەت جاپپار ...................... جەڭچى مۇھەببىتى ...................... 82
مۇسا ئەھەد ...................... تۇرپان گۈزىلى ...................... 83
مۇھەممەتجان قاسىم ...................... بىشارەت ...................... 84
كامىل رەھىم ...................... تەلمۈرۈش ...................... 84
ئوسمان ھوشۇر ...................... گۈلگە قاراپ ...................... 84
ئازاد ئابدۇللا ...................... يېڭى تۇرمۇش ...................... 119

ئابلەت سادىق ........ ئىسىمدە........ 119
ئەركىن داۋۇت ........ يۇردىكىم ئوت، ۋۇجۇدۇمىمۇ ئوت........ 120
نۇرىيە ئىپلاخۇن........ يۇرت مېھرى ........ 120
ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر........ چايقىلىدۇ زۇمرەت كەڭ دېڭىز........ 121
مۇھەممەتتۇرسۇن ئەبەيدۇللا........ ۋىسال كۈيى ........ 121
يالقۇن ئەزىزى........ بىر تامچە ياش ........ 122
قەدەم دىربەنزادە ........ بوگۇن — ئولجا، ئەتە — ئوۋچى ........ 123
ئەركىن روزى ........ سېنى ئىزدەپ........ 123
ئىمىنجان تۇرسۇن ........ سەن........ 124
تۇراپ ھەسەن ........ ئەتىگەن........ 124
ساداقەتجان ھاجى ........ يامغۇرلۇق كېچە ........ 124
تەلئەت قادىرى ........ كۆكلۈمدىكى يېزىقسىز قۇرلار ........ 127
يالقۇن ئۆمەر ........ شېئىرلار ........ 129
ئابلىمىت تۇردى ........ تېۋىنما پەرىزات ........ 131
ھەسەن تىلىۋالدى ........ رۇبائىي ۋە پارچىلار ........ 131


## ئەدىبلىرىمىز چەت ئەللەردە


سەيپۇل يۇسۇپ........ ئۇنتۇلماس تەسىراتلار (زىيارەت خاتىرىسى)........ 60


## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز


ياسىن زىلال ........ شائىر ۋە ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى........ 331
مامبەت تۇردى ........ «روزا بۇزۇلمايدۇ»........ 143


## مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن


ۋەن نىڭ........ تالانتلىق قەيسەر شائىر ........ 149


## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن


مىرمۇھسىن........ تىرىكتاپ (ھېكايە) ........ 157


*　　　　*

بۇ ساندىكى رەسىم ۋە ھۆسنىخەتلەرنى مەھەممەت ئايۇپ ئىشلىگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## قايغۇلۇق خەۋەر

# ئاتاقلىق يازغۇچى، دراماتورگ زۇنۇن قادىر ۋاپات بولدى



ئاتاقلىق يازغۇچى، دراماتورگ زۇنۇن قادىر سوۋېت ئىتتىپاقىغا تۇغقان يوقلىغىلى چىقىپ، 1989-يىلى 9-ئاينىڭ 24-كۈنى قازاقىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالمۇتا شەھىرىدە كېسەل سەۋەبى بىلەن بەختكە قارشى ۋاپات بولدى. ئۇ بۇ يىل 77 ياشتا ئىدى.

زۇنۇن قادىر 1912-يىلى 6-ئايدا تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ دۆربىلجىن ناھىيىسىدە دۇنياغا كەلگەن. غۇلجا، ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەرلەردە دىنىي ھەم پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان. ئۆلكىلىك يېزا ئىگىلىك ئالىي تېخنىكومىدا ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىغا قاتنىشىپ، يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىدە ئاكتىپ رول ئوينىغان. 1941-يىلدىن كېيىن ئارتىست، ئىجادىيەتچى، رېژىسسور، دېكوراتور، ئوقۇتقۇچى بولغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ھەربىي مۇخبىر ھەمدە «كۆرەش»، «ئىتتىپاق» قاتارلىق گېزىت-ژۇرناللاردا مۇھەررىر ھەم باش مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1957-يىلدىن 1963-يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. ئۇ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى ئىدى.

زۇنۇن قادىر 1936-يىلدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. ئۇنىڭ «چىنىقىش»، «غۇنچەم»، «خاتىرىلەر»، «مەسەل ۋە چۆچەكلەر» قاتارلىق كىتابلىرى جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشكەن. زۇنۇن قادىر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ ۋاپاتى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىيات-سەنئىتى ئۈچۈن زور يوقىتىش.



قەييۇم تۇردى

# جۇڭغارىيە يۇلتۇزلىرى

(روماندىن پارچە)

يازغۇچى قەييۇم تۇردى ئۇيغۇر نېفىتچىلىرىنىڭ ئۇزاق يىللىق ھاياتىغا بېغىشلان-
لانغان 3 توملۇق رومان — «جۇڭغارىيە يۇلتۇزلىرى» نىڭ ئالدىنقى ئىككى كىتابىنى
دەسلەپكى قەدەمدە يېزىپ پۈتتۈردى. ھازىر 3 - كىتابى ئۈستىدە ئىشلىمەكتە. ژۇرنى-
لىمىزدا بۇ روماننىڭ ئىككىنچى بابىنى مۇشتىرىلارغا تونۇشتۇردۇق.

— تەھرىردىن.

## ئىككىنچى باب

1

1942 - يىلىنىڭ باھار پەسلىنى، ئۈرۈمچى نېمىشقىدۇر كۆڭۈلسىزلا كۈتۈۋالدى.
پۈتۈن شەھەر تېخىچە قار ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتاتتى. كىشىلەر بوغدا كەينىدىن
پارقىراپ چىقىدىغان قۇياشنى كۆرمىگەنگە خېلى ئايلار بولۇپ قالدى، ئاسمان قارا
تۇتەك ۋە كۆل رەڭ تۇمان بىلەن قاپلانغان، كوچا - كويلار ئۈستى - ئۈستىلەپ يېغىۋات-
قان قار بىلەن تولۇپ كەتكەن، قىش ئۇزۇنغا سوزۇلغاندى. يوللار تېيىلغاق ئىدى،
ھەممە يەر تاراقلايتتى، ھە دېسىلا شىۋىرغان چىرقىرايتتى.
ھاشىم تاغا بىلەن مەشرەپ كونا ئوتخانىنىڭ كەينىدىكى قار ئازگىلىدىن تىرى-

شىپ-تىرمىشىپ ئاخىر يول ئۈستىگە چىقىۋالدى. مەشرەپ دادىسىنىڭ ئاغزى-بۇرنىدىكى ئۇيۇپ قالغان قاننى بەلبېغى بىلەن سۈرتۈپ تازىلىدى، كېيىم-كېچەكلىرىگە يېپىشقان قار-مۇزلارنى قاقتى. هاشىم تاغا بېشى قېيىپ، كۆڭلى ئېلىشىپ، بارغانچە هالسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ تىنىقى يېتىشمەي ئېغىر هاسىرايتتى. ئاغزىنى بىر قولى بىلەن چىڭ بېسىپ تۇرۇپ، بوغۇلۇپ-بوغۇلۇپ يۆتىلەتتى.

— دادا، بۇ يەردىن كېتەيلى، ئەمدى دۈبەننى ئىزدىمەيلى، ئۇنى يەر يۇتسۇن، — دېدى مەشرەپ.

هاشىم تاغا مەشرەپكە قاراپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئۇچقۇنداپ تۇرغان ئوتنى، پارتلاشقا تەييار تۇرغان غەزەپنى كۆردى. ئاتا ئۆز ئوغلىدا مۇنداق ئالامەتنى تېخى كۆرمىگەنىدى. مەشرەپ ئەمدىلا 16 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، بېجىرىم، كۈچلۈك، ئىككى مەڭزى قىپقىزىل، كەمسۆز، چىدامىلىق يىگىت بولۇپ ئۆسكەنىدى. ئۇستىباشلىرى يېلىڭ ئىدى. ئۇنىڭ چۆرىسىگە قارا كۆرپىدىن جىيەك تۇتۇلغان ئاق تۇمىقى، جۇلجۇل كالتە جۇۋىسى بۇ ئاچچىق سوغۇققا هېچقانچە دال بولالمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىگە غەيرەت بېرىپ، هېچنېمىدىن زارلىماي ئۆزىنى بەردەم، دىدىل تۇتۇپ كېلىۋاتاتتى.

— دادا، بۇ يەردىن كېتەيلى ... — مەشرەپ دادىسىنىڭ چەكمەن تونىنىڭ ياقىسىنى هىم قىلىپ تۈزەپ، بىلىكىدىن يۆلىدى، — سارايغا بېرىۋالايلى، قىزىق بىر نەرسە تېپىپ ئىچۈرەي ...

هاشىم تاغا ئۈنچۈقمىدى. كونا بۇتخانىغا، سۈرلۈك غەرىبىي بىناغا، دۈبەن يامۇلىنىڭ تۆتتىن — سەككىز قوراللىق ئەسكەر بۇتتەك قېتىپ پوستا تۇرغان قارا دەرۋازىسىغا، يامۇل ئالدىدا قارا شىلەپە، قارا كۆزەينەك تاقاپ لاغايلاپ يۈرگەن رەھىمسىز پايلاقچىلارغا ئۈمىدسىزلىك بىلەن قاراپ قويدى.

— بوپتۇ، كەتسەك كېتەيلى، ئوغلۇم ...

ئۇلار قار كېچىپ، مۇزدا تېيىلىپ دېگۈدەك ئۆلكىلىك بانكىنىڭ هەيۋەتلىك بىناسى ئالدىغا كەلگەندە، داشىزا تەرەپتىن بىر جىپ چىرقىراپ سىگنال بەرگىنىچە يول ئېچىپ چىقىپ كەلدى. جىپنىڭ كەينىدىن قارا قوڭغۇزدەك لۆمشىپ «ئىمكا» كۆرۈندى. «ئىمكا» نى كەينى تەرىپىدىنمۇ يەنە بىر جىپ قوروغداپ ماڭغانىدى. پۈتۈن كوچا «ئىمكا» ئۆتۈپ كەتكۈچە بىر پەس تىمتاس بولۇپ قالدى. «ئىمكا» نىڭ كۆرۈنۈشى بىلەن پەيدا بولغان سۈرلۈك هالەت خېلىدىن كېيىن بېسىلدى.

مەشرەپ قوشۇمىسىنى چىڭ تۈرۈپ، تېگىرقاش ئالامەتلىرى بىلىنىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئۇزاپ كېتىۋاتقان «ئىمكا» غا قاراپ، قانداقتۇر قەتئىيەت بىلەن:

— دۈبەن ... شېڭ دۈبەن ئاشۇ ماشىنىدا، — دېدى.

هاشىم تاغا ئۈنچۈقمىدى، ئېغىر تىندى. ئۇنىڭ ئۆز بېشىغا چۈشكەن خاپىلىق، هەسرەت-نادامەتكە سايە بولىدىغان نىجاتلىق پەرىشتىسىنى ئىزدەپ، يۇرت-ماكانىدىن ئايرىلغىنىغا مانا ئالتە ئاي بولاي دەپ قالدى. «ئۈرۈمچىدە بار، پادىشاهنى تاپ، دۈبەن جانابلىرىنىڭ ئايىغىغا ئۆزۈڭنى ئات. ئەرز-هالىڭغا شۇ كىشى يەتسە ئەجەب

ئەمەس» دەپ مەسلىھەت بەرگەنىدى خەقلەر ئۇنىڭغا. ھاشىم تاغا «نائۇمىدلىك — شەيتانلىق،غەيرەت كەمىرى ماڭا يار بولغاي» دەپ، ئاخىرقى مۈلكى بولغان ئىككى ئېغىزلىق ئۆيىنى 5 سەر ئاق تەڭگىگە سېتىپ يول خىراجىتى ھازىرلىغان، ئۇزاق سەرسانلىق - سەرگەردانلىقتىن كېيىن ئاخىر ئۇرۇمچىگە يېتىپ كەلگەن، ئىزدەپ - سوراپ يۈرۈپ دۇبەن يامۇلىنى تاپقان، دۇبەننى كۆرسىلا ھەممە ئىشى ھەل بولۇپ كېتىدىغاندەك، كۆڭلىدە كىچىككىنە ئۈمىد پەيدا بولغانىدى. بىراق، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ ھەممە ئۈمىدلىرى كۆپۈككە ئايلاندى. دۇبەن يامۇل ئالدىدا ئاچ - زېرىن تەمتىرەپ، پايىپېتەك بولۇپ، تەلمۈرمىگەن ئىشىكى، يالۋۇرمىغان كىشىسى قالمىدى.

— ئاھ خۇدا، مېنىڭ دادىمغا كىم يېتىدۇ؟! ...

بۇنىڭغا ھېلىغىچە جاۋاب بېرىدىغان كىشى چىقمىدى. ئانچە - مۇنچە ھېسسىداشلىق قىلغان كىشىلەرنىڭ ياخشى تەسەللىسى ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىنچىتالمىدى.

بۈگۈن ھاشىم تاغا مەشرەپ بىلەن دۇبەن يامۇل ئالدىدا يەنە پەيدا بولدى. بېشىمغا كەلگەننى كۆرەي، دېگەن يەرگە كەلدى. دۇبەننىڭ ئاشۇ پارقىراق قارا «ئىمكا» دا ئولتۇرىدىغانلىقىنى سوراپ بىلىۋالغانىدى. ئۇ پەيتنى پايلاپ، دۇبەن يامۇل ئالدىدا «ئىمكا» كۆرۈنۈشى بىلەن گۈس - گۈس دەسسەپ بېرىپ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا تىزلاندى، ئىككى قولىنى ئەلەم بىلەن دۇئاغا كۆتۈردى، كۆزلىرىدىن تارامىلاپ ياش قۇيۇلدى:

— ئەي پادىشاھىم، دۇبەن ھەزرەتلىرى، بۇ ئىقلىمدا مېنىڭ دەردىمگە شىپا بولىدىغان سەندىن باشقا...

ھاشىم تاغىنىڭ پەريادى شۇ يەرگە كەلگەندە، قارا «ئىمكا» لۆمشىگىنىچە ئېغىر سالمىقى بىلەن كېلىپ، تۇمشۇقىنى ئۇنىڭ قىراۋداپ كەتكەن ساقال - بۇرۇتلىرىغا تىرەپ توختىدى.

— مەن ...

— ھە، سەن! ...

قارا شىلەپىلىك، قارا كۆزەينەكلىك تۆت چاپارمەن ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ، ھاشىم تاغىنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋالدى، تەرەپ - تەرەپتىن ئاغزىغا مۇشت بىلەن ئۇرۇپ، قاتتىق پاشنىلىق چىگرىن ئۆتۈكلىرى بىلەن دەسسەپ - چەيلەپ، بىر دەمدە يۈز - كۆزىنى قىپقىزىل قانغا بوياۋەتتى.

مەشرەپ دادىسىغا تاشلىنىپ تۇرۇپ، تۇيۇقسىز پەيدا بولغان غايىبانە بىر ئۈمىد بىلەن ئىختىيارسىزلا «ئىمكا» غا قارىدى. گۇرۇلدەپ تۇرغان ماشىنىدىن دۇبەننىڭ سوقۇچاق بېشى، گۆشلۈك ئېڭىكى، يۇمىلاق چوڭ كۆزىنى كۆرۈپ قالدى - دە، كۆزىدىكە لىققىدا ياش ئالدى.

ئۇنىڭ دۇبەننىڭ بۇ قانلىق پاجىئەدىن دادىسىنى قۇتقۇزۇۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىشى ۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى.

بىراق، دۇبەننىڭ تەرى، ئىنتايىن سۇرۇن ۋە قورقۇنچلۇق ئىدى. ئۇنىڭ ئۆز

چاپارمەنلەرنىڭ تۈيۈقسىز يۈز بەرگەن بۇ «غەليان» نىڭ ئالدىنى شۇنچە چەبدەسلىك بىلەن ئالالىغانلىقىدىن مەمنۇنىيەتدار بولغاندەك، بۇقا كاجلىقىدەك سىرلىق بىر نەرسە يوشۇرۇنغان توم بويۇنىنى لىڭشىتىپ، غالىبلارچە ھىجىيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، مەشرەپ-نىڭ ۋۇجۇدى گويا زەھەرلىك يىلان چاققاندەك، بىردىن سەسكىنىپ كەتتى ...

چاپارمەنلەر ئاتا-بالىنى گويا ئىتنى سۆرىگەندەك دارقىرىتىپ سۆرەپ، غەربىي بىنانىڭ ئۇدۇلىدىكى كونا بۇتخانا تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى ... كېيىن ئۇلار ئۆزلىرىنى بۇتخانا كەينىدىكى قار ئازگىلىدا كۆرۈشتى ...

ھاشىم تاغا شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، مەشرەپكە قارىدى:

— ئوغلۇم، كېتەمدۇق؟

— كېتەيلى، بۇ يەردە تۇرمايلى دادا...

ئۇلار ئەنمېنىدىن ئۆتۈپ، دۆڭكۆۋرۈك تەرەپكە قاراپ سىلجىدى. بىرنەچچە قەدەم ماڭا-ماڭمايلا ئۇلار كۆز ئالدىدا ئېيىق، تۈلكە تېرىلىرىگە ئورۇلۇۋالغان بىر جۈپ ئەر-ئايال مۇزغا تېيىلىپ تۈيۈقسىز يىقىلىپ چۈشتى. ھاشىم تاغا ئالدىراپ بېرىپ، يىقىلغان ئەرنى كەينى تەرىپىدىن يۆلىدى، ئايالنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ قويدى، كىيىملىرىدىكى قارنى قاقتى. مەشرەپ ئايالنىڭ قولىدىن چىقىپ كەتكەن ئامېرىكان سومكىسىنى ئەپكېلىپ بەردى.

— ئالدىرىماي مېڭىڭلار، — دېدى ھاشىم تاغا ئېغىر نەپەس ئېلىپ، ناتونۇش ئەر-ئايالغا غەرەزسىز قاراپ، — بۇ قارمىغۇ يېغىۋەردى، يول تېيىلغاق، يولنىڭ چېتى بىلەن مېڭىڭلار، خۇدا ئامان قىلغاي ...

— كاپشىما، قېرى لالما! ... — يىقىلغان كىشى ئۇچلۇق قاما تۇمىقىنى تۈزەپ، ئايالنىڭ بىلىكىدىن تۇتتى ۋە ھاشىم تاغىنىڭ يۈزىگە تۈيۈقسىز شالاقىدا تۈكۈردى، — يوقال! ... ئاناڭنى ...

ئاتا-بالا دەسلەپ ھېچنېمىنى چۈشەنمەي ھاڭ-تاڭ بولۇپ قېتىپ قالدى. كېيىن مەشرەپ يېرىلغۇدەك بولۇپ، شوخشۇپ ئالدىغا ئېتىلىۋىدى، ھاشىم تاغا چۆچۈپ ئۇنىڭ بىلىكىدىن مەھكەم تۇتۇۋالدى:

— جېنىم بالام، ئاچچىقىڭغا ھاي بەرگىن ...

— مەشرەپنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چېچىپ ھەدەپ ئۆزىگە خىرىس قىلماقچى، ئېتىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قاما تۇماقلىق ئادەمنىڭ قېلىن كالپۇكلىرى ئۈستىدىكى چاشقان بۇرۇتلىرى سەكرەپ كەتتى. پۇتى بىلەن مۇزلۇق يەرنى قاتتىق تېپىپ، بار ئاۋازى بىلەن:

— ساقچى! ... — دەپ ۋارقىرىدى قارچىغا كۆزلىرى بىلەن ئەتراپقا قاراپ. لېكىن بۇ ئەتراپتا ساقچى كۆرۈنمەيتتى. قاما تۇماقلىق ئادەم بىر پەس ئۆزىنى نەگە قويۇشنى بىلمەي كەتتى ۋە ئاخىر دۈۋەيلەپ كېلىپ، مەشرەپنىڭ بىلىكىدىن شاپپىدا تۇتۇۋالدى.

— ئاناڭنى ... يۈر ساقچىغا! ...

مەشرەپ بىرلا سىلكىنىپ، بىلىكىنى ئۇنىڭ ئالقىنىدىن چىقىرىۋالدى. دەل شۇ

پەيتتە خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەك. قاما تۇماقلىق ئادەم بىلەن مەشرەپنىڭ ئارىسىدا بىرەيلەن پەيدا بولدى.

— ۋۇي، ۋۇي، ئەستاغپۇرۇللا، جاڭ چۈجاڭكەنغۇ بۇ! — ئەمەت قەددىنى تىك تۇتۇپ، قىلچە ھودۇقماستىن چاشقان بۇرۇتقا قاراپ دېدى، — جاڭ چۈجاڭ، سىز مېنى تونۇمىدىڭىزمۇ؟ مەن ئەمەت، تام مەشچى، مانتيور ئەمەت، سەرگەردان رېمونتچى ئەمەتقۇ؟! ھېلىقى چاغدا ... بولدى ئۇ گەپنى قويايلى. ھېلىمۇ قولۇم كۆكسۈمدە، يەنە قانداق ئىشىڭىز بولسا، مېنى ھايت دەۋېتىڭ. لېكىن بۇ قالتىس ئۇقۇشۇلماسلىق بوپتۇ. قارىڭا بۇ ئاتا - بالىغا، ئۇستىباشلىرى نېمىدېگەن يېلىڭ، قانداق جۇلجۇل. ئالتە شەھەردىن، يىراق سەھرادىن كەلگەن تەلەيسىز بىچارە ئادەملەر ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇلاردىن بىر كىمگە يامانلىق كېلىدۇ دېسە، كىم ئىشىنەر؟ ھېچكىم! ساقچىغا ئاپىرىپ نېمە قىلىسىز ئۇلارنى. شۇ تاپتا، قىش - زىمىستاندا ساقچى ئالامدۇ، كامىر بىلەن جىگەممىنى بىكارغا بىرىشكە چىدامدۇ؟ ...

جاڭ چۈجاڭنىڭ تەرى تۇرۇلدى. ئەمەتنىڭ ئۇزۇن گېپىدىن زېرىكتىمۇ ياكى ھەرىدەك چېقىپ ئۇشقۇيتۇۋاتقان شۇدىرغاندىن بىزار بولدىمۇ قىسىق كۆزلىرى بىلەن مەشرەپكە بىر ئالىيۋېلىپ، خوتۇنىنى قولتۇقلىغىنىچە كەتتى.

ھاشىم تاغا جاڭ چۈجاڭنىڭ بەدبۇي، سېسىق تۈكرۈكىنى ھارسىنغان ھالدا بەلبېغىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتتى، ئۆزىچە غۇددىراپ نالىدى:

— تۇۋا، تۇۋا دېگۈلۈك - ھە! ... مەن ئۇنىڭ زۇۋانىنى بىلمەيمەن، شۇنداق بولغاندىكىن، نېمىدەپ كالدىرلىسىمۇ مەيلىغۇ. نېمىشقا يۈزۈمگە تۈكۈردى؟ چۈشەنمەيمەن، نېمىشقا؟ يېشى ئاتمىشتىن ھالقىغان ئاپئاق ساقاللىق بىر ئادەمنى، يەنە كېلىپ دىلى زەخمە يېگەن، يۈرىكى زەرداپقا تولغان، سورۇلۇپ تەپرىقچىلىق ئىچىدە قالغان، قولىدىن كېلىدىغىنى پەقەت مۇزغا يىقىلغان ئادەملەرنى يۆلەپ قويۇشلا بولغان غەمكىن مۇساپىرنى ... ئەجەب ئىش، مەن ئاخىر ئادەممەنغۇ، نېمىشقا يۈزۈمگە تۈكۈردى، نېمىشقا! ...

ئەتراپتا ئولىشىپ تۇرغان كىشىلەردىن بىرەيلەن ھاشىم تاغىغا تەسەللى بېرەتتى:

— خاپا بولماڭ تاغا، ھېلىمۇ ياخشى، ئوڭايلا قۇتۇلدىڭىز ئۇنىڭدىن. ئۇ دېگەن ئەمەلدار، يەنىسخەيدىن مايتاغىچە بولغان يەر يېغى زاۋۇتلىرىنى باشقۇرىدىغان ئادەم، قۇرۇلۇش نازارىتىدىكى جاڭ چۈجاڭ دەڭا. ئۇنىڭ ئۆيى ئەنە ئاۋۇ بۇلۇڭ كوچىدا. بۇ ئەتراپتىكى ساقچىلارنى ئۇنىڭ قولىغا ئۆگەنگەن ئىتتى دېسىمۇ بولىدۇ، سولىتىۋېتىشىمۇ سولىتىۋېتىدۇ. سىزنىڭ ياخشى نىيىتىڭىز بىلەن ئۇنىڭ نېمە كارى. ھېلىمۇ ياخشى، ئەمەت ئۇستا كەپقالدى، تونۇش چىقتى. رەھمەت دەڭ ئەمەت ئۇستىغا ...

ئەمەت يىگىرمە بەش، يىگىرمە ئالتە ياشلاردىكى بەستلىك، تەندۇرۇست، ئۇستىخانلىرى قاتقان ئادەم بولۇپ، ئۇستىدىكى ماي يۇقۇندىلىرى بىلىنىپ تۇرغان ئەلتېرە قولاقچا، كۆك كاجىدىن تىكىلگەن پاختىلىق شىرىما چاپان ۋە كالتە قونچىلىق چىگرىن ئۆتۈك ئۇنىڭغا ئۆزگىچە سىمن بېغىشلىغانىدى. ھىم قوشۇما قاش، ئىككى مەڭزى سەل-

www.uyghurkitap.com

پەل ئالدىغا بۆرتۈپ چىققان، ئۆتكۈر كۆزلۈك بۇ ئادەم هاشىم تاغىغا جىددىي سەپسېلىپ:

— يۇرۇڭلار، بۇ يەردە تۇرمايلى، دۆڭكۆۋرۈككە ... مەن سىلەرنى غىزالاندۇراي، قالغان گەپنى كېيىن قىلىشىۋالارمىز، — دېدى.

ئاتا - بالا بىر - بىرىگە قاراشتى.

2

دۆڭكۆۋرۈك — ئەزەلدىن ئۈرۈمچىدە قايناق بازار. بۇ يەردە نۇرغۇن كارۋان سارايلىرى، سەرراپ - مۇنچىلار، سەتىراشخانىلار، سودىگەر - تىجارەتچىلەرنىڭ ئەينەكلىك دۇكانلىرى، ئاشپۇزۇل، ناۋايخانا، قاسساپخانىلار، سامسا، ئۆپكە - ھېسىپ، كاۋاپچىلارنىڭ يايمىلىرى بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن. بىر چەتتە مەدىكار بازىرى بولۇپ، ئۇ يەردە ئىشلەمچى ياش يىگىتلەر، قېرى ھامماللار، تاقىچى، تۆمۈرچى، ئورمىچى، تامچى، ھاكچى، رېمونتچىلار خېرىدار كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. مەسچىت، قاۋاقخانا ۋە قىمار ئوينايدىغان تاۋكالارمۇ بار ئىدى. خوتەننىڭ رەڭدار زىلچا - گىلەملىرى، يەكەن، قاغىلىقنىڭ ياڭاق، پىستە - بادامىلىرى، قەشقەرنىڭ ئالتۇن - كۈمۈشتىن ئىشلەنگەن زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى، شايى - ئەتلەسلەر، ئاقسۇنىڭ پۇراقلىق ئېسىل گۈرۈچلىرى، كورلا نەشپۈتى، كۇچانىڭ ئىگەر - جابدۇقلىرى، تۇرپان - پىچاننىڭ قوغۇن - تاۋۇز، ئۈزۈملىرى، يېڭىسار پىچاقلىرى مۇشۇ يەردە بازار تاپاتتى ... كېچە - كۈندۈز ئادەم ئۈزۈلمەيتتى، تىجارەت توختىمايتتى ...

ئەمەت هاشىم تاغا بىلەن مەشرەپنى تونۇش ئاشپۇزۇلدا غىزالاندۇرغاندىن كېيىن، دۆڭكۆۋرۈكتە داڭقى بار، ئىشىك - دېرىزىلىرى يېشىل سىرلانغان ئەينەكلىك ساتىراشخانىغا باشلاپ كەلدى. ئىشىك ئالدىدا ئەمەت هاشىم تاغىغا:

— هوشۇربەگ ھەممەتلىك ئادەم، ئالتە شەھەرلىك نۇرغۇن يېتىمچى ياش باللارنى ئۇستا قىلىپ يېتىشتۈرگەن داڭلىق ساتىراش. مەشرەپكە بىرەر - يېرىم كىشىلىك ئورۇن چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. قارىغاندا، سىلىنىڭ مىجەزلىرى يوق كۆرۈنىدۇ، غىزاغىمۇ ئېغىز تەگمىدىلا. ساتىراشخانا ئىسسىق، بىر دەم مەشەدە ئارام ئېلىپ ئولتۇرۇپ تۇرسىلا، مەن بىر كىشىگە ۋەدە قىلغان، ئۇنىڭ تام ئېشى بۇزۇلغان، ناھايىتى ئىككى سائەتلىك ئىش. پۈتتۈرۈۋېتىپلا قايتىپ كېلىمەن... — دېدى.

هاشىم تاغا بىلەن مەشرەپ ئۆتۈكلىرىدىكى قارنى قېقىۋېتىپ، پاختىلىق مېلەڭزىنى قايرىپ ساتىراشخانىغا كىردى. لاپپىدا قىلىپ هاشىم تاغىنىڭ يۈزىگە يېقىملىق بىر ئىسسىق ئۇرۇلدى. ئۇ خېلىدىن بېرى مۇنداق راھەتبەخش ئىسسىق ئۆينى كۆرمىگەنىدى.

هاشىم تاغا ساتىراشخانىدا كىمگە سالام بېرەرىنى بىلمەي، تىكلىمە ئەينەكلەرگە، ئاق سىرلانغان يۆلەنچۈكى بار تۆمۈر ئورۇندۇقلارغا ۋە پۇتلىرىنى سوزۇپ يېرىم ئوڭدا يېتىپ ساقال - بۇرۇتىنى ئالدۇرۇۋاتقان خېرىدارلارغا ئەيمىنىپ قارىدى. خېرىدارلارنىڭ كۆپۈنچىسى كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەن، بېشىغان چاچ قويغان كىشىلەر ئىدى. هوشۇر بەگ دېگىنى قايسى بولغىيدى، دەپ ئويلىدى ئۇ ۋە:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ياخشى كىشىلەر، — دەپ ئۆيىمىچىگە كۆز يۈگۈرتتى، ئاندىن ئادەت بويىچە ئىشىك تۈۋىدىلا تىزلىنىپ دۇئاغا قول كۆتۈردى، — ئامىن...

ھاشىم تاغا ئۆزى بىلەن تەڭلا يەرگە تىزلانغان مەشرەپكە قاردۈېلىپ، ئىچىدە بىر نېمىلەرنى ئوقۇدى.

بۇلۇڭ ئورۇندۇقتىن تۇلۇمدەك سېمىز، قارا چوقۇر كەلگەن ھوشۇر بەگ قولىدىكى ئۇستۇرىنى تىكلىمە ئەينەكنىڭ قىرىغا قويدى، ئېرىنچەكلىك بىلەن ھاشىم تاغىنىڭ ئالدىغا كېلىۋېتىپ، تەكچىدىكى گېزىت قەغىزى ئارىسىدىن تۇغاچتەك قىزدىرىپ پىشقان بىر گىردىنى قولىغا ئالدى:

— قېنى، مانا بۇ ناننى ئالسىلا، — ھوشۇر بەگ گىردىنى ھاشىم تاغىغا تەڭلەپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ قىرىدا سەل يىرگىنىپ قارىدى، — ھە، شۇنداق بولسۇن، دۇئانى سوزمىسىلا، مېنىڭ بۇ دۇكىنىم، كۆرۈپ تۇرۇپىلىكى، تالاۋەتخانا ئەمەس. قېنى، ئىشىك بۇ تەرەپتە، جۈمە كۈنى جۈمە نامازدىن كېيىن، خالىسىلا يەنە كېلەرلا...

ھاشىم تاغا ھوشۇر بەگ تەڭلىگەن نانغا قاراپمۇ قويمىدى. كىرپىكلىرىدە قاتقان مۇز ئېرىپ ياشقا ئايلاندى:

— خاتا قىلىسىز، ئىنىم، — دېدى ھاشىم تاغا ئېغىر تىنىپ، — بىز دېھقان خەق ناننى تەر بەدىلىگە قارا تۇپراقتىن، گۈشنى ئوتلاقتىن، مېۋە ـ چېۋىنى دەل ـ دەرەختىن ئالىمىز. خۇداۋەندىكىرىم بىزگە يەرنى، ئوت ـ چۆپلۈكنى، دەل ـ دەرەخنى تەقسىم قىلغان. مۇشۇلارغا ئەجرى قىلىساڭ رىسقى ـ نېسىۋەڭ پۈتىدۇ، كۆپ ئەجرى قىلساڭ كۆپ ئالىسەن، ئەجرى قىلمىساڭ ئاچ قالىسەن، دېگەن. خەناخە بۇ نەرسە ئۆزىمىزنىڭ بىساتىدا بولمىسا، قول ـ ئىلكىدە بار باشقىلارنىڭ يېرىگە ئىشلىسەكمۇ بولۇۋېرىدۇ. ھار ئالمايمىز. لېكىننە بۇكەمگىچە بەندىسىگە قول سوزمىدۇق، تىلەمچىمۇ ئەمەس بىز...

ھاشىم تاغىنىڭ سۆزى ساتىراشخانىدىكىلەرگە تەسىر قىلدى، ھەممەيلەن بوينىنى بۇراپ ئۇنىڭغا قاراشتى. ھوشۇر بەگ نېمىدىنىدۇر قىسىلغاندەك، ئوڭايسىزلىنىپ ئىككى تەرەپكە قارىدى.

— ياقەي، مەن دەيمەنكى، ئەمىسە چاچ ـ ساقاللىرىنى ياساپ قويامتىم؟

— يوقسۇ، ھاجىتى يوق، — دېدى ھاشىم تاغا، — بىز بىر بالەن كىشىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ھوشۇر بەگنى ئىزدەپ كەلگەنتۇق. ئۇنى بۇغداي نېنى بولمىسىمۇ بۇغداي سۆزى بار، بېشىغا كۈن چۈشۈپ بوينى قىسىلغانلارغا يول كۆرسىتىدۇ، سايىۋەن بولىدۇ، دېگەنتى...

— ھە، ھە، مېنى ئىزدىگەن ئىكەنلا ـ دە، — دېدى ھوشۇر بەگ، — خوپ، قۇلىقىم سىلىدە.

ھاشىم تاغا كۆزىنى چوڭ ئاچتى، دىدارلىشىش نىيىتىدە ھوشۇر بەگكە ئالدىراپ ئىككى قولىنى تەڭلىدى. ھوشۇر بەگ ئۇنىڭ تاشتەك قېتىپ، كۆمۈردەك قارىيىپ كەتكەن قانسىز قوللىرىنى نائىلاج نېرى ـ بېرىلا تۇتۇپ قويدى:

— قېنى، گەپ، گەپىڭىز ئۆزىڭىزنىلا دېسىلە. كۆرۈپ تۇرۇپىلىكى چۆچەك ئاڭلاشقا ۋاقىت يوق...

uyghurkitap.com



— ئۇبدان، ئۇبدان، — دېدى ھاشىم تاغا، — مەن گەپىڭنىڭ پوسكاللىسىنىلا دەي. قازارا مەن ئۆلۈپ تارتىپ قالسام، مۇنۇ بالام كوچىدا قالمىسۇن، يامان كېچىككە كىرىپ قالمىسكەن دەپ ئەنسىرەيمەن. «ئۇستىنا كۆرمىگەن شاگىرت ھەر مۇقامدا يورغىلاپتۇ» دېگەن گەپ بار، شۇ ۋەجىدىن ئۆزلىرىگە شاگىرت...

ھوشۇر بەگ مانا، يەنە بىرسى ئۆز ئايىغى بىلەن مېڭىپ كەپتۇ، دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ چىرايى ئېچىلدى:

— ھىم مۇنداق گەپ دېسىلە، — ھوشۇر بەگ مەشرەپنىڭ ئالدى - ئارقىسىغا ئۆتۈپ سىنچى كۆزلىرى بىلەن ئۇنى تەكشۈردى. بىلەك - ئالقانلىرىنى تۇتۇپ كۆردى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئات - قېچىر بېدىكلىرىنىڭ مال بازىرىدىكى ھەرىكىتىگە ئوخشاپ كەتتى، — ھىم، بالىغۇ يامان ئەمەسكەن، ئىشتىيىمۇ خېلى بارەك قىلىدۇ، نان قېپى چىقىپ قالماس؟

— يوقسۇ، — دېدى ھاشىم تاغا، — پېشانىسىگە پۈتۈلگىنى ھالاللىق، ئىنساپتىن باشقىنى بىلمەيدۇ. ئىشقىلىپ، بىز تەقدىرنىڭ قولى، ئۆزى قانائەتچان...

— بولدى، گەپنى سوزمىسىلا، قولىقى يۇمشاقمۇ ئۆزى، ئېتى نېمىدى؟

— قولىقى يۇمشاق، يۇمشاق بولمامدىغان، ئېتى مەشرەپ...

— نېمە دەيمىز ئەمدى... - ھوشۇر بەگ ئارىسالدى-راق بولۇپ دېدى، — ئۆزدىغۇ پاكىز ئوغۇلكەن. «پۇت - قولى يېنىڭ بولسا نېنىنى يەر، بولمىسا بېشىنى» دېيىشىدۇ، مەنغۇ قولى ئوچۇق ئادەم. لېكىنزە، ئۈچ يىلغىچە ھەق بەرمىدۇق دېگەندىمۇ، قورسىقىنى باقىدىغان گەپتە...

— ئۇستام، ئېلىپ قالسىلىرا ئۇنى، — ماشىنىدا چاش ئېلىۋاتقان 20 ياشلاردىكى ئاق خالاتلىق دىقماقىنا بىر يىگىت گەپكە لوقما سالدى، — بېشىغا كۈن چۈشكەن بالىكەنغۇ، بىچارە. مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈم ھۈنەر ئۆگىتەي... مەشرەپ، بۇ يەرگە كەل، ئاداش، مېنىڭ ئېتىم مەھەممەتجان...

ھوشۇر بەگ مەھەممەتجانغا كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ بىر قارىۋېلىپ، ھاشىم تاغىغا قادالدى:

— خوپ، ئۆزلىرى بۈگۈنلا كېتەملا؟ خوش ئەممىسە دەيمۇ؟...

ھاشىم تاغا بوغۇلۇپ - بوغۇلۇپ يۆتىلىپ كەتتى، نەپىسى قىسىلىپ، تىنىقى يېتىشمەي قەغەزدەك تاتىرىپ كەتتى:

— ئاھ خۇدايىم، ئاشۇ دادىخا، ھېلىقى دۇبەن ھەزرەتلىرى ھالىمىزغا يەتكەن بولسا، بۇ بالا بۇ يەردە بويۇن قىسىپ قالماس ئىدى. ئەمدى ئاشۇ بىر چىشلەم يەرمۇ، ئۆيمۇ ھەممىسى تۈگىدى...

دۇبەن دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ، ھوشۇر بەگنىڭ كۆزى چەكچەيدى:

— نېمە؟ دۇبەن دەمدىلا، قايسى دۇبەن؟...

— قايسى دۇبەن ئىكەنلىكىنى مەن نېمە بىلەي، ئىشقىلىپ، شىڭ دۇبەن دېيىشتى. دۇبەن بىزگە ئىلتىپات قىلمىدى، ھەممە ئارمانلىرىمىز توزغاقتەك توزۇپ كەتتى...

ھوشۇر بەگ بىرنېمىدىن چۆچۈگەندەك، ئالاقىزادە بولۇپ ئەتراپقا قارىدى:

— بۇ نېمە پېشكەللىك، ئەستاغپۇرۇللا، بۇ ئادەم نېمە دەيدىغاندۇ، يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ، دۇبەن جەن جۇشى جانابلىرىنىڭ مۇبارەك ناملىرىنى تىلغا ئېلىۋاتىدا ھېيىقمايلا. ماڭا ئىلتىپات قىلمىدى دېگىنى نېمىسى! بولدى، ئاغرىمىغان بېشىمغا ئالتە تاياق. ماڭا شاگىرت - پاگىرت ھاجەت ئەمەس، دۈكىنىمدا دۇبەن جانابلىرىنىڭ گېپىنى قىلغىنى يوق ۋە مەنمۇ ئۇنداق سۆزنى ئاڭلىمىدىم. قېنى، كەشلىرىنى توغرىلىسىلا، دەرھال، ئەنە ئىشىك بۇ تەرەپتە...

مەھەممەتجان ئارىغا چۈشتى:

— ئۇستام، ئۇنداق قىلمىسىلا، نېمە بولىدۇ، مەنمۇ تىكەندەك يالغۇز يېتىمچى، ماڭا ئىنى بولسۇن، سىلىگە ئۇنىڭ ئېغىرچىلىقى چۈشمەيدۇ.

— ياق!... — ھوشۇر بەگ تەرسالىق بىلەن قولىنى شىلتىدى، — بۇ ئادەم دۇبەنگە...

كۈتۈلمىگەندە ھاشىم تاغا سۇنايلىنىپ يەرگە يىقىلدى، بېشى ئىشىك ياغىچىغا ئۇرۇلدى، كۆزىنىڭ قارىقى تارتىلىپ، ئاغزىدىن دەسلەپ ساقال - بۇرۇتلىرىنى بوياپ قارا كۆپۈك، ئارقىدىن مونەك - مونەك قارا قان كەلدى.

ساتىراشخانا ئۆرە - تۆپە بولۇپ كەتتى. مەشرەپ «دادا!» دەپ ۋارقىراپ ھاشىم تاغىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئاتتى، مەھەممەتجان ئۇنىڭ بېشىنى كۆتۈردى. ساتىراشخانىدا نۆۋەت كۈتۈپ ئولتۇرغان خېرىدارلارنىڭ كۆپچىلىكى ئوپۇر - توپۇر بولۇشۇپ، ھاشىم تاغىنىڭ يېنىغا كېلىشتى

ھېلىلا چاچ - ساقىلىنى ئالدۇرۇپ بولغان ئوتتۇرا ياشلاردىكى بىر كىشى گالستۇكىنى تۈزەپ، دىراپ پەلتۇسىنى كىيىپ، بويىنىغا قېلىن يۇڭ شارپىنى ئوراپ تۇرۇپ، سالماق قەدەم بىلەن كىشىلەر ئارىسىغا قىستىلىپ كىردى. كىشىلەر ئۇنىڭغا يول بېرىشتى، كىمدۇر ئۇنىڭغا قاراپ دېدى:

— قارىسىلا، راشىدىن ئەپەندىم، بوۋايغا يامان بولدى، ھەدەپ قان ياندۇرۇۋاتىدۇ.

— شۇنداق، يامان بوپتۇ، — دېدى راشىدىن ئەپەندى، — بولۇڭلار، ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرايلى، تۇرماڭلار. گەپ - سۆزى ئورۇنلۇق، ئوڭلۇق ئادەم ئىكەن، ئۆزىگە ئىشەنچى، دىدىللىقى ماڭا خويما ياقاتتى. ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟

شۇ چاغدا ئىشىكتە ئەمەت كۆرۈندى. ئەھۋالنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ كەتتى. راشىدىن ئەپەندىگە كۆزى چۈشۈپ:

— راشىدىن ئەپەندىم، بۇ بىچارىلەرنى ساتىراشخانىغا مەن باشلاپ كەلگەن، بىر ئوبدانلا ئىدى، — دېدى.

— بولدى، ئۇ گەپنى قويغىن، ئەمەت، — دېدى راشىدىن ئەپەندى ۋە يانچۇقىدىن بىر تۇتام قەغەز پۇلنى ئېلىپ ئەمەتنىڭ تۆش يانچۇقىغا سالدى، — ئىتتىك دوختۇرخانىغا ئاپىرايلى، دوختۇر قۇتقۇزۇپ قالسا، مەشرەپنىڭ تەلىيى، قېنى، سىلەر مېڭىڭلار. مەنمۇ كەينىڭلاردىن ھازىرلا يېتىپ بارىمەن.

ئەمەت ھاشىم تاغىنى ئاۋايلاپ ھاپاش قىلدى.

مەشرەپ بىلەن مەھەممەتجان راشىدىن ئەپەندىگە ھۆرمەت ۋە مىننەتدارلىق بىلەن قارىدى.

3

قۇياش پارقىراپ، قار - مۇزلار ئېرىپ تۈگىدى. ئۈرۈمچىنىڭ پاتقاقچىلىق كوچىلىرى ئاخىرلاشتى. لېكىن، ھاشىم تاغىنىڭ ۋاپاتى مەشرەپنىڭ بېشىنى ئېگىپ، چىرايىنى سارغايتتى. ئۇ بۇرۇنقىدەكلا كەمسۆز ئىدى. ھاشىم تاغىنىڭ جەسىتى مۇساپىرلار قەبرىستانلىقىدا دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن، ئەمەت مەشرەپنى ئۆزىنىڭ 6 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان كومىلاچ تاملىق ئىجارە كەپىسىگە ئېلىپ كەتتى. مەشرەپ بۇ كەپىدە كېچىسى ئەمەتكە ھەمراھ بولۇپ يېتىپ، كۈندۈزى بىر ھەپتىگىچە دادىسىنىڭ قەبرىسىنى پىرقىراپ، يىغلاپ - قاقشاپ يۈردى. كېيىن ئەمەتنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سېلىپ، ھوشۇر بەگنىڭ ساتىراشخانىسىغا كېلىپ ئۇرۇنلاشتى. ئەلۋەتتە، بۇ ئىشقا راشىدىن ئەپەندى كۆڭۈل بۆلگەن، ئارىلاشقانىدى.

ھوشۇر بەگنىڭ ساتىراشخانىسى ئىلگىرىكىدەكلا ئاۋات، خېرىدارلىرى كۆپ ئىدى. مەھەممەتجاننىڭ مېھرىبانلىقى ۋە يار - يۆلەكتە بولۇشى ئارقىسىدا مەشرەپ بۇ يەرگە ئاستا - ئاستا كۆنۈپ قالدى.

بىر كۈنى مەشرەپ مەھەممەتجان بىلەن مۇنچىدىكى ھۇجرىسىغا كېتىۋېتىپ سورىدى:

— بۇ ھوشۇر بەگ بىر قىسىملىغۇ، ئاداش؟

— بىر قىسىملا ئەمەس، ئۆتۈپ كەتكەن مۇتىھەم دېگىنە، — دېدى مەھەممەتجان، — بۇ ئادەمنىڭ داڭقى بارلىقى راست، ھۈنەر دېسەڭ گۈل كەلتۈرۈۋېتىدۇ، ئۇنىڭغا قول قويمايدىغان ساتىراش يوق. ئاڭلىشىمچە، شىڭ دۇبەن جانابلىرى تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئىككى - ئۈچ يىلغىچە ئۇنىڭغا چاش ئالدۇرغانىكەن، كېيىن، ئۇستىرا بىلەن كاللامنى ئېلىۋەتمىسۇن دەپ قورقتىمىكىن، ئۇنى دۇبەن يامۇلىغا كىرگۈزمەيدىغان بوپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇستامىنىڭ ھۈنىرىنى دەپ بۇ يەرگە ھەر - ھەر ئەمەلدارلار، جاھانكەشتى ئەپەندىلەر، سوۋېت، ئېنگلىز كونسۇللىرىنىڭ خىزمەتچىلىرى كېلىپ تۇرىدۇ. گەپ ھۈنەردە.

— ئەمىسە مەن ئىككى ئاينىڭزى ئۇنىڭ قولىغا ئۇستىرا ئالغىنىنى كۆرمىدىمغۇ؟

— نەدىكى گەپنى دەيسەنكەن ئاداش، — دېدى مەھەممەتجان بارغانچە قىزىشىپ، — مەن ساڭادەپ بەرسەم، ھوشۇر بەگنىڭ شۇ تاپتا 4 يەردە دۇكىنى، بىر يەردە مۇنچىسى بار. سەندەك، مەندەك ئوتتۇزچە يېتىمچى ئۇنىڭغا نىمكارچىلىق قىلىدۇ. ئۇ ئۆزى چاچ ئالسا، دۇكانلىرىنىكىم باشقۇرىدۇ؟ ساتىراشخانىغا راشىدىن ئەپەندىمدەك كاتتا ئەربابلار كېلىپ قالسىلا، ئۇ قولىغا ھەرگىز ئۇستۇرا ئالمايدۇ. ئىلگىرى ئۇنى «ھوشۇر ساتىراش» دېيىشەتتى،كېيىن «ھوشۇر بەگ» بولدى. گەپ نېمىدە؟ گەپ تۆت دۇكان، بىرمۇنچىدا...

— ئەمىسە سەن ئۇنى مۇتىھەم دېدىڭغۇ؟ — مەشرەپ بىر ئاز ئەجەبلىنىپ مەھەممەتجانغا قارىدى.

— مۇتىھەم، ئەلۋەتتە مۇتىھەم! — مەھەممەتجان يول ئۇستىدىكى ناۋايخانىدىن تۆت

گېردىنى سېتىۋېلىپ ياغلىقىغا تۈگكەچ داۋام قىلدى، — بىلسەڭ، ئۇنىڭغا قەرزگە بوغۇل-
مىغان بىرمۇ ئىمكار يوق. ھەممىسىنىڭ بوينىغا سىرتماق سېلىنغلىق. مەن ئۆزۈمنى
ئېيتسام، بۇ دۇكاندا بەش يىلغىچە بىكارغا ئىشلىدىم، زېھنىم جايىدا، قولۇم ئەپچىل
بولغاچقا، ساتىراشلىقنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىنى، يېڭى پوسۇندا چاچ ئېلىشنى بىر يىلدا
ئۆگىنىۋالغانمەن. خېرىدارلارنىڭ تولىسى ئىشىكتىن كىرىپلا كۆزى بىلەن مېنى ئاختۇ-
رىدىغان بولۇشتى، ھوشۇر بەگنىڭ ئۆزىمۇ ماڭا قايىل. دۇكانغا ئىززەت - ئىكرامىلىق
كىشىلەر كىرىپ قالسىلا، مېنى كۆرسىتىپ: «قېنى، جاناب، ئولتۇرۇندۇققا... «بۇرۇن چىق-
قان قۇلاقتىن، كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئېشىپ كەتتى». ھە، مەھەممەتجان، شاپىپىدا، بۇ
ئاكىمىزنى رازى قىلىۋېتىڭ» دەيدىغان بولدى، بىراق. بەش يىلغىچە قولۇم بىر تىيىنمۇ
پۇل كۆرمىدى. دەردىمنى ئىچىمدە بىلىپ يۈرۈۋەردىم. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە
راشىدىن ئەپەندىم مېنىڭ ئورۇندۇقۇمدا چاچ - ساقىلىنى ياسىتىۋېتىپ، ھال - ئەھۋالىمى-
نى سوراپ قالدى. دۇكاندا ئۇستام بولمىغاچقا، ئاغرىدەك يېرىلىپ، ھەممە گەپنى
دەپ قورسىقىمنى بوشىتىۋالدىم. «بولماپتۇ، بۇ ئادەم بوزەك قىلىنغانلىق، — دېدى راشىدىن
ئەپەندىم، — ھوشۇر بەگنى خېلى ھىممەتلىك، يېتىمچىلەرنىڭ باش - كۆزىنى سىيلايدىغان
ئادەم دەپ ئاڭلىۋېدىم. ئۇمۇ بىر ھارامزادە ئوخشىمامدۇ؟ ھەر قانچە بولسىمۇ، بەش
يىل ئىشلىگەن ئىمكارغا ئاز - تولا ھەق بېرىش كېرەكتە...» بۇ گەپنى ئاڭلاپ ماڭا
جان كىردى. «ئەمدى مەن ئۇستامدىن ھەق تەلەپ قىلىمەن» دېدىم. «تەلەپ قىل،
قورقما، — دېدى راشىدىن ئەپەندىم ماڭا مەددەت بېرىپ، — بۇ جەمئىيەتنىڭ پىسخىكىسى
شۇ، ئىشلىگەننى ئىشلىتىۋېرىدىغان گەپ. ھەق گەپنى دېيەلمىسەڭ، ئاز - تولا قارشىلىق
كۆرسىتىشكە جۇرئەت قىلمىساڭ، كۆزى پارقىراپ تۇرغان مەخلۇققا، پايتىمىغا، ئاخىر
بېرىپ قولىغا ئايلىنىپ قالىسەن. ئوغۇل بالا دېگەن جاسارەتلىك، ئىرادىلىك بولۇشى
كېرەك...» ئىككى كۈندىن كېيىن مەن ھوشۇر بەگكە ئىمكارلارنىڭ ئالدىدىلا: «ئۇس-
تام، بىھۆرمەتلىك قىلىپ تاكاللاشقىنىم ئۈچۈن كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا. مەن ئەمدى
بۇ دۇكاندا ئىشلىمەيمەن، پۇل بېرىدىغان يەردە ئىشلەيمەن» دېدىم. «نېمىشقا؟» ھوشۇر
بەگ سورىدى. «نېمىشقىلىقىنى ئۆزلىرى ئوبدان بىلىلا، — دېدىم مەن، — ھۈنەر ئۆگىتىپ
قويغانلىرىغا رەھمەت، بۇنى ئۇنتۇمايمەن. بۇنىڭ بەدىلىگە مەن نەق بەش يىل ھەق-
سىز ئىشلىدىم. ھەققىياتلىرى تۈگىگەندۇ، ئەمدى مەن پۇل بېرىدىغان يەردە ئىشلەي-
مەن...» بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ھوشۇر بەگنىڭ ئەۋرايى ئۇچتى، ھازىرلا ئاپىرىپ سولىتى-
ۋېتىدىغاندەك، ھەيۋە قىلىپ سەكرەپ كەتتى، ھۈنەر ئۆگەتكەنلىكىنى، بەش يىل ئاش-
نان، كىيىم بەرگەنلىكىنى پەش قىلىپ چالۋاقىدى، ئۇستىنى رازى قىلمىغان شاگىرت
قورايدەك قۇرۇپ كېتىدۇ، دەپ قورقۇتتى. لېكىن، ئۇنىڭ مەندىن ئاسانلىقچە ئايرىلالى-
مايدىغانلىقىنى بىلىۋالدىم، شۇ كۈنى كەچتە دۇكاندا مېنى يالغۇز ئەپقېلىپ: «بوپتۇ،
بۇنىڭدىن كېيىن جېدەل چىقارغۇچى بولما، تاپقان پۇلۇڭنى ئايرىم غەللىگە سال، ئۇنىڭدىن
ئۈچ ئۈلۈشىنى قولۇڭغا بېرىمەن، باشقىلارغىمۇ تىنما» دېدى. ئىرىكچىلىكنىڭ يولى
مۇشۇنداق ئوخشايدۇ، مانا بىرەر يىلغىچە بولدى، قولۇم پۇل كۆردى، ئۆزۈممۇ خېلى

پىتلىنىپ قالدىم، ئاداش.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، مەشرەپ ئويلىنىپ قالدى. ئۇنىڭغا راشىدىن ئەپەندىنىڭ گېپى تەسىر قىلغانىدى:

— قارىغاندا، راشىدىن ئەپەندىم قالتىس ئادەمكەن. جۇمۇ!...

— قالتىس بولىماي! — دېدى مەھەممەتجان يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ، — شۇنىڭدىن كېيىن راشىدىن ئەپەندىم بىلەن يېقىن ئاكا-ئۇكىمدەك بولۇپ كەتتۇق. ئۇ كىشىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن باشقا نىمكارلارنىڭمۇ قۇلىقىغا پىچىرلاپ يۈرۈپ، «ھەق بەرمىسەڭ ئىشلىمەيمىز» دېگۈزدۇم. ئۇلارنىڭ قولىمۇ ئاز-تولىدىن پۇل كۆرىدىغان بولدى.

— راشىدىن ئەپەندىم نېمىش قىلىدۇ؟ — مەشرەپ ئەجەبلىنىپ سورىدى.

— نېمىش قىلىدۇ، دەمسىنا؟ — مەھەممەتجان قوشۇمىسىنى تۈرۈپ بىر پەس ئويلىنىپ قالدى، كۆڭلىدە سەتىراشخانىغا چاچ-ساقال ئالدۇرغىلى كىرگەن ئەپەندىلەرنىڭ راشىدىن ئەپەندى ھەققىدە دېيىشكەن گەپلىرىنى ئەسلىدى. ئۇلار نېمىشقىدۇر ئۇنى «جاھان كەشتى ئەپەندى»، «راشىدىن ئوروس» دەپ چاقچاقلىشاتتى. مەھەممەتجان داۋام قىلدى، — راشىدىن ئەپەندىنى سەن بوش چاغلىما، ئۇ دېگەن ئۆلىما، خەنزۇ، ئوروس، پارس، ئوردۇ تىللىرىنى بىلىدىغان كاتتا تىلماچ دېگىنە. بۇ گەپنىڭ بىزەمۇ يالغىنى يوق. ئەپەندىلەرنىڭ دېيىشىچە، راشىدىن ئەپەندىم تۇرپان ئاستانىدا تۇغۇلغان، شۇ تاغدا ئوقۇغانىكەن. كېيىن چوڭچىنىگە بېرىپ ئىلىم ئۆگىنىپتۇ، ھىندىستان، پاكىستانلارغا بېرىپ، پارس، ئوردۇ تىللىرىدىن ساۋاق ئاپتۇ. كېيىن بىر جاھان كەشتى سودىگەرگە يالىنىپ، تاغۇ دەشتلەرنى كېزىپ، ئافغانىستان ئارقىلىق رۇسىيىگە چىقىپتۇ. تاشكەنت، قازان، مەسكاۋ دېگەن شەھەرلەرگە بېرىپ، ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئوروس تىلىدا كامالەتكە يەتكەن، ئىشقىلىپ، بارمىغان يېرى، بىلمىگەن ئىلىم-بىلىمى قالمىغان. سەن بۇ ئادەم بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولساڭ، ئايھاي...خۇددى ئىچ-قارنىڭغا چىراغ يېقىلغاندەك، قۇلاق ئاڭلىمىغان جىق يېڭى گەپلەرنى ئاڭلاپ، كۆڭلۈڭ يورۇپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سايىدەك ئەگىشىپلا يۈرگۈڭ كېلىدۇ. بەزى ئەپەندىلەر ئۇنى ھۆكۈمەت ئۇنچىۋالا ياخشى كۆرۈپ كەتمەيدۇ، دېيىشىدۇ. بۇ گەپ راستىمكىن، بىلمەيمەن. بىرچاغلاردا دۇبەن جانابلىرى ئۇنى ئۆزىگە تىلماچ قىلىۋالغانىكەن، كېيىن قۇرۇلۇش نازارىتىگە يۆتكىۋېتىپتۇ. ھازىر شۇ يەردە ئىشلەيدۇ. ئۆزى مېھرىبان، سۆلەتلىك ئادەم. يېتىمچىلارنىڭ قاياشى دېسەكمۇ بولىدۇ. مەن ئېمىلىكىم بولمىسۇن، سېنى راشىدىن ئەپەندىمگە تونۇشتۇرۇپ قويىمەن، شۇ چاغدا ئۆزۈڭمۇ بىلىپ قالىسەن، ئاداش...

مەشرەپ سۆيۈنگەن ھالدا ئىختىيارسىز مەھەممەتجاننىڭ قولىنى تۇتتى:

— شۇنداق قىل، ئاداش. مەن راشىدىن ئەپەندىمنى ياقتۇرۇپ قالدىم.

— بۇ دېگىنىڭ دۇرۇس، مەشرەپ، — دېدى مەھەممەتجان رازىمەنلىك بىلەن، — خاتا قىلمايسەن، ئۇنى خېلى جىق يېتىمچىلار ياقتۇرىدۇ، مەنمۇ ئۇنى بىر تۇغقان ئاكامدەك كۆرىمەن.

ئۇلار شۇ تەرىقىدە مۇڭدىشىپ، كونا مۇنچىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى تاملىرىدىن زەي پۇراپ تۇرغان، تار، قاراڭغۇ ھۇجرا ئالدىغا كېلىپ توختاشتى...

ياز تۈگەپ كۈز كەلدى. جۇدۇنلۇق يامغۇر ئۈرۈمچى ئاسمىنىنى قاپلىۋالدى،
ھەممە يەر پاتقاقچىلىق ئىدى. «بۇرۇتلۇق مارشال تۈگەشتى»، «نېمىسلار لېنىنگرادنى
ئىشغال قىپتۇ»، «ياپونلار ساخالىن ئارىلىغا چىقىپتۇدەك»، «جاڭ جيېشى شېڭ شىسەيگە
8-ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانلىقىنى ئىنئام قىلغانمىش»، «شىنجاڭغا گومىن-
داڭ قايتىدىن كېلىپ، بىرقە ھۆكۈمىتى قۇرارمىش» دېگەن مىش-مىش گەپلەر
تارقىلىپ كەتتى. سۇڭ مېيلىڭنىڭ جاڭ جيېشىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئۈرۈمچىدە پەيدا
بولۇشى بىلەن، ئۈرۈمچى بىردىنىلا ۋەھىمىلىك-سۈرلۈك تۈسكە كىردى. «ماركسىزم»،
«كوممۇنىزم»، «كوممۇنىستىك پارتىيە» دېگەن سۆزلەرنى تىلغا ئېلىشتىن كىشىلەر
ئەيمىنىدىغان بولۇپ قېلىشتى. يوشۇرۇن ئاختۇرۇش، تۇيۇقسىز تۇتقۇن قىلىش ئۈرۈم-
چىدە ئاشكارا ئىش بولۇپ قالدى.

ھوشۇر بەگنىڭ تۇتقۇن قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ مال-مۈلۈكلىرىنىڭ بىراقلا مۇسا-
دىرە قىلىنىشى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان سىر بولۇپ قالدى.
بەزىلەر: «ساتىراشخانىدا دۇبەنگە قارشى پىتنە-پاساتلار بولغانمىش». دېسە، بەزىلەر،
«ھوشۇر بەگ ئىچكىرىدىن كەلگەن بىر سودىگەرنىڭ ئەپيۇن سودىسىغا چېتىلىپ
قالغانمىش» دېيىشەتتى.

ساتىراشخانا پېچەتلەنگەنلىكتىن، مەھەممەتجان بىلەن مەشرەپ كوچىدىلا قېپ-
قالدى. مەھەممەتجان ئۆزىنىڭ بىر قوللۇق ئۇستىرا، چاچ ئېلىش ماشىنىسى، كاپلىت-
غوچ ۋە بىلەيلىرىنى كۆتۈرۈپ كوچا-كويلاردا ساتىراشلىق قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن
بولسىمۇ، ئورۇندۇقى، دۇكىنى بولمىغاچقا، ئىشى تازا يۈرۈشمىدى، ھەم يانلىرىدىكى
پۇللىرى تۈگەپ، كوچا دوقمۇشلىرىدا تەمتىرەپ يۈرۈشتى.

بىر كۈنى ئۇلار نەنگۈەن يولىدىكى ئاق مەسچىت ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا،
كەينىدىن كېلىپ بىر قول مەھەممەتجاننىڭ مۈرىسىدىن تۇتتى. بۇ ئەمەت ئىدى.
ئەمەت بىلەن ئۇلارنىڭ يۈز كۆرۈشمىگىنىگە خېلى كۈنلەر بولۇپ قالغانىدى:

— نەگە يوقالدىڭلار، يىگىتلەر؟ — دېدى ئەمەت مەھەممەتجان بىلەن مەشرەپكە
قاراپ، — تونۇگۈندىن بېرى سىلەرنى ئىزدەپ بارمىغان يېرىم قالمىدى.

— بىرەر ئىش چىقىپ قالمىغاندۇ؟ — مەھەممەتجان سورىدى.

— ھازىرچە، ھايات يۈرۈپتىمىز.

— ھوشۇر بەگ ئۇستامنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ دەپ ئاڭلىدۇق، بۇ گەپ راستمۇ؟

— بولدى بۇ گەپنى قويۇڭلار، — ئەمەت ئەتراپقا قاراپ قويۇپ دېدى، — جۈرۈڭ-
لار، مەن سىلەرنى بىريەرگە باشلاپ باراي.

— راستىن ئەپەندىنىڭ ئۆيىگىمۇ؟ — ئۇنى خېلىدىن بېرى ياد ئېتىپ يۈرگەچكە،
بۇ گەپ مەھەممەتجان بىلەن مەشرەپنىڭ ئاغزىدىن تەڭلا چىقتى.

ئەمەت بۇ سوئالغا نېمىشقىدۇر ئېنىق بىر نېمە دېمىدى:

— قېنى جۈرۈڭلار، بارغاندا بىلىسىلەر...

ئۇلار دۆڭكۆۋرۈك بازىرىدىن ئۆتۈپ، خاڭچىلىك يولىغا بۇرۇلدى. خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن، بىر تار كوچىدىن ئۆتۈپ، ئىشىك-قاپقىلىرى كۆك سىر بىلەن سىرلانغان ھويلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئىشىكنى 13-14 ياشلاردىكى ئوماق-قىنە بىر قىز بالا چىقىپ ئاچتى:

— ۋاي، بۇ ئەمەت ئاكامكەنغۇ. ئۆيگە كىرىڭلار، دادام ئۆيدە بار، — دېدى قىز.


— ئۆيدە مېھمان يوقتۇ، سىڭلىم؟..

— مېھمانمۇ... — قىز سەل ئىككىلىنىپ، كۈنگەي تەرەپتىكى قوش دېرىزىلىك مېھمانخانىغا قارىۋالدى، — مېھمان بارلىقى بار، مەيلى ئەمەسمۇ!...

ئەمەت ئىككىلىنىپ قالدى. شۇ چاغدا مېھمانخانىنىڭ دەھلىزىدىن راشىدىن ئەپەندى چىقىپ كەلدى:

— ھە، ئەمەتمۇسەن، قانداق يىگىتلەر، ياخشىمۇسىلەر؟ — راشىدىن ئەپەندى بىرئاز ئەيمىنىپ تۇرۇشقان مەھەممەتجان ۋە مەشرەپ بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، — قېنى، ئۆيگە، ئۆيگە كىرىڭلار. مەن تۈنۈگۈندىن بۇيان سىلەرنىڭ يولۇڭ-لارغا قارىدىم...

ئۇلار پۇتلىرىنى ئىشىك ئالدىدىكى يۇڭ پالاسقا سۈرتۈپ، تارتىنغان ھالدا، ئاستى قىزىل سىر بىلەن سىرلانغان تاختايلىق ئۆيگە كىرىشتى. مېھمانخانا ئازادە، يورۇق ئىدى. يەرگە گۈللۈك گىلەم سېلىنغان، چۆرىسىگە ئورۇندۇقلار قويۇلغان، جوزا ئۈستىدە يېڭىلا قورۇلغان ھەر خىل قورۇملار، سېرىق ماي، پېچىنە-پىرەنىك، قەن-گېزەكلەر ۋە ئىككى بوتۇلكا ئېسىل ھاراق تىكلەكلىك ئىدى. جوزا ئەتراپىدا



قىزغىن پاراڭ سېلىشىپ، ئوتتۇرا بويلۇق، پاگونلۇق بىر ھەربىي، جۇغى كىچىك، بۇرنى يوغان، تاجىك چىراي بىر ئەرباب ۋە قەددى - قامىتى كېلىشكەن، كۆزلىرى ئۆتكۈر، سۇت رەڭ سارجىدىن تولستوپكا كىيگەن ياشقىنا بىر كىشى ئولتۇراتتى.

ئەمەتلەر ئۇلارنى كۆرۈپ، ھودۇقۇپ قېلىشتى. قائىدە بويىچە سالام بېرىشنىمۇ ئۇنتۇدى. بۇ ھالەتنى كۆرۈپ، بايىقى ئۆتكۈر كۆزلۈك ياش كىشى قىزغىن بىر ھېسسىيات بىلەن:

ئۆلۈكلەر قەبرىسىن ئاچساڭ بىر كىم، تۇگەر شاھلار بىلەن قۇللارنىڭ پەرقى،
كۆرەلمەس باي - گادايلىقتىن ئالامەت. كەلسە بىر كۈن ئۇلارغا تەقدىرى قىسمەت.

دەپ نەزمە ئوقۇدى، ئاندىن ئەمەتكە قاراپ:

— «ئۇلپەتىنىڭ شەرتى كۆلپەتنى تەڭ تارتىش»، ئاڭلىساق ئۇچمىلىگلار جەبرە - جاپا ئىچىدە يورۇقلۇق ئىزدەپ يۈرگەن باللار ئىكەنسىلەر. نېمىشقا بىزنى ئۆزۈڭلارغا يات كۆرىسىلەر؟ — دېدى. ئاندىن:

دەرۋىشنىڭ ئايىغى كۆكتە بولاتتى، ئەگەر ئەزىز پەرىشتە بولاتتى ۋەزىر،
ئۇممىدى يوق بولسا، راھەت - جاپادىن. شاھىدىن قورققاندەك قورقسا خۇدادىن.

دەپ يېنىدىكى پاگونلۇق ھەربىي كىشىگە قاراپ قويدى. ھەممەيلەن كۈلۈشتى، ئوتتۇرىدىن ياتسىراش كۆتۈرۈلدى. ئەمەت جانلىنىپ، شائىرغا تەلپۈندى:

— ئەپەندىم، ئىچىڭىز بىر بۇلاقكەن - دە!

— نەدىكى بۇلاق! — دېدى شائىر، — بۇ دېگەن مىڭ يىللار ئىلگىرىكى تەپەككۈر يۇلتۇزلىرىدىن چېچىلغان جەۋھەر. فىردەۋسى، ئەخمەت يەسەۋى، ئۆمەر ھەييام، شەيخ سەئدى، جامى، سەككاكى، لۇتپى دېگەنلەرنى ئاڭلىغانمۇ؟ ئاڭلىمىغان، ئۇلارنى ئوقۇمىغان بولساڭ، كۆڭلۈڭ قاراڭغۇ دېگەن سۆز. بىھوش دىلنى تەپەككۈر جەۋھەرلىرىدىن چېچىلغان شىپالىق نۇرلار بىلەن يۇيۇش كېرەك، شۇ چاغدا، ئالەم ئالقىنىڭدا بولىدۇ...

ئەمەت، مەھەممەتجان، مەشرەپلەر بىر - بىرىگە قارىشىپ، مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلۈمسىرەشتى. راشىدىن ئەپەندى ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى:

— قېنى، تونۇشۇڭلار، ماۋۇ ئىككى بۇرادىرىمىز، — راشىدىن ئەپەندى پاگونلۇق ھەربىي كىشى بىلەن چوك بۇرۇن، تاجىك چىراي كىشىنى كۆرسەتتى، نېمىشقىدۇر ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئاتىمىدى، — ئوقەتسىرلەر مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى، ئۆز ئادەم. شائىرنى شېئىرى تونۇتىدۇ دېگەن گەپ بار، — دەپ راشىدىن ئەپەندى قەددى - قامىتى كېلىشكەن، خۇش چاقچاق شائىرغا كۆز تاشلىدى، — دوستىمىز مۇتەللىپ...

— مۇتەللىپ؟...

— ئۇھ، مۇتەللىپ شۇكەن - دە!

— مەن - كۆرگەن، تونۇمىغىنىمنى قارا...

— قانداق تونۇش، يالقۇنلۇق ئىسمىم...

ئەمەت، مەھەممەتجان، مەشرەپلەر قەلبى سۆيۈنگەن ھالدا ھاياجانلىنىپ مۇتەللىپكە قاراشتى...

راشىدىن ئەپەندى ئەمەتلەرنى «مېنىڭ سەرگەردان ئىشچى دوستلىرىم» دەپ تونۇشتۇردى. بۇ گەپ پاگونلۇق ھەربىيگىمۇ، تاجىك چىراي كىشىگىمۇ ياقتى ۋە:

— بىلىمىز، بىلىمىز، ياخشى يىگىتلەركەن، — دېيىشتى.

مۇتەللىپ ئازراق ئىچىۋالغانىدى. ئۇ ئۆزى تولىمۇ ياقتۇرىدىغان ئۆمەر ھەييامنىڭ غەزەللىرىنى توختىماي دېكلاماتسىيە قىلدى:

خاقانىنىڭ پىكرىگە زىت سۆزنى ئېيتماق،
بولۇر ئۆز قېنى بىرلە قولىنى يۇماق.
«كېچە بۇ!» دېسە گەر كۈندۈزنى خاقان،
«ئەنە ئاي بىرلە يۇلتۇز» دېگىن شۇئان.

خورازلار سوقۇشتا بولسىمۇ چاققان،
مىس تىرناق لاچىنغا قاچان جەڭ ئاچقان.
مۈشۈك شىر بولىدۇ چاشقان تۇتۇشتا،
لېكىن ئۇ يولۋاسنىڭ ئالدىدا چاشقان...

پاگونلۇق ھەربىي قولىغا ئىككى رومكىنى ئېلىپ، بىرىنى ئەمەتكە تۇتتى:

— قېنى ئاغىنە، ئىككىمىز كۆتۈرۈۋېتەيلى. سىلەر مۇتەللىپكە قىزىقىپ قالدىڭلارغۇ دەيمەن. تالانت — ئۇ بىر سىر، تېگىگە يەتكىلى بولمايدۇ. مەن ئۇنى كەلگۈسىدە ئارىستوفىن بولارمىكىن دەپ ئويلىغانىدىم، قارىغاندا، ئۇنىڭدىن پۇشكىن چىقىدىغان ئوخشايدۇ.

— يوق گەپ، — دېدى مۇتەللىپ بۇلۇق قارا چاچلىرىنى كەينىگە سىلكىپ تۇرۇپ، — ئىشەنمەڭلار. ئارىستوفىن ئىرادىن ئىلگىرى ئۆتكەن قەدىمكى يۇنان ئوپېرا - كومېدىيىسىنىڭ پىر ئۇستازى. ئۇنى ئىنسانىيەت مەدەنىيەت دۇنياسىغا تەمشەلگەن زاماندىكى ئۇلۇغ مەشئەل كۆتۈرگۈچى دېيىش مۇمكىن. ئەمدى پۇشكىنغا كەلسەك، ئۇنى ئەنە «راشىدىن ئوروس»تىن سوراڭلار.

— راشىدىن ئوروس؟ — بۇ گەپ دەرھال مەھەممەتجاننىڭ دىققىتىنى تارتقاچقا تۇيۇقسىز ئاغزىدىن چىقىپ كەتتى.

ھەممەيلەن پاراققىدە كۈلۈشتى. مۇتەللىپ:

— قېنى، «راشىدىن ئوروس»، بۇ يىگىت بۇ گەپنىڭ مەنىسىگە قىزىقتى، يەشكىن، — دېدى.

راشىدىن ئەپەندى پىيالىدىكى چايلارنى يىغىلاپ، رومكىلارغا ھاراق تولدۇردى:

— بۇ بىر بىمەنە لەقەم. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇنى «12-ئاپرېل ئۆزگىرىشى» نىڭ خاتىرىسى دېسەكمۇ بولىدۇ.

— خەقنى ئالدىما، — دېدى مۇتەللىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ، — نەدىكى «12-ئاپرېل ئۆزگىرىشى» نىڭ خاتىرىسى بولسۇن! دەل پاپىنگوتنىڭ خاتىرىسى.

— دۇرۇس، — دېدى راشىدىن ئەپەندى، — بۇنى پاپىنگوتنىڭ غەلىتە مىجەزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېيىشكە بولىدۇ. ئۆزۈڭلارغا مەلۇم، پاپىنگوت سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن كاپكاز ئۆلكىلىرى، يىراق شەرق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانى قالايمىقان قىلغان مەشھۇر رۇس گېنېراللىرى دېنىكىن، كولچاكلارنىڭ قولىدا خىزمەت قىلغان، فورمانوۋ، فرۇنزى، چاپايېۋلارنىڭ قوغلاپ تىرىپىرەن قىلىشى ئارقىسىدا شىنجاڭغا قېچىپ ئۆتكەن. ئۇنىڭ بىلەن بىللە قېچىپ كەلگەنلەر جىڭ شۇرېنغا بىۋاسىتە قاراشلىق كوزىر باتالىيون بولۇپ تەشكىللەنگەن. پاپىنگوت قاۋۇل، يۈزلىرى قىپقىزىل ۋە ناھايىتى ھاراقكەش ئادەم ئىدى. شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى «تاناۋالنى ۋېچىر» ئۆيۈشتۇراتتى. مەن رۇسچىنى بىلىدىغان بولغاچقا، بۇنداق ئولتۇرۇشلارنىڭ دائىملىق ئىشتىراكچىسى بولىدىغانلىقىمدا گەپ يوق. بىر كۈنى پاپىنگوت مېنىڭ قىزلىق ئىستاكاندىكى يېرىم جىڭدىن كۆپرەك ئاق ھاراقنى بىرلا كۆتۈرۈپ گۈپلا ئىچىۋەتكەنلىكىمنى كۆرۈپ، يىراقتىن: «يارايسەن، يىگىت، نو!» دەپ ۋارقىرىدى. كېيىن مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ، مەن بىلەن ئۆلپەتلىشىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. يېرىم يىلغىچە ئانچە-مۇنچە ئۆلپەتلىشىپ يۈردۇم. سىياسىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇنازىرىلىشىپمۇ قالاتتۇق. مېنىڭ چۈشىنىشىمچە، پاپىنگوت قارىماققا جىڭ شۇرېن ھاكىمىيىتىگە خىزمەت قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن، كۆڭلىدە باشقا بىر مەقسەتتە پۇرسەت كۈتۈۋاتقان ئادەم ئىدى. ئۇ ھەمىشەم ماڭا: «شىنجاڭدىكى رۇس قىسىملىرى ھازىر تولىمۇ بىچارە. بۇنىڭغا چىداش مۇمكىن ئەمەس. بىز يا رۇسىيىگە قايتىپ كوممۇنىزمنىڭ ئورۇقىنى قۇرۇتۇپ، گېنېرال دېنىكىننىڭ ھەيكىلىنى ياسايمىز، يا بولمىسا، تەقدىرگە بويسۇنۇپ، ئاۋستىرالىيىگە بېرىپ 2000-يىلى مۇقەددەس ئاتىمىز ئەيسانىڭ ئاسماندىن چۈشۈشىنى كۈتىمىز» دەيتتى. ئۇ ئاخىر دېگىنىنى قىلدى. 12-ئاپرېل كۈنى 300 دىن ئارتۇق ئاق ئورۇس ئەسكىرىگە قوماندانلىق قىلىپ، ئەپچىللىك بىلەن تۇيۇقسىزلا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىناسىنى قورشىۋالدى. جىڭ شۇرېن پاپىنگوت بىلەن ھەرقانداق شەكىلدىكى سۆزلىشىشنى رەت قىلىپ، دەرھال ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى زاپاس قىسىملىرىنى توپلاپ، پاپىنگوت قىسىملىرىنى قورشاشقا بۇيرۇدى. جىڭ شۇرېن قىسىملىرى شىددەت بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، غەلىبە قىلايلا دەپ قالغاندا، شەرقىي فرونت قوماندانى شېڭ شىسەي ئويلىمىغان يەردىن ئۆز خوجايىنىغا ئاسىيلىق قىلىپ، پاپىنگوتقا ياردەم بەردى، ھەل قىلغۇچ پەيتتىكى بۇ ياردەم پاپىنگوتنىڭ كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغان مەغلۇبىيىتىنى بىراقلا غالىبىيەتكە ئايلاندۇرۇۋەتتى. تەبىئىيكى، پاپىنگوت بىر قاچاق پولكوۋنىك بولغاچقا، شىنجاڭدا ئۇنىڭ ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرۇش سالاھىيىتى يوق ئىدى. شۇڭا، بۇ قېتىمقى جەڭ مېۋىسىگە شېڭ شىسەي ئىگە بولدى

ۋە خۇددى ئالۋاستىنىڭ پەرشتىگە ئۆزگەرگىنىدەك، بىردىنلا ئۇ ئىنقىلاب قوزغىغان داھىيغا ئايلىنىپ قالدى. «12 - ئاپرېل ئۆزگىرىشى» بولغان كۈنى سەھەردە پاپىنگوت مېنى ئۆيۈمدىن چاقىرتىۋالدى. ئۇ: «مەن بۈگۈن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە جىدىڭ شۈرىن بىلەن سۆزلەشمەكچى، سەن رۇسچە، خەنزۇچىغا كامىل. ئۇ يەردە جەزمەن جىدىڭ شۈرىن ھەم ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرى بولىدۇ. يەنە تېخى ھېلىقى يىجاڭ، ئۆلكىلىك كېڭەش باشلىقى روزى ھاجى بولۇشىمۇ مۇمكىن. دېمەك، ئۇيغۇرچىمۇ سۆزلىشىش كېرەك. شۇنداق بولغاندىن كېيىن، سەن ماڭا ھەمراھ بولىسەن. قارشى ئەمەسمۇ؟» دېدى. پاپىنگوتنىڭ تەرى ناھايىتى يامانىدى، ئۇنىڭ قولى ھەربىي فورمىسىغا لايىقلاشتۇرۇپ ئېسىلغان قىلىچىنىڭ سېپىدىن ئايرىلمايتتى. بۇ قارام پولكوۋنىكنىڭ گېپىنى رەت قىلىشمۇ ئاسان ئەمەس ئىدى. مەن نائىلاج: «مېنىڭ بۇ سۆھبەتتىكى سالاھىيىتىم نېمە بولىدۇ؟» دەپ سورىدىم. پاپىنگوت بىر قولىنى خۇددى گىتلېردەك شارت قىلىپ ئالدىغا كۆتۈردى: «كاك داۋاي راشىدىن ئوروس. نو!» دېدى. بۇ ئۇنىڭ رۇسچىنى ئۇيغۇرچە تەلەپپۇز قىلىپ، «رۇسچە تەرجىمان راشىدىن» دېگىنى ئىدى. شۇ قېتىمقى ۋەقەدىن كېيىن، مېنىڭ ئىسمىم بىرمەزگىل ئۈرۈمچىدە «راشىدىن ئوروس» دېگەن نام بىلەن تارىلىپ يۈردى...

راشىدىن ئەپەندى ھېكايىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئاۋۋال مۇتەللىپكە، كېيىن كۈلۈمسىرەپ مەھەممەتجانغا قارىدى:

— قانداق يىگىت، جاھان قىزىقمىكەن؟ «راشىدىن ئوروس» نىڭ مەنىسىنى بىلىۋالدىڭمۇ؟ — دېدى.

— مەن نېمە دەيمەن، رەھمەت. ئىچىمگە شام يېقىلغاندەك بولۇۋاتىدۇ، — دېدى مەھەممەتجان.

تالادا سىم - سىم يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. ئۈچىنچى بوتۇلكىنىڭ ئاغزى ئېچىلدى، جوزىغا مەززىلىك زىرە پۇرىقىنى تارىتىپ، ئارقا - ئارقىدىن كاۋاپمۇ كەلدى. سۆھبەت ئۇزاق سوزۇلدى، خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە شېڭ ھاكىمىيىتىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى تەھلىل قىلىندى. ئەمەت، مەھەممەتجان ۋە مەشرەپنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلارنىڭ ھەممىسى دائىم ئۇچرىشىپ پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇرىدىغان مەسلەكداشلار ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىبىر مەسىلىلەردىكى يېپىق سۆزلىرىنى دېگەندەك چۈشىنەلمىسىمۇ، لېكىن ئەمەتلەر بۇ ئەپەندىملەرنىڭ تولىمۇ مۇھىم، جىددىي مەسىلىلەر، شىنجاڭ نەگە بارىدۇ، ئۇنىڭ تەقدىرى، كەلگۈسى نېمە بولىدۇ، دېگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھىم تارىخىي سىناققا دۇچ كەلگەندەك، تەمكىن، ئەستايىدىل باش قاتۇرۇۋاتقانلىقلىرىنى ھېس قىلىشتى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدە بەزەن - بەزەن ئەمەتكە ئوخشاش سەرگەردان ئىشچىلار، ئىشكارلار، چاكار - مەدىكارلارمۇ تىلغا ئېلىناتتى ۋە ئۇلارغا ئۈمىد باغلىناتتى. بۇ ھال ئەمەت، مەھەممەتجان، مەشرەپلەرنى خۇش قىلدى.

مۇتەللىپ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، مەشرەپنىڭ دۈرىسىگە قولىنى قويدى ۋە كەسكىنلىك بىلەن:

— ئالىي مەنسەپ — ئېگىز خادا تاش، ئۇنىڭغا قانات قاققان بۈركۈتمۇ، يامىشىپ يۆرۈپ ئىلانمۇ چىقىدۇ. دۇبەن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندا، ئۆزىنى بۈركۈت دەپ ئاتىغانىدى، لېكىن ئۇ ئاخىر ئىلان بولۇپ چىقتى، — دېدى.

— شۇنداق، تارىخ — رەھىمسىز، ئۇنىڭ دۈشمىنى ساختىپەزلىك، — دېدى پاگونلۇق ھەربىي كىشى مۇتەللىپكە قوشۇلۇپ، — ھەرقانداق نىقابمۇ تارىخ ئالدىدا پاش بولماي قالمايدۇ. ئادىمىزاتنىڭ بۈيۈكلۈكى شۇيەردىكى، ئۇ كۆپ ھاللاردا ئۆزىنىڭ ھەيكىلىنى ئۆزى ياسايدۇ، ئۇنىڭغا چوقۇنىدۇ، ئىلتىجا قىلىدۇ، ئۇنى ئىلاھلاشتۇرىدۇ، ئاندىن ئۇنى يەنە ئۆز قولى بىلەن چېقىپ تاشلايدۇ. خەلق ھامان ئۇلۇغ، تارىخ رەھىمسىز. شېڭ شىسەي ئۆز تەقدىرىدە مۇشۇ ھالاكەتنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرۇپتۇ...

تاجىك چىراي ئەرباب يۇمۇرلۇق قىلىپ دېدى:

— ئۇيغۇرلاردا «باخشى داپ بىلەن ئالدايدۇ، كاززاپ لاپ بىلەن» دېگەن ماقال بار، شېڭ دۇبەننىڭ خەقنى ئالدىغىنى ئۆزىنى ئالدىغىنى. نېمە قورققۇلۇق؟ «تۆگىنىدە تۇغۇلغان چاشقان، ھاۋا تاراقلىغاندىن قورقماپتۇ» دېگىنىمۇ بارغۇ. بېشىمىزدىن ئۆتكەن ئىشلار ئازمۇ؟ بىز ئۇنىڭ «ئالۋاستى» دىن «داھىي» غا، ئاندىن يەنە «داھىي» دىن ئەسلىگە قايتىپ «ئالۋاستى» غا ئايلانغانلىقىنى كۆردۇق. «نومۇسسىزدىن ھايا تىلىمە، زالىمدىن ۋاپا». بىزنىڭ تاجىكلاردا: «ئۇچارغا كەلمىسە لاچىن مادارى، بولۇر چۈمچۈققا شۈمشۈك كاربارى» دېگەن قوشاق بار. قانداق، بولىدىغان قوشاقمىكەن؟...

ھەممەيلەن كۈلۈشتى، يارايسىز ئەپەندىم، دەپ تاجىك چىراي ئەربابنى ماختاشتى.

مۇتەللىپ دەھلىزدىن چىقىۋېتىپ، ئەمەت، مەھەممەتجان، مەشرەپلەرنىڭ قولىنى بىر - بىرلەپ سىقتى:

— ياخشى يىگىتلەر ئىكەنسىلەر، سىلەر بىلەن دوست بولۇپ قالغىنىم ئۈچۈن بەكمۇ خۇشالمەن. «مېۋە - كۆچەت پوستى بىلەن ياخشى، ھەركىم ئۆز دوستى بىلەن». مېنىڭ سىلەرگە بېرىدىغان ئالتۇن - كۈمۈش، پۇلۇم يوق، لېكىن، دەيدىغان ئىككى ئېغىزلا سۆزۈم بار، دوستلۇق سۆزى: بىرى، ھەقىقەتنى سۆيۈڭلار. ھەقىقەت دېگەن ۋەزىن، سالمىقى بار نەرسە. ئۇ كۆپۈككە ئوخشاش سۇنىڭ ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى تاشقا ئوخشاش، سۇنىڭ ئاستىدا تۇرىدۇ. بولۇپمۇ سۇ دۇغلانغاندا، ئۇنى بايقاش، كۆرۈۋېلىش ناھايىتى تەس. بۇنىڭ ئۈچۈن سەگەك مېڭە، ئۆتكۈر كۆز بولسۇن. يەنە بىرى، ئۈمىدۋار بولۇڭلار. ئۈمىد — قىممەتلىك بايلىق، قانات، مەقسەتكە يەتكۈزىدىغان تۇلپار. ئەتە نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلمىگەن ئادەم — بەختسىز ئادەم. ھەققانىيەت، ئادالەت، ئەركىنلىك يولىدىكى كۈرەش، ھامان بىر قىسىم مەردانىلارنىڭ قېنى ھېسابىغا غەلىبە قىلىپ، كۆپچىلىك ئازادلىق، ھۆرلۈك، ئەركىنلىككە ئېرىشىدۇ. ئۈمىد ۋە ئۆزىگە ئىشەنچتىن مەھرۇم ئادەم — بىپايان دېڭىزدا ئۆز مەنزىلىگە يېتەلمەي لەيلەپ يۈرگەن بىچارە كېمە. بىزنى گۈزەل ئەتىگە باشلايدىغىنى ئۈمىد ۋە ئىشەنچ. بۇنى ئەستە ساقلاڭلار...

ئەمەتلەر مۇتەللىپنىڭ بۈگۈن بولمىسا ئەتە ئۆلۈمچىدىن نەگىدۇر — يىراق بىر

يەرگە كېتىپ قېلىش ئېھتىماللىقى بارلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى باھار قارلىرىدەك يېپىشىپ ئوتتۇرىغا ئېلىۋالدى ...

5

ئەمەتنىڭ مەھەممەتجان بىلەن مەشرەپنى راشىدىن ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ كېلىشى مەشرەپنىڭ «ئىشسىزلىق مەسىلىسى» نى ھەل قىلىش ئىدى. بۇنىڭدىن بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى ئەمەت راشىدىن ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە ئېلېكتىر چىراغ ئورنىتىۋېتىپ، بۇ ھەقتە ئۇنىڭغا ئېغىز ئاچقاندا، ئۇ: «مەشرەپكە راستىنلا يامان بوپتۇ، يېشى كىچىك، يېتىم بالا-دە. كوچىدا تېنەپ-تەمتىرەپ يۈرۈۋەرسە، راست قىيىن بولىدۇ، مەن بىر ئامالىنى قىلاي» دېگەن ئىدى.

بۈگۈن ئۇلار كۈتۈلمىگەندە، بۇ ئۆيدە مۇتەللىپ ۋە بايىقى ئىككى ئەرباب بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى، ئۇلارنىڭ قىزغىن سۆھبىتىگە داخىل بولۇپ، ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمىدى. راشىدىن ئەپەندى ئىشىك ئالدىدا مېھمانلارنى ئۇزىتىپ تۇرۇپ، بىر نېمىنى يادىغا ئالغاندەك، مەشرەپكە قارىدى.

— مەشرەپ، سەن كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما ئوكام. قارىغىنا، قېشىڭدا قانداق جانكۆيەر دوستلىرىڭ، ئاكىلىرىڭ باركىن؟ ... ئەتە ئەتىگەندە مېنىڭ ئىشخانامغا بار، قالغان گەپنى شۇ يەردە دېيىشەرمىز، — دېدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە، راشىدىن ئەپەندى قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ كان ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ سوقىچاق ئىشخانىسىدا — جاڭ چۇجاڭنىڭ ئىش ئۈستىلىنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرۇپ، بېشىدىن شىلەپىسىنى ئېلىۋاتقان جاڭ چۇجاڭغا:

— چۇجاڭ جانابلىرى، ئۆتكەندە سىلى يۈگۈر يېتىمگە ئايىغى يېنىك بىر قارا خىزمەتچى تېپىلماسمۇ، دېگەندەك قىلىۋىدىلا. مۇشۇنداق بالىدىن بىرسى تېپىلدى، — دەپ خەۋەر قىلدى.

قارىغاندا، ئۇنىڭ بۇ خەۋەرگە ھېچقانچە قىزىقمىغانلىقى بىلىنىدى. سۆڭەك تاغاقتا شالاڭ چاچلىرىنى نېرى-بېرى تارىۋېلىپ، چاشقان بۇرۇتلىرىنى تىلى بىلەن ھۆللەپ قويىدى:

— ھېلىقى ھۆججەت، مايتاغدىن ئېۋەتىلگەن 39-نېفىت قۇدۇقى ھەققىدىكى ماتېرىيال ... تەرجىمىسى پۈتكەنمۇ؟

— پۈتكەن، يەنە بىر قېتىم سېلىشتۇرۇۋەتسەملا بولىدۇ.

— دەرھال تەييارلاپ بېرىڭ، ماڭا شۇ ماتېرىيال كېرەك.

— خوپ ...

جاڭ چۇجاڭ بىركىمنى كۈتۈۋاتقاندەك، دېرىزىدىن قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ يامۇلىنىڭ كىمدەك ئەگمە ئىشىكىگە قاراپ-قاراپ قويىدى.

— ھە ... يەنە بىر ئىش. بىزنىڭ خىزمەت تەرتىپىمىزدە ئازراق ئۆزگىرىش بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. بۈگۈن دۇبەننىڭ ۋەكىلى بىلەن نازىر ... — جاڭ چۇجاڭنىڭ كۆزى شۇ پەيتتە تاشقارقى ئىشىكنىڭ بوسۇغىسىدا بويۇن قىسىپ پەيدا بولغان مەشرەپكە چۈشـ

تى، — بۇ كىم؟ ...،

— بۇ بايا مەن سىلىگە دېگەن بالا، مېنىڭ ئىنىم ...

— ئىنىم؟ ...

جاڭ چۇجاڭ جاۋاب كۈتمەيلا يان ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

راشىدىن ئەپەندى مەشرەپنىڭ ئالدىغا باردى:

— مەشرەپ، كەلدىڭمۇ؟ ...

— راشىدىن ئەپەندىم، — دېدى مەشرەپ، — مەن ئۇ چاشقان بۇرۇتنى تونۇيمەن. ئۇنى كۆرگۈم يوق ...

— سەن ئۇنى قانداق تونۇيسەن؟

— تونۇيمەن، دادامنىڭ يۈزىگە تۈكۈرگەن، مېنى تېخى ساقچىغا تۇتۇپ بەرمەكچى بولغان ...

— مۇنداق دېگىن، — دېدى راشىدىن ئەپەندى ئېمىشقىدۇر ئويلىنىپ، — بوپتۇ، هازىر بۇ گەپنى دېمەي تۇر. ئېهتىمال ئۇ سېنى تونۇمىدى ... سەن مېنى مەشەدە بىر ئاز ساقلاپ تۇرغىن ...

— ماقۇل ...

شۇ گەپ بولۇۋاتقاندا، نازارەتنىڭ قاپقىسىدىن ئىككى كىچىك ماشىنا كىرىپ كەلدى. ئاپتوموبىلنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، جاڭ چۇجاڭ ئالدىراپ هويلىغا چىقتى. ئاپتوموبىلدىن چۈشكەن سىدام باش، بۇقا بويۇن سېمىز ئادەم بىلەن بېشىغا قارا شلەپە، ئۈستىگە ئۇزۇن قارا پېرىجە كىيگەن، قارا كۆزەينەك تاقىغان سالاپەتلىك ئىككى كىشىنى جاڭ چۇجاڭ ئۆز ئادىتىگە زىت خۇشامەتكۈيلۇق بىلەن پايپېتەك بولۇپ، ئىشخانىسىغا تەكلىپ قىلدى.

ئىشخانىدىكى سۆهبەت خېلى ئۇزاق داۋام قىلدى. كېيىن ئىشىك ئېچىلدى، ئورۇندۇقلارنى تاراقلىتىپ ئورنىدىن تۇرۇشۇۋاتقانلىقى ئاڭلاندى، كىمدۇ بىرى دېدى:

— جاڭ چۇجاڭ، گەپ شۇ ... هازىرچە سىز مايتاغقا مەركىزىي هۆكۈمەت قۇۋۋەت مەنبەسىنى باشقۇرۇش هەيئىتىنىڭ نازارەتچىسى سۈپىتىدە بارىسىز. كېيىن چاڭچاڭلىقنى ئۈستىڭىزگە ئالىسىز. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، يېنىك نېفىت تەركىبى ئالاهىدە يۇقىرى بولغان مايتاغ نېفىتلىكى بۈگۈنكى كۈندە ئاددىيلا بايلىق ئەمەس، ئۇرۇش قورالى. مايتاغنى رۇسلارنىڭ قولىدىن ئۆتكۈزۈۋېلىشىمىزغا ئېنگلىزلار ئالاهىدە قىزىقىدۇ. ئىنگلىز دىپلوماتلىرى، مايتاغ نېفىت زاۋۇتىنى جۇڭگونىڭ ئۆتكۈزۈۋېلىشى زۆرۈر بولۇپلا قالماستىن، ئەڭ مۇهىمى، قانداق چارە بىلەن بولمىسۇن، رۇسلارنى پۈتۈن زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرىنى شۇپېتى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىش كېرەك، دېگەن قاراشتا. بۇنى سىز چۈشىنەلەيسىز، سوۋېت هۆكۈمىتى نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ ئۈسكۈنە-ئەسلىهەلىرىنى ئەپچىقىپ كېتىدىغان بولسا، ئىش هەقىقەتەن چاتاق بولىدۇ، يەنچاڭ، يۇمېنلەردىن چوڭ تىپتىكى ئۈسكۈنىلەرنى يۆتكەش ئامالى يوق. دېڭىز ئارقىلىق باشقا دۆلەتلەردىن سېتىۋالغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى سىز بۇ يەرگە نېمە بىلەن يۆتكىيەلەيسىز؟ مەسە-

لىنىڭ تۈگۈنى مۇشۇ يەردە. شۇڭا ئۇسۇلغا دىققەت قىلىڭ. مايتاغ نېفىتلىكىنى ئېچىش ھەققىدە ئەزەلدىن مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن سوۋېت ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم يوق. لېكىن، شىڭ شىسەي بىلەن سوۋېت ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا پۈتۈم بار. ۋاقتى كەلسە، بىز بۇ يەرلىكنىڭ ئىشىنى ئېتىراپ قىلمىساقلا بولىدۇ. شۇڭا، ھەربىر قەدىمىڭىزدە ھوشيارراق بولۇڭ. يەنە سورايدىغانلىرىڭىز بارمۇ؟

— يوق.

— قاچان يولغا چىقالايسىز؟

— تۆت - بەش كۈن ئىچىدە.

— مايتاغ ئايرودرومى پۈتۈنلەي سوۋېتلىكلەرنىڭ تىزگىنلىشىدە. ئۇلارنى ئىشتىن بۇرۇن چۆچۈتۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن، ئەڭ ياخشىسى ماشىنا بىلەن بېرىڭ.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلاۋاتىمەن.

جاڭ چۇجاڭ ئۇلارنى ئۇزىتىۋەتكەندىن كېيىن، راشىدىن ئەپەندىنىڭ ئىش ئۇستىلى ئالدىغا كېلىپ توختىدى:

— راشىدىن ئەپەندى، بايا مەن سىزگە بىزنىڭ خىزمەت تەرتىپىمىزدە ئازراق ئۆزگىرىش بولىدۇ دېگەنتىم. بىز ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن مايتاغقا بېرىپ كېلىدىغاندەك تۇرىمىز. رۇسلارنىڭ تىلىنى پۇختا بىلىش كارامىتىڭىز ئەمدى رول ئويناپ قالسا ئەجەب ئەمەس. ئۆيىڭىزگە قايتىپ، ئىش - كۈشىڭىز بولسا پۈتتۈرۈۋېلىڭ، — دېدى.

راشىدىن ئەپەندى جاڭ چۇجاڭغا قارىدى. ئۇنىڭغا مەشرەپ ھەققىدە يەنە بىر قېتىم ئەسكەرتىپ كۆرمەكچى بولدى - يۇ، لېكىن، ئۇنىڭ چاشقان بۇرۇتلىرى تېگىدە ھىيلە - ھەييارلىقتەك سىرلىق بىر ئالامەتنىڭ تىنىمسىز قىمىرلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، شۈك بولۇپ قالدى.

— بولىدۇ. خىزمىتىڭىزگە تەييارمەن، قاچان يولغا چىقىمىز؟

— ئۆيىڭىزدە ماشىنا كۈتۈڭ.

راشىدىن ئەپەندى مەشرەپنى باشلاپ قورۇلۇش نازارىتىنىڭ قاپقىسىدىن چىقتى. خېلى بىر يەرگىچە گەپ قىلىشماي تىم - تاس مېڭىشتى. راشىدىن ئەپەندىنى مەشرەپنىڭ كۆلپەتلىك تەقدىرى ئېچىندۇراتتى، كەلگۈسى قىزىقتۇراتتى. ئۇنىڭغا قانداقلا بولمىسۇن چىقىش يولى تېپىش، يول كۆرسىتىش لازىم دەپ ئويلىدى، لېكىن، بۇ يول زادىلا تېپىلمايۋاتاتتى.

دۆڭكۆۋرۈك بازىرىغا يەتكەندە، راشىدىن ئەپەندى مەشرەپكە:

— مەشرەپ، سەن شۇتاپتا ئۇدۇل بىزنىڭ ئۆيگە بارغىن، مەن يەنە ئىككى تونۇشۇم بار، سەن توغرىلىق شۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆرەي، — دېدى - دە، بىر قولىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ، يان كوچىغا بۇرۇلدى.

راشىدىن ئەپەندىنىڭ كۆك سىرلانغان قوش قاناتلىق دەرۋازىسىنى يەنە ھېلىقى ئوماقىنە قىز ئاچتى. قىزنىڭ ئۈستىدە رەڭدار خوتەن ئەتلىسىدىن تىكىلگەن كۆكرەك پۈرمە كۆڭلەك بولۇپ، دولقۇنلىنىپ تۇرغان بوستان چاچلىرى پۈتۈن گەۋدىسىنى قاپلاپ تۇراتتى.

— ۋاي، بۇ مەشرەپكەنغۇ؟ مەن سىزنى مەشرەپ دەپ ئاتاۋېرەي. نەچچە ياشقا كىرگەنسىز؟ يا مەشرەپ ئاكا دەيمىكىن؟ مەن 13 ياشقا كىردىم، مېنى نۇربىيە دېسىڭىزمۇ، نۇربىيە سىڭلىم دېسىڭىزمۇ بولۇۋېرىدۇ. دادام سىزگە بۈگۈن ئىش تېپىپ بېرىشكە ھەرىكەت قىلىمەن. دېۋىدى. قانداق، ئورۇنلاشتىڭىزمۇ؟ مەن بۇ يىل تولۇقسىزنى پۈتتۈرىمەن. يا ئوقۇمىسىز؟ سىزنىڭ ياش. قۇرامىڭىزدىكى ئوغۇللار بىزدە ئوقۇيدىغۇ، نېمىشقا ئوقۇمايسىز؟ ... كېلىڭ، ئۆيگە كىرىڭ، دادام ھېلىلا كەپقالىدۇ.

نۇربىيە مەشرەپنى ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك ياتىقىغا باشلىدى. چىنىدەك سۈرتۈپ تازىلانغان، ھەممە نېمىسى گۈل كەشتىلەر بىلەن بېزەلگەن ئۆي مەشرەپكە ياقتى. نۇربىيە قالغاچتەك ئۇچۇپ يۈرۈپ، بىردەمدە ئۈستەل ئۈستىنى قەن-گېزەك، پېچىنە-پىرەنىكلەر بىلەن تولدۇردى.

— قېنى، مۇنۇ كەمپىتلەردىن ئېلىپ ئولتۇرۇڭ، چايغا ئوت يېقىۋەتتىم. بىز كەچتە ئادەتتە سەي قورۇپ، چاي ئىچىمىز. ئاپام قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى. ئاپامنىڭ كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولدى. مەن سىزگە ئۆزۈم سەي قورۇپ بېرىمەن. دادام ئۆيدە مېھمان بولمىسا، ھاراق ئىچمەيدۇ، تاماكىمۇ چەكمەيدۇ. كەچقۇرۇنلىرى دادام بىلەن ئىككىمىز شۇنداق جىق مۇڭدىشىپ كېتىمىزكى، ئاپام، بولدى نۇربىيە، سەن ئاغزىڭدىنلا قېرىپ كېتىدىغان بولدۇڭ، نېمانداق تۈگىمەيدىغان جىق سوئال، داداڭمۇ ئارام ئالسۇن، دەپ تېرىكمىسە، ئىككىمىزنىڭ گېپى زادىلا تۈگىمەيدۇ، قېنى، مۇنۇ پىرەنىكتىن يەپ بېقىڭ، تارتىنماڭ.

نۇربىيە يەنە قالغاچتەك ئۇچۇپ، ئاشخانا ئۆيىگە چىقىپ كەتتى.

مەشرەپ نۇربىيەنى تۈنۈگۈن تۇنجى قېتىم كۆرگەندىلا، ئۇنى بەختسىز سىڭلىسى نۇرسىمانغا ئوخشىتىپ كۆڭلى يېرىم بولغان، يۈرىكى پىژىلداپ كۆيۈپ، نۇرسىماننى سېغىنغانىدى. بۈگۈن نۇربىيەنىڭ چاقماقتەك سۆزلىرى ۋە ھەرىكەتلىرىدىكى ئالمىقانداق ئالامەتلەرنىڭ نۇرسىمان بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى سېزىپ، قەلبىدە جۇدالىق ئوتلىرى يېنىپ، كۆزىگە يەنە ياش كەلدى. قولىنى قوينىغا تىقىپ، بوينىدىن قولتۇق تەرىپىگە يوشۇرۇپ ئېسىۋالغان، قىزىل مەشۈت بىلەن كەشتىلەنگەن ئۈچ بۇرجەك تۇماچە يەنى ئىككى تەرىپىگە ئۈچ تالدىن ئالتە تال قىزىل مارجان ئۆتكۈزۈلگەن ئاسقىنى مۆكلانغان ھالدا ئالقىنىغا ئالدى.

شۇ پەيتتە نۇربىيە پەتنۇستا چاي كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. مەشرەپنى چايغا تەكلىپ قىلىپ تۇرۇپ، كۆزى بىردىنلا قىزىل مارجانغا چۈشتى.

— مەشرەپ، بۇ نېمە؟ قانداق چىرايلىق مارجان!... ۋاي، سىز ... يىغلاپسىزغۇ. سىزگە نېمە بولدى؟ مەن سىزگە ھېچنېمە دېمىدىمغۇ، ۋاي خۇدايىمەي، قاراڭ سىزنى، ئوغۇل بالىمۇ يىغلامدۇ؟

— مەن يىغلىمىدىم، نۇربىيە قىز ...

— ياق، يىغلاپسىز، ئەمىسە كۆزىڭىزدە ياش تۇرىدىغۇ؟

نۇربىيە دەسلەپ ئەجەبلەندى، كېيىن تارتىنمايلا قىزىل مارجاننى قولىغا ئالدى.

— ئەجەبمۇ چىرايلىقكەن بۇ مارجان. بۇ كىمنىڭ؟ سىزنىڭمۇ؟ ئوغۇل بالىمۇ مارجان ئاسامدۇ؟

مەشرەپنىڭ كۆز ئالدىدا سۆيۈملۈك، جاپاكەش، بىچارە ئانىسىنىڭ سولغۇن چىرايى نۇرلاندى. بۇ چىرايىنى مەشرەپ ئاخىرقى قېتىم قارا شەھەردە كۆرگەن ۋە ئۇنى زادى ئەستىن چىقارمايتتى. ئۇ مەشرەپكە: «ئوغلۇم، مەن ئەمدى بولالمايدىغان ئوخشايمەن. بىز بارلىق ھاياتىمىزدا ھېچكىمگە يامانلىق تىلىمىگەنمىز. ئاسماندىن سالىچا ياغقان، ئاخىر زامان يېتىپ كەلگەندەك، ئىمىن بەگ ئاخىر بىزنى خانىۋەيران قىلدى. نۇرسىمان ئەمدىلا 13 ياشقا كىرگەنىدى، ئۇنى بۇلاپ كەتتى، كىمگە سېتىۋەتكەنلىكىنى بىلمىدۇق. ئىزدەپلا يۈرىمىز، ئىزدەپ مەشەدگە كەپقالدۇق. ماۋۇ قىزىل مارجاننى ئۆز قولۇم بىلەن بوينۇڭغا ئېسىپ قوياي. ئېسىڭدە بولسۇن ئوغلۇم، نۇرسىمان سەندىن پەقەتلا ئۈچ ياش كىچىك ئىدى. ئاكاڭ سەمەت ئەقىللىق بالا، ئۇمۇ نۇرسىماننى ئىزدەپ مۇز داۋان بىلەن ئىلىغا كەتكەن، داداڭ پادىشاھنى تاپىمەن، شۇنىڭ پېشىنى تۇتىمەن دەپ ئاز سەرسان بولمىدى. تېخى تاپالمىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىزدەپ نۇرسىماننى تاپساڭ، مۇشۇ تۇماچە بىلەن قىزىل مارجاننى ئانامنىڭ يادنامىسى دەپ بوينىغا ئېسىپ قوي، مەن ئۈچۈن پېشانىسىگە سۆيگىن... » دېگەنىدى.

مەشرەپ كۆز چاناقلىرىدىن سىرغىپ چىقىۋاتقان ياشنى ھېچقانداق قىلىپ يوشۇرالمىدى. مۇڭلانغان ھالدا، سىڭلىسى نۇرسىمان توغرىسىدىكى ئەسلىمىنى نۇربىيەگە سۆزلەپ بەردى.

— بۇ گەپلەرنى مەن تېخى ھېچكىمگە دېمىدىم، سىزمۇ دېمەڭ، نۇربىيە.

نۇربىيە ئۈنچىقمىدى. مەشرەپكە نېمىدەپ تەسەللى بېرىشنى بىلمەيتتى.

— بىز دوست بولايلى، مەشرەپ. سىز بۇ ئۆيگە پات-پات كېلىپ تۇرۇڭ. كېلىپ تۇرۇشقا ۋەدە بېرەمسىز؟ مەن بۈگۈنلا دادامغا دەيمەن. نۇرسىماننى بىللە ئىزدەپ تاپىمىز، تاپقىلى بولارمۇ؟... تېپىش كېرەك. سىز دەپ بەرمىگەن بولسىڭىز، جاھاندا مۇشۇنداق ئىشلارمۇ بار دېسە، پەقەت ئىشەنمەس ئىكەنمەن. بۇ مارجاننى ئېلىڭ. پەقەت يوقىتىۋەتمەڭ، بۇنى يوقىتىۋېتىش — جىنايەت. مەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ قىزىل مارجاننى نۇرسىماننىڭ بوينىدا كۆرسەم، ئۇنى قۇچاقلاپ تەبرىكلەيمەن. بىز دوست بولايلى، دوست بولۇشقا ۋەدە بېرەمسىز؟...

مەشرەپ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرۇپ، خېلىغىچە بۇ گەپكە جاۋاب بەرمىدى.

— گەپ قىلىڭ، مەن سىزنى خاپا قىلىپ قويدۇممۇ-يە؟

مەشرەپ بېشىنى كۆتۈردى، نۇربىيەنىڭ مەسۇم كۆزلىرىگە قارىدى:

— سىز... نۇربىيە قىز، كۆڭلىڭىز ياخشى كەن. مەن بىر ئىشقا، بۇ قىزىل مارجاننى يوقىتىۋېتىپ قويماسقا ۋەدە بېرەمەن. بۇ قىزىل مارجان ئانامنىڭ ئاخىرقى ۋەسىيىتى، سىڭلىمنى سېغىنىش زارى، مېنىڭ جېنىم. مەن قانداقلا بولمىسۇن، شائىرىمىز مۇتەللىپنىڭ گېپىگە ئەمەل قىلىپ، مەيلى ھايات كېمىسى مېنى قەيەرگە ئاپىرىپ تاشلىسۇن، جەزمەن ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن نۇرسىماننى ئىزدەپ تاپىمەن. مەن سىڭلىم

بىلەن دىدار كۆرۈشكەندە، ئالدى بىلەن سىز توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىمەن. ئەمدى دوست بولۇشقا كەلسەك ...

— خوپ، ۋەدە بېرىڭ، دوست بولدۇقمۇ؟

— مەن نېمە دېيەلەيمەن. راشىدىن ئەپەندىم چوڭ كىشى، ئۆلىما، ئالىم، مەن نېمە، ئاران 4 - سىنىپقىچە ئوقۇدۇم، قارا يېتىم گاداي ... گاداي بىلەن باي ...

نۇربىيە بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ كەتتى، چىرايلىق بويۇنلىرىنى قېقىپ بوستان چاچلىرىنى كەينىگە تاشلىدى. تۇمشۇقى ئۈچلىنىپ، نۇرلۇق كۆزلىرى پارقىرىدى. زىلۋا بارماقلىرى بىلەن ئۈستەلنى پاقىقىدا ئۇرۇپ:

— سىز غەلىتە ئىكەنسىز! ... «باي - گاداي»! «باي - گاداي»! ... «باي- گاداي» بولسا نېمە بوپتۇ؟ ... دادام خەقنىڭ ئادەملىكى مۇھىم، باي - گادايلىقى ئەمەس، دېگەنتى. سىز نېمىشقا بۇنداق غەلىتە؟ ئېيتىڭ، بىز دوست بولامدۇق - يوق؟ — دېدى.

مەشرەپ دېرىزىدىن قاراپ، هويلىغا راشىدىن ئەپەندى ۋە يەنە ئەمەت، مەھەممەتجانلارنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆردى. نۇربىيە تېخىچە تېرىكمۇۋاتاتتى:

— مەن سىزگە دەپ قويايكى، ياخشى ئادەملەر دوست بولۇپ ئۆتۈشى كېرەك! ... دادام، دوستلۇق باي - گادايلىقنى ئەمەس، ئالتۇن زەنجىر بىلەن باغلانغان پاك رىشتەنى ئۆلچەم قىلىدۇ، دەيدۇ ... سىز غەلىتە ئىكەنسىز! ...

ئۆيگە بىرىنچى بولۇپ راشىدىن ئەپەندى كىردى ۋە نۇربىيەگە قاراپ كۈلۈمسىرىدى:

— چۆجە خوراز، قارا سېنى! ... مېهمان بىلەنمۇ سوقۇشامدۇ؟ ئۇيات، ئۇيات قىزىم. گەپ تالاشتىڭمۇ؟ قېنى، دەررۇ مەشرەپتىن ئەپۇ سورا.

نۇربىيە ئانارادەك قىزىرىپ، بۇرنىنى تارتتى.

— مېنىڭ خۇيۇم ئاشۇنداق، مەشرەپ. ئاسانلا تېرىكىپ قالىمەن. ئادەت بوپقاپتۇ...

راشىدىن ئەپەندى دېدى:

— «ئادەم ئادەتكە قوماندانلىق قىلىشى كېرەككى، ئادەت ئادەمگە قوماندانلىق قىلمىسۇن. يامان ئادەتنى تاشلىيالمايدىغان كىشىلەر هېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ».

— بۇ ئوستروۋسكىنىڭ سۆزى، — دېدى نۇربىيە دىدىللىق بىلەن.

— ناهايىتى توغرا، مەن بۇسۆزنى ساڭا ئۈچىنچى قېتىم ئېيتىپ بەردىم، — راشىدىن ئەپەندى بۇرۇلۇپ مەشرەپكە قارىدى. — سەن خاپا بولما، مەشرەپ.

— ياق. بىز سوقۇشمىدۇق، گەپ تەگەشمىدۇق. نۇربىيە قىز دوست بولايلى، دېگەنتى، — دېدى مەشرەپ گويا ئۆزىنى گۇناھلىق هېس قىلغاندەك يەرگە قاراپ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، راشىدىن ئەپەندى كۈلۈپ كەتتى.

— ياخشىكەنغۇ، ئۇنداق بولسا مۇبارەك بولسۇن. دوست ئۆتۈڭلار.

كەچلىك چايدىن كېيىن، راشىدىن ئەپەندى ئەمەت، مەھەممەتجان، مەشرەپلەرنى ئازادە مېهمانخانىغا باشلاپ چىقتى. ئۇنىڭ ئۇلارغا ئېيتىدىغان نۇرغۇن سۆزى بار ئىدى. گەپنى يىراقتىن باشلىدى. دۇنيا ۋەزىيىتى، ئۆكتەبىر ئىنقىلابى، لېنىن، ستالىن، ماۋزېدۇڭ، جۇدې توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى توغرىسىدا سۆزلىگەندە

كۆپ-رەك ئىشچىلار، ئىشچىلارنىڭ ئۇيۇشقاقلىقى، ھەمدەملىكى ۋە ئاجايىپ رولى توغرى-سىدا سۆزلىدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن، «ئاخىرقى ھېسابتا دۇنيانىڭ كەلگۈسى مۇستەھكەم ئىتتىپاقلاشقان، ئاڭلىق، ئىنتىزامچان ئىشچىلار سىنىپىنىڭ قولىدا بولىدۇ» دېگەن سۆز چىققاندا، ئەمەت روھلىنىپ، ئىككى تەرىپىدە ئولتۇرغان مەشرەپ بىلەن مەھەممەتجانغا قارىۋالدى.

— بىزنىڭ مايىتاغدا مانا مۇشۇنداق بىر قوشۇن تۇغۇلۇۋاتىدۇ، — دېدى راشىدىن ئەپەندى ئاجايىپ ئۈمىدۋارلىق بىلەن، — بۇ قوشۇننى تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، نامرات دېھقانلار، گاداي چارۋىچىلار ۋە شەھەر كەمبەغەللىرى تۇغدى، ئاۋۇتتى. چاپىنىنى غېرىبچە يېپىنىپ، بەش-تۆت تەڭگە تېپىش نىيىتى بىلەن ئۇ يەرگە بارغان يېتىمچىلەر ھازىر ئۆز سەپداشلىرىنىڭ ياردىمىدە مەلىكىلىك ئىشچى، تېخنىك، بۇرۇلچىك بولۇپ قالدى. ھاياتقا قارىشىمۇ ئۆزگەردى. بىز ئۇلاردىن ئۈمىد كۈتسەك بولىدۇ. ئەسلىدە مەن شىڭ شىسەيدىن ئازراق ئۈمىد كۈتكەنىدىم، قارىغاندا، بولمىدى. لەۋزىدە تۇرمىدى، يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش، كومپارتىيە بىلەن بىرلىشىش، سوۋېت بىلەن ئىناق ئۆتۈش دېگەنلىرى كۆپۈككە ئايلاندى. ئۇ ئۆز قولى بىلەن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن نۇرغۇن زىيالىيلارنى ھازىر يەنە «كوممۇنىزمچى»، «تروتسكىچى»... دەپ بىر-بىرلەپ يوقىتىۋاتىدۇ. ۋەزىيەت جىددىي ئۆزگەرمەكتە. بايا مەن ئەمەت بىلەن سۆزلەشتىم. مۇشۇنداق ئەھۋالدا سىلەرنىڭ مايىتاغقا بېرىپ ئاشۇ قوشۇنغا قوشۇلۇپ كېتىشىڭلارنى دۇرۇس يول دەپ قارايمەن. مايىتاغدا ئەمەتنىڭ ئاكىسى بار، تەجرىبىلىك بۇرۇلچىك، ياخشى ئادەم. ئۇ يەرگە مەنمۇ بارىمەن. بىز يەنە داۋاملىق ئالاقىلىشىپ تۇرىمىز. قانداق، ئەمەت، مەن سىنىڭ پىكرىڭگە قوشۇلدۇم.

— ئۈرۈمچىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزۈڭلار كۆرۈۋاتىسىلەر، — دېدى ئەمەت خىيالچانلىق بىلەن، — جان قويارغا يەرمۇ قالمىدى. بايا مايىتاغدىكى ئاكامدىن خەت ئالدىم، قايتىپ كەل، دەپتۇ. ئويلىنىپ كۆرسەم، جاھان ئۆزىمىزنىڭكىكەن. بېشىمىزدىن دوپپىمىز چۈشسە خۇدانىڭ زېمىنىغا چۈشىدۇ، ئىككى پۇت ئۆزىمىزنىڭ. ھارغىنلىق يەتسە ئاسماننى يېپىنچا، يەرنى سېلىنچا قىلىپ ئۇخلايمىز، قورساق ئاچسا گۆشمۇستەك ئىككى قولىمىز تۇرۇپتۇ. خەقنىڭ ھاجىتىدىن چىقساقلا ئىككى نان تاپقىلى بولىدۇ. مەن كۆپ ئويلىنىپ ئاخىر مايىتاغقا كېتىش، نېفىتچى بولۇش نىيىتىگە كەلدىم. ئىككىمىز ئىتتەك مەقسەتسىز تەمتىرەپ يۈرۈشتىن نېمە پايدا؟ مەھەممەتجان بىلەنمۇ دېيىشتۇق، ئۇنىڭ بۇ يەردە تارتىنىدىغان ھېچنېمىسى يوق. ئەمدى گەپ مەشرەپتە قالدى.


مەشرەپ ئەمەتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ھازىرلا ئۇلاردىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقاندەك، چۆچۈپ كەتتى.

— ئەمەت ئاكا مەن سىلەردىن ئايرىلمايمەن.

6

كونا شاۋەن — ئۈرۈمچىدىن چىقىپ دېڭىز كۆيتۇڭگە قاراپ ماڭغان تۆگە كارۋانلىرى، ھارۋىكەشلەر، ئېشەكچىلەر ۋە پىيادە ماڭغۇچىلار ئۈچۈن ئاخىرقى قونالغۇ جاي.

كونا ساۋەندە يول ئىككىگە ئايرىلىدۇ. بىرى، 1936 - يىلى ياسالغان ئىلى تاشيولى، بىرى، كونا توپىلىق يول. تۆگىلىك، هارۋىلىق كارۋانلار، پىيادىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئادەتتە كونا يول بىلەن ماڭىدۇ. كونا ساۋەندىن چىقىپ، ئارىدا «سۇ ساتار» دېگەن جاينى ھېسابقا ئالمىغاندا، تاكى دەك كۆيتۆگىچە بولغان 80 چاقىرىم يولدا قونالغۇ ئورنى يوق. شۇڭا، كارۋانلار كونا ساۋەن بازىرىدا ئوبدان غىزالىنىپ، قېنىپ ئۇخلاپ، راسا كۈچ يىغىۋالغاندىن كېيىن، ئەتىسى بىر كۈن سۇسىز چۆلدە جىبدەللەپ يول مېڭىپ، بىر ئامال قىلىپ دەك كۆيتۆگە يېتىۋالىدۇ. بولمىسا، يولدا قېپقالسا، غالجىر بۆرە بىلەن ياۋا تۆگىۋازلارنىڭ تالاپ تىرىپىرەن قىلىۋېتىشىدىن ساقلىنىش تەس.



ئەمەتلەر ئۆز سەپىرىنىڭ بەشىنچى كۈنى كەچقۇرۇن كونا ساۋەنگە يېتىپ كېلىشتى. يول ياقىسىدىكى ئاشپۇزۇلدا ئاندا - مۇندا غىزالىنىۋالغاندىن كېيىن، مەشرەپنىڭ ئىلتىماسىغا قوشۇلۇپ، ساي بويىدىكى ئېگىز دۆڭ ئۈستىگە چىقىپ ئەتراپنى تاماشا قىلدى. مەشرەپ ئۈرۈمچىدىن يولغا چىققاندىن تارتىپ، سانجى، قۇتۇبى، شىخەنزە، يەنە - خەيلەردىمۇ ھازىرقىغا ئوخشاشلا، تەبىئەتكە، تاغ - دەريالارغا، ئۆزگىچە بولغان يېڭى مەنزىرىلەرگە قىزىقىپ كېلىۋاتاتتى.

ئىككى تەرىپى چەكسىز كەڭلىككە سوزۇلغان تاشلىق ساينىڭ شىمال تەرىپىدە غەربتىن شەرققە قاراپ خۇددى ئۇزۇنىسىغا ياتقۇزۇپ قويۇلغان چورتان بېلىقتەك، مەشھۇر چىڭگىس تېغى، جەنۇب تەرىپىدە ئاسماننىڭ قەرىگە مەگزىنى يېقىپ شەپقەتلىك ئانا تاغ — تەگرىتاغ قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. مەشرەپنىڭ نەزەرىدە، شۇ تاپتا تەگرىتاغ ئۆز ئەتراپىغا يىغىۋالغان سان - ساناقسىز تىزما تاغلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، خۇددى بوتىلاقلىرىنى يېنىغا تارتىپ ئېمىتىۋاتقان قامەتلىك ئانا تۆگىگە ئوخشاپ كەتتى.

ئەمەت دۆڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، چىڭگىس تېغى بىلەن تەگرىتاغنىڭ قارلىق چوققىلىرىغا نەزەر تاشلىدى ۋە مەشرەپكە قاراپ دېدى:

— مەشرەپ، سېنىڭ ھەممە نەرسىنى بىلگۈڭ كېلىدۇ - ھە؟ بىراق مەندە سېنىڭ ئەشنالىقىڭنى قاندۇرالىغۇدەك بىلىم يوق. پەقەت قولاق موللىسىمەن، ئانچە-

مۇنچە گېزىت ئوقۇيدىغانلىقىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپىنچە ئەرسىنى راشىدىن ئەپەندىمدىن ئاڭلىدىم. بىر قېتىم بۇ يولدا ئۇنىڭغا ھەمراھمۇ بولغانمەن. ئۇنىڭ دېيىشىچە، تەڭرىتاغ بىلەن چىڭغىس تېغى ئارىسىدا ئىنسان تېخى سىرىنى بىلىپ يەتمىگەن بىپايان تەكشى ئويمانلىق باركەن. ئۇنى ئادەتتە جۇڭغارىيە ئويمانلىقى دەيمىز. جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ غەربتىن شەرققە ئۇزۇنلۇقى 800-700 كىلومېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 380—400مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئۇ پۈتۈن شىنجاڭ زېمىنىنىڭ تەخمىنەن تۆتتىن بىر ئۈلۈشىگە تەڭ كېلىدىكەن. تېخى دېڭىز يۈزىدىن 500 مېتىرچە ئېگىز دېگەن گەپمۇ بار... قانداق، جۇڭغارىيە قالتىس چوڭمىكەن؟ بىلگۈڭ كەلسە، مېنىڭچە بىز شۇ تاپتا دەل ئاشۇ كويىقاپنىڭ ئىچىگە كىردۇق.

مەشرەپ كۆڭلىدە ئەمەتنىڭ شۇنچە كۆپ سانلىق ئاساسنى بىلىدىغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلەن قاراپ قويدى.

— ياغتاغچۇ؟

— ياغتاغ ئەمەس، مايتاغ دېگىن، — دەپ ئەمەت مەشرەپنىڭ گېپىنى تۈزەتتى، — مايتاغ دېگىنىمىز جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ غەربىدە، تەڭرىتاغنىڭ باغرىدا غەلىتە چوقچىيىپ چىققان تېقىرباش گىلىن تېغىنى كۆرسىتىدۇ. ئاللانىڭ كارامىتى بىلەن بۇ تاغ بىر قارىساڭ كۆمۈردەك قاپقارا، بىر قارىساڭ، كىرسىن چېچىۋەتكەندەك قوڭۇرەڭ بولۇپ كۆزگە چۈشىدۇ. ئۇنىڭدا نە ئوت-چۆپ، نە دەل-دەرەخ بولسا كاشكى!... ئۇنى كۈيتۈك دەرياسى، ئۈچكىتاغ، خەلپەت تېغى دېگەندەك، بىرمۇنچە باش-ئۇچى يوق ئۇزۇن تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ. لېكىن، گىلىن تېغى — بىر خاسىيەت. راشىدىن ئەپەندىمنىڭ دېيىشىچە، ھازىرقى مايتاغ تازا ئاۋاتلىشىدىغان يېقىن كەلگۈسىدىن بىشارەت، ئۇ پۈتكۈل جۇڭغارىيىنىڭ دەسلەپ يېقىلغان نۇرلۇق چىرىغى بولۇپ قېلىشى ئېھتىمال...

ئەمەتلەر شۇ تەرىقىدە بىلگەنلىرىنى سۆزلىشىپ، ساي بويىدىكى ئاشپۇزۇلنىڭ لەمپىسى ئاستىغا يېتىپ كەلدى. بورا ئۈستىگە سېلىنغان گۈللۈك كىگىز ئۈستىدە چاپانلىرىنى غېرىبچە يېيىپ يېتىشىپ، بىردەمدە كىرپىكلىرى ھەملىشىپ، كۆزلىرى ئۇيقۇغا كەتكەنلىكىنى بىلمەي قېلىشتى. ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكى نامەلۇم، ئەمەت گۈركىرىگىنىچە لەمپە ئالدىغا كېلىپ توختىغان «جىپ» نىڭ ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتتى. مەھەممەتجان بىلەن مەشرەپمۇ كۆزىنى ئاچتى.

ئاشپۇزۇل خوجايىنى لەمپىنىڭ تۈۋرۈكىگە ئېسىپ قويۇلغان كىرسىن لامپىنىڭ پىلىكىنى چوڭايتىپ، ئۈستىنى توپا-تۇمان باسقان «جىپ» نىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. «جىپ» تىن ھەممىدىن بۇرۇن چۈشكەن راشىدىن ئەپەندىنى ئەمەت بىر قاراپلا تونۇدى ۋە مەشرەپ بىلەن مەھەممەتجاننى قولى بىلەن «گەپ قىلماڭلار» دېگەندەك نوقۇپ قويدى. لەمپىنىڭ ئاستى قاراڭغۇ بولغاچقا، بۇ يەردە سوزۇلۇپ ياتقان ئۈچ يىتىمچىنى راشىدىن ئەپەندى بايقىمىدى.

راشىدىن ئەپەندى ئاشپۇزۇل خوجايىنىغا قاراپ:

— ئۇستام بىز نەگە كەپقالدۇق، ساۋەنكەمۇ؟ جاھان نېمانچە قاراڭغۇ، بۇ

ئەتراپتا خېلى جىق ئاشپۇزۇل، مېھمانخانىلار بولىدىغانغۇ؟— دەپ سورىدى.
— قېنى جانابلار، دەل ئۆزىگە كەلدىڭلار،— دېدى خوجايىن ۋە ئاشپۇزۇلدا ئە-
تىكى غىزانىڭ راسكاللىقىنى قىلدۇاتقان ئىمكارلىرىغا قاراپ قويدى،— ئاشپۇزۇل دېگەن
مۇشۇ. ئېمىگە زوقۇڭلار تارتسا ھەممىسى — پولو، پېتىر مانتا، كاۋاپ، شورپا... ھازىر-
لا تەييار بولىدۇ. لېكىن بۇ يەردە مېھمانخانا، شۇ تۇرقىدا ھېچقانداق ئاشپۇزۇل
يوق. مېھمانخانا بولمىغىنى بىلەن، كىگىز، گىلەم، پەر ياستۇق، ئەتلەس كۆرپىلەر
سېلىنغان پاكىزە ھوجرىلار بار. قېنى، مەرھەممەت دۇكانغا!
«جىپ» تىن جاك چۇجاك ۋە يەنە ناتونۇش، سېرىق چاچ، سېرىق ئەت بىر
كىشى چۈشتى. كاستۇم- بۇرۇلكا كىيگەن، خۇشپېچىم، كۆك كۆز بۇ كىشىنى ئەمەت
ئۇرۇمچىدە نەدىدۇر كۆرگەندەك قىلدى- يۇ، ئەسلىيەلمىدى.
راشىدىن ئەپەندى مېھمانلار بىلەن ئاشپۇزۇلغا كىرىپ كېتىۋېتىپ، ئاشپۇزۇل
خوجايىنىغا:
— ئۇستام بىز ئالدىرايمىز، يولدا ماشىنىدىن چاتاق چىققىنىمۇ ياخشى بوپتى-
كەن، مانا سىلىنىڭ تائاملىرىغىمۇ ئېغىز تېگىدىغان بولدۇق. لېكىن، بىزنىڭ بۇ يەردە
قونۇپ قېلىش نىيىتىمىز يوق. غىزانى ئالدىراتسىلا،— دېدى.
ئۈچ مېھمان ئاشپۇزۇل ئىچىدىكى ئاسما لامپىنىڭ ئاستىغا كېلىپ، تۆت بۇر-
جەك ئۇستەلنى چۆرىدەپ، ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇشتى. پۇرقىرىتىپ چېكىلگەن ئامېرىكا
تاماكىسىنىڭ يات پۇرىقى بىردەمدە ئاشپۇزۇل ئىچىنى قاپلىدى.
جاك چۇجاك چېكىۋاتقان تاماكىغا ئۇلاپ، يەنە بىرىنى تۇتاشتۇردى ۋە ھېلىقى
سېرىق ئەت كىشىگە قاراپ:
— ھە، ئىنژېنېر ئەپەندى، سۆزىڭىزنى داۋام قىلىڭ، راشىدىن ئەپەندىنىڭ
سىزنى تەكلىپ قىلىپ ئېلىۋالغىنى ئامەتتەك بىر ئىش بوپتۇ. بولمىسا، بۇ نەس باسقان
ماشىنىنىڭ چاتىقى بىلەن زېرىكىپ ئۆلەركەنمىز. شۇنداق قىلىپ، مايتاغدا سانائەت
قىممىتىگە ئىگە نېفىت بارلىقى يوقمۇ، يەنچاڭلاردىمۇ ئىلگىرى مەلۇم بولغاندەك؟—
دېدى.
— شۇنداق،— دېدى ئىنژېنېر ياغلىقىنى نەمدەپ يۈز- كۆزىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ،— بىر-
مۇنچە يازما خاتىرە، ھۆكۈمەت ئارخىپى ۋە بۇ يەردىكى يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئەسلىشى-
چە، مايتاغدا مول نېفىت زاپىسى بارلىقى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90- يىللىرىدىلا بىلىنگەنلى-
بۇنىڭ بەلگىلىنىشىنى بىر مۆجىزە دېيىشىمۇ بولىدۇ. ئەينى چاغدا، يەر قاتلاملىرىنىڭ ئۆز-
گىرىشى ۋە تاغ ھەرىكىتىنىڭ قىسىشى تۈپەيلىدىن گىلىن تېغى ئەتراپىدىكى بىرمۇنچە
ئۆڭكۈر، جىلغا، جىرالاردىن قاپقارا ماي يەر ئۈستىگە سىزىپ چىقىپ، گىلىن تېغى-
نىڭ غەربىدىكى شېغىللىققا خۇددى بىر پارچە قارا ئاسلىقتەك يېيىلىپ يېغىلىۋە-
رگەن، دەسلەپكى چاغلاردا يەرلىك كىشىلەر ئۇنى «يەر مەرىزى» «قارا پاتقاق»
دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا ئېتىبار قىلمىغان. كېيىن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «قارا پاتقاق-
لىق» كاتتا كۆل بولۇپ شەكىللەنگەن. كېيىنچىلىك ئايدىڭدا ئۇچقان تۇرنا، غاز، ئۆردەك-
لەر ئۇنى «كۆل» دەپ بىلگەنلىكتىن، ئۇچۇپ چۈشۈپ مايغا چىلىشىپ قېلىشقانلىقى يەرلە

لىك كىشىلەر ئۇزۇن زامانغىچە بۇ يەردىن ئۇرغۇن تۇرنا، غازلارنى تۇتۇۋېلىشقان.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ياتقان مەشرەپ ئەمەتنىڭ قۇلىقىغا ئاغزىنى يېقىپ:

— ئەجەب ئىشكەن-ھە! ھازىرمۇ ئۇ يەردە تۇرنا، ئۆردەكلەر بارمىدۇ؟ — دېدى.

— جىم، گەپ قىلما، — دېدى ئەمەت.

جاك چۇجاك، ئۆزىچە غودۇردىدى:

— ئەخمەق خەق... ئۇلار ئۇنىڭ قارا سۇيۇق ئالتۇن ئىكەنلىكىنى نېمە بىلسۇن؟... خوش، شۇنىڭدىن كېيىن؟

— شۇنىڭدىن كېيىن، — دەپ ئىنژېنېر تاماكىسىغا سەرەڭگە ياقتى، — مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، يەنى 1905 — 1908 - يىللىرى بولسا كېرەك، چاررۇسىيە گېئولوگى ئابراكوپ بىر گېئولوگىيىلىك چارلاش ئەترىتىنى باشلاپ، كىلىن تېغىنى يىپ ئۇچى قىلىپ، مايتاغ، قاراماي ئەتراپلىرىنى بىرنەچچە قېتىم تەپسىلىي تەكشۈرگەن. مايتاغدا سانائەت قىممىتىگە ئىگە نېفىت بارلىقىنى خېلى ئىشەنچلىك ماتېرىياللار بىلەن دەلىللىگەن. لېكىن، قارامايدا نېفىتمۇ، نېفىت توغرىلىق ئۈمىدمۇ يوق، دەپ خۇلاسە چىقارغان.

— ئۇنىڭ نېمە دېگىنى بۇ؟ — جاك چۇجاك پەرۋاسىزلا سورىدى، — ئەمىسە نېمىشقا ئۇ يەرنى «قاراماي» دەيدۇ؟

— «قاراماي» دېگەن نام، ئېھتىمال، كېيىنرەك قويۇلغان، — دېدى ئىنژېنېر، — گېئولوگ ئابراكوپنىڭ قارىشىچە، قارامايدا ئەسلىدە نېفىت يوق ئەمەس، بولغان؛ بولغاندىمۇ مۆلچەرلىگۈسىز كۆپ بولغان. بىراق، 18 — 20 مىليون يىل ئىلگىرىلا يەرنىڭ سىقىلىش كۈچى ۋە ھەر خىل چۆكۈش - كۆتۈرۈلۈش ھادىسىلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىشى نەتىجىسىدە، ماي ھاسىل قىلغۇچى ياپما قاتلام بۇزۇلغان، يەر يېرىقلىرىدىن ماي سىرتقا ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىغان. بوران - چاپقۇنلار تەسىرىدە يېنىك ماي پارغا ئايلىنىپ، ئېغىر ماي ئاستا - ئاستا قېتىشما ھالەتكە كېلىپ، غايەت زور ئاسفالىت دۆمبەلچىلىرىنى ھاسىل قىلغان.

— ئىنژېنېر، سىزچە بۇ گەپتە ئاساس بارمۇ؟ — جاك چۇجاك قىزىققان ھالدا سورىدى.

— ئاساس بولمىسا، ئابراكوپ ئۇنداق دېمەيدۇ-دە، — دېدى ئېنژېنېر ئويلانغان ھالدا، — ئابراكوپ بۇ قارىشىنى ماقالە ۋە رەسمىي ھۆججەتلەر بىلەن ئىسپاتلاپ جاكارلىغان تۇرسا!... شۇ ۋەجىدىن بولسا كېرەك، 1936 - يىلى 4 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن سوۋېت ھۆكۈمىتى بىرلىكتە «مايتاغ نېفىتلىكىنى چارلاپ تەكشۈرۈش ئۆمىكى» قۇرغاندا، بۇ ئۆمەك قارامايغا ئازراقمۇ قىزىقمىغان... بىراق، مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، قارامايدىكى ئاسفالىت دۆمبەلچىنى بىر ئۇيغۇر كىشى، ئۇنىڭ ئىسمىنى سېلىم بوۋا دېيىشتى، ھە، شۇ كىشى باغرىغا بېسىپ ساقلاپ ياتارمىش. ئۇ بۇ يەردىكى ئاسفالىت دۆمبەلچىنى ئۇچراتقاندىن كېيىن، ئاسفالىت دۆمبەلچىنىڭ يېرىقلىرىدىن ئاندا - مۇندا سىرغىپ چىققان مايلارنى يىغىپ، چەككىلەپ، ئۇنىڭدىن ھارۋاچاقلارنى مايلايدىغان كېرەكلىك مايىنى ئايرىۋېلىپ، ئۇلى چۆچەك، دۆربىلجىنلەر-

گە ئاپىرىپ سېتىپ، تىرىكچىلىك قىلارمىش. «ياغ بۇلاق»، «قارا ياغ»، «قاراماي» دېگەن ناملارنى شۇ كىشى كەشىپ قىلىپ قويغانىكەن. سېلىم بوۋاينىڭ يەنە، رىۋايەتلەردىكىدەك ئاجايىپ گۈزەل مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسى، قارا مايغا بولغان ئاشىقلىق قىسسىسى بار ئىكەن. ئۇنىڭ:

مېنى كىم سورىماق بولسا مەگەر، نېمە قىلدۇ، دەپ سورىسا، قارامايدا
پىراقتىن قەلبى داغ دەڭلار. ساقلاپ ياتار ياغ دەڭلار.

دېگەنىگە ئوخشاش ئۇرغۇن ناخشا - قوشاقلىرى ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ، جۇڭغارىيە ئەتراپلىرىغا تارىلىپ كەتكەن...

مەشرەپ هاياجانلىنىپ، ئىختىيارسىز دادىسىنى ئەسلىدى، دادىسى بىلەن سېلىم بوۋا گويا تەقدىر - قىسمەتلىرى بىر ئادەمدەك، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا گىرەلىشىپ جىلۋىلەندى. ئاغزىنى يەنە ئەمەتنىڭ قۇلىقىغا يېقىپ:

— ئەمەت ئاكا، مېنىڭ سېلىم بوۋىنى كۆرگۈم كېلىۋاتىدۇ، سېلىم بوۋىنى ئىزدەپ تاپقان بولساق - هە! — دېدى.

— جىم... ئۇنىڭ قوشىقىنى ئېسىڭگە ئېلىۋالدىڭمۇ؟ — دېدى ئەمەت ئاستا پىچىرلاپ.

— دەپ بېرەيمۇ؟

— بولدى. جىم...

— بىز سېلىم بوۋىنى ئىزدەپ تاپقان بولساق.

— خاتىرجەم بول. شۇنداق كۈنلەر كېلىدۇكى، بىز ئۇنىڭ تېخى مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسى، قارامايغا بولغان ئاشىقلىق قىسسىسىنى ئاڭلايمىز.

— چوقۇم

ئاشپۇزۇلدىن جاڭ چۇجاڭنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئەخمەق بوۋاي... بېرىۋالغان يېرىنى قارا... بوپتۇ، ئۇ ئەشەدە قارا ئاسفالىتقا مەيدىسىنى يېقىپ يېتىۋەرسۇن. بىز ئۇز گېپىمىزگە كېلەيلى، خوپ، مايتاغنى دەڭ. نېمىشقا يىپ ئارىلاپ نەدىكى بىر بوۋايغا كەتتىڭىزغۇ. قويۇڭ ئۇنى. هە، شۇنداق قىلىپ ئابراكوپ؟

ئىنژېنېر داۋام قىلدى:

— ئابراكوپ مايتاغدا يۇقىرى سانائەت قىممىتىگە ئىگە نېفىت زاپىسى بارلىقىنى ئېنىقلىغاندىن كېيىن، مەنچىڭ هۆكۈمىتى بۇ ئىشقا قىزىقىپ، 1909 — 1913 - يىللىرى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، رۇسىيىدىن تۆت ماي چەككىلەش قازنىنى سېتىۋالغان، ئۈرۈمچىدە ئاشۇ چەككىلەش قازانلىرىنى ئاساس قىلىپ، هۈنەر - تېخنىكا زاۋۇتى قۇرغان. بىراق، مايتاغ بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئارىلىقى يىراق بولغاچقا، توشۇش قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئىش يۈرۈشمىگەن، ئاخىر، بۇ زاۋۇت 1933 - يىلى ئۈرۈمچىدىن يەنسىخەيگە، 1936 - يىلى مايتاغنىڭ ئۆزىگە كۆچۈرۈلگەن. هازىرقى مايتاغ نېفىتلىكى ئاشۇ تۆت ماي چەككىلەش قازنىنى ئاساس قىلىپ، كېڭەيتىپ قۇرۇلغان.

— بولدى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى تارىخ، — دېدى جاڭ چۇجاڭ، — بىزگە چۈشىنىشلىك...

ئاشپۇزۇل خوجايىنى تەر تەپچىپ تۇرغان گۆشلۈك يۈزىنى ئاق لۆڭگە بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ، راشىدىن ئەپەندىگە قاراپ:

— جانابلار، غىزا تەييار، — دېدى.

ھەر خىل قورۇلما، كاۋاپ، ئۈگرىنىڭ مەزىلىك پۇرىقى ئىشتەيىنى غىدىقلايتتى. چاڭ چۇجاڭ غىزادىن كېيىن:

— غەلىتە ئىش، ئۇيغۇر ئاشخانىلىرىدا ھاراق ئىچىشكە رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقىنى زادى چۈشەنمەيمەن. ئەپسۇس، — دەپ غودۇراپ، ھەمراھلىرىنى تېزرەك يولغا چىقىشقا ئالدىراتتى.

ئاشپۇزۇل خوجايىنى بىمەزگىل كەلگەن مېھمانلار ئۈچۈن جورىغىنىغا تۇشلۇق يېتەرلىك ھەق ئالغانلىقىدىن رازى بولۇپ، «جىپ» نىڭ قارىسى يوتكىچە، مېھمانلارنى قولىنى كۆتۈرۈپ ئۇزاتتى.

ئەمەت، مەھەممەتجان، مەشرەپلەر «جىپ» نىڭ قوزغىلىشى بىلەن تەڭ، دەررۇ ياتقان يېرىدىن قوپۇپ، گۈللۈك كىگىز ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قىزغىن پاراڭغا چۈشتى. ئۇلار ھېچقاچان ئاڭلىمىغان يېڭى سىرلاردىن خەۋەر تاپقانىدى. كۆز ئالدىدا تۇرۇپ، «پۈتكۈل جۇڭغارىيىدە دەسلەپ يېقىلغان نۇرلۇق چىراغ — مايتاغ»، تۇرۇپ «ھېلىغىچە ئادىمىزات قەدەم باسمىغان سىرلىق ماكان — قاراماي»، تۇرۇپ «ئادەمسىز دەشت ئىچىدە ماي بۇلاقلىرىغا باغرىنى يېقىپ يېگانە ياشاۋاتقان سىلىم بوۋا» گەۋدىلىنەتتى. نېمىشقىدۇر بىردىنلا سىلىم بوۋىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشتى، ئۇنى سېغىندى، قەلبىدە ئاشۇ مۇھەببەتلىك بوۋايىنىڭ دىيارىغا بېرىش، ئۇنى تاۋاپ قىلىش ئىستىكى ئۇرغۇپ تاشتى.

مەشرەپ قىزغىن سۆھبەتلىشىۋاتقان ئەمەت بىلەن مەھەممەتجاننىڭ سۆزلىرىگە زەڭ قويۇپ ئولتۇرۇپ، ئىختىيارسىز ھالدا نۇربىيەنى ئەسلىدى: «قانداق ئەقىللىق، دىلدىل، قانداق ئوماق قىز-ھە!... سىڭلىم نۇرسىمانغا شۇنچە ئوخشايدىيا...». ئۇنىڭ قۇلىقىدا نۇربىيەنىڭ: «سىز غەلىتە ئىكەنسىز، غەلىتە ئىكەنسىز!... ‹باي-گاداي› بولسا نېمە بوپتۇ؟!.. مەن سىزگە دەپ قويايكى، ياخشى ئادەملەر دوست بولۇپ ئۆتۈشى كېرەك. دوستلۇق باي-گادايلىقنى ئەمەس، ئالتۇن زەنجىر بىلەن باغلانغان پاك رىشتىنى ئۆلچەم قىلىدۇ.» دېگەن سۆزلىرى جاراڭلىدى. «نۇربىيە، نۇربىيە، — دەپ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئىندا قىلدى مەشرەپ، — مېنى كەچۈرۈڭ. مەن سىزنىڭ ئەبەدىيلىك دوستىڭىز، مەن سىزنى ھېچقاچان ئۇنتۇمايمەن. سىڭلىم نۇرسىماننى ئىزدەپ تېپىشقا ئىرادە باغلىغاندەك، چوقۇم سىزنى ئىزدەپ تاپىمەن.»

ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئەمەت، مەھەممەتجان، مەشرەپلەر روھلۇق ھالدا ئورنىدىن تۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە جۇشقۇنلىنىپ تۇرغان ھاياجان، كۆزلىرىدە مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۈمىدۋارلىق — ئىشەنچ ئۇرغۇيتتى.

— كەتتۇق، — دېدى ئەمەت.

— كەتتۇق، — دېدى مەشرەپ.

ئۇلار يېڭى چىققان قۇياشقا تەلپۈنگەندەك، ئۇرغۇپ تۇرغان مۇھەببەت بىلەن مايتاغقا — ئىشچى قېرىنداشلىرى ماكانلانغان قاراپ يول ئالدى.

مەسئۇل مۇھەررىر ماخمۇتجان ئىسلام

رەخىم قاسىم

## ئەخمەتجان قاسىمى خاتىرىسىگە

1

سىز ئىدىڭىز ئۇيغۇردىن چىققان بىر ئۇلۇغ ئىنسان.
ھەر قانچە ئۇلۇغلىسام، ئەرزىيسىز ئۇلۇغلاشقا.
تەرىپىڭىز كۆيلىسەم ئىلھامىم گويا ۋولقان،
(زورمۇ زور كۆيلەش باشقا، يۈرەكتىن چىققان باشقا.)

يۈرەكتىن چىققان سۆزلەر ياقىدۇ يۈرەكلەرگە،
ئۇنىڭدا بار چىن ھېسسىيات، سەمىمىيلىك، راستچىللىق.
شائىر يازار شېئىرنى ئۆزىدىن بۆلەكلەرگە،
بۆلەكلەرگە كېرەكلىكى ھەققانىيلىق، ئادىللىق.

*

سىز بولدىڭىز خەلقىڭىز تەقدىرىگە تەقدىرداش،
خەلق — تەڭرى، سىز گويا ئۇنىڭ سادىق بەندىسى.
خەلق دەردتە يىغلىسا، سىز تۆكتىڭىز بىللە ياش،
سىزنى خۇشال كۆلدۈردى خەلقىنىڭ ھەر غەلىبىسى.

قەلبىڭىزدە خەلق بار، پەقەتلا يوق ئۆزىڭىز،
ئاتىدىڭىز ھەممىنى خەلقىڭىزنىڭ بەختىگە.
شۇڭا خەلق ئالدىدا بولۇپ يورۇق يۈزىڭىز،
ئايلاندىڭىز خەلقىنىڭ ئىپتىخارى — پەخرىگە.

2

سىز ئىدىڭىز ۋەتەنگە جانپىدا ئۇلۇغ ئىنسان،
دېڭىزدىن چوڭقۇر ئىدى خەلقىڭىزگە مۇھەببەت.
نەزەر دائىرىڭىزنى دېگۈم كېلەر كەڭ ئاسمان،
ئالماستىن ئۆتكۈر ئىدى سىزدە ئەقىل-پاراسەت.

بورانغا كۆكرەك كەرگەن تاغ ئىدى — جۇرئىتىڭىز،
غەيرىتىڭىز — بۇلۇتلار باغرىنى يارغان چاقماق.
ئاۋازدىن ئىتتىك ئۇچقان نۇر ئىدى — سۇرئىتىڭىز،
قۇدرىتىڭىز — تۈنلەرنى يورۇتقان مەشئەل - چىراق.

ئاۋازىڭىز — باھارنىڭ مەيىن ئىللىق شامىلى،
سۆزلىرىڭىز — ھەركىمنى قىلاتتى تامام قايىل.
ئەقىدىڭىز — ماگنىتتەك تارتاتتى كەڭ ئاممىنى،
بىر كۆرگەنلەر قول بېرىپ، بولاتتى سىزگە مايىل.

چېھرىڭىزدە پارلايتتى خۇش تەبەسسۇم ھەر قاچان،
ھەر دىلغا نۇر ياغدۇرۇپ چاقنايتتىڭىز قۇياشتەك.
بىر دەقىقە سىز بىلەن سۆھبەتتە بولغان ھەر جان
ئىچەكىشىپ كېتەتتى قەدىناس دوست - سىرداشتەك.

ئەپسۇس، كېتىپ قالدىڭىز بۇ ئالەمدىن بەكمۇ ياش،
قەلبىمىزدە ئېچىنىش، قالدۇق يۇتۇپ غەم - ھەسرەت.
ماتەم تۇتۇپ بارچىمىز قەبرىڭىزدە ئەگدۇق باش،
يەر - جاھاننىڭ ئۆمرىدەك سىز ياشايسىز تا ئەبەت!

مەھەممەتجان راشىدىن

## شېئىرلار

### ھايات ھېسلىرى

ھاياتنى مېنىڭ سۆيۈپ كەلگىنىم راست،
تەلەي، دەپ تونۇغىنىم تىنىقلارنى.
نادانلىق چاغلىرىمۇ نۇرغۇن ئىكەن،
ئۇچتۇم! دەپ ئاتلاپ ئۆتسەم ئېرىقلارنى.

كەلپۇنۇپ تەبىئەتكە تاي بولسامىمۇ،
قۇشلارنىڭ قاتارىدىن قالغۇم كەلمەي.
مارسقا چىقماي تۇرۇپ، قالدىم ئۇندا،
ئۆز جايىم — يەر يۈزىگە يانغۇم كەلمەي.

كەلگەيمۇ ئۆلۈم دېگەن ئەس - يادىمغا،
بىلمىدىم مەنزىلىمنى قەبرىستان، دەپ.
غازاڭغا سەپسالمىدىم باغلاردىكى،
بىلگەچكە تۆت پەسىلنى گۈلىستان، دەپ.

ئويلىسام، خىيالىمدا «ھايات» تامام،
ھايات دەپ يۈرۈپتىمەن چۈشۈمنىمۇ،

باھار، ياز مەندىن سۆيگۈ ئالغىنى راست،
سۆيگىنىم راست تەبىئەت، قىشىڭنىمۇ.

قىلمىدىم ئايدىڭلارنى تۈنگە ھېساب،
كۈندۈزنىڭ جامالى دەپ بىلدىم ئۇنى،
بارچىنىڭ رىزقى دېدىم سۈيىما تاپسام،
ئۆزگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ تىلىدىم ئۇنى.

بارچىگە كۆلكە چاچتىم چىرايىمدىن،
ئاي تۈگۈل، يۇلتۇزغىمۇ سالام بەردىم.

سېخىلىق ئەسىر بولدى ساددىلىقتا،
ئايرىماي ئىتلارغىمۇ تائام بەردىم.

قانچە يىل شۇنداق ئۆتتى سانالمايمەن،
ھەرگىزمۇ شۇ نۇقساندىن تانالمايمەن.
ھاياتنى باشلاي دېسەم يېڭىباشتىن،
كەينىمگە ئەمدى، ئەتتەڭ، يانالمايمەن.

ھاياتنى بىلدىم ئاخىر، بىر كۈن كېلىپ،
يەردىكى ئۇۋاق نانىنى «پۇ» لەپ يېدىم —
كەچۈرگىن، ئەپۇ قىلغىن ئانا تۇپراق،
ئۇ چاغلار مەن ئاشۇنداق گۆدەك ئىدىم.

## كۆڭلۈمگە

يار ئىشىدۇ ساڭىمۇ، كۆڭلۈم، بۈگۈن خۇشاللىق،
گۈللەر يەڭلىغ جاھانغا سەنمۇ چىراي ئېچىپ باق.
كۆلگىنىڭگە دوستلاردىن ھېچكىم ھەسەت قىلمايدۇ،
مەيلى كۈندە ئۇسما قوي، مەيلى خىنا يېقىپ باق.
بۇلبۇل، تورغاي قاتارى قارىغۇجىمۇ بىر قۇشقۇ،
مەيلى بىلگىن، بىلمىگىن سەنمۇ ناخشا ئېيتىپ باق.
بولالمىساڭ ئاي، يۇلتۇز ئادەملەرنىڭ قەلبىگە،
بەلكى، چىراغ بولارسەن، نۇرلىرىڭنى چېچىپ باق.
دوستلىرىڭنىڭ بەرگىنى ئەلگە قىيام-قەنت بولدى،
ئىشەنمىسەڭ مۇبادا، سەنمۇ كېلىپ تېتىپ باق.
تام ياقىلاپ تالاي يىل يۈردۈڭ باغقا كىرەلمەي،
ئەمدى كىردىڭ، مەرھەمەت، سەنمۇ ئۈچكە چىقىپ باق.
ئەجەب ئەمەس «دۈر!» قىلىپ شاخلىرىدىن تۆكۈلسە،
باغلىرىدىن ئەجرىڭنىڭ ئالما، ئۆرۈك، قېقىپ باق.
بەلكىم، سەنمۇ كېلەرسەن بۇ بەيگىنىڭ ئالدىدا،
دوستلىرىڭنىڭ كەينىدىن ئات ئىگەرلەپ چېپىپ باق.
جۈرئەت قىلغان تاپاركەن بۇ دۇنيادىن جەننەتنى،
ئۆتەلمىسەڭ دەريادىن، ئۆستەڭلەرنى كېچىپ باق.
تېپىشماقنى ئوخشايدۇ «تەلەي» دېگەن بەزىدە،
قانداق تاپسا دوستلىرىڭ سەنمۇ شۇنداق تېپىپ باق.

ئارزۇلىرىم

لوقماندەك ياشىسام، تاغلاردەك قالسام،
دۇنيادىن كەتمىسەم-ئۆلمىسەم دەيمەن.
پاراغەت بولسىكەن ئاسمانمۇ، يەرمۇ،
ئىنسانىدا كۆز ياشلار كۆرمىسەم، دەيمەن.
يىغلىسام دوستلارنىڭ دەردى ۋەجىدىن،
كۈلسەممۇ، دوستلار بىلەن كۈلمىسەم، دەيمەن.
يۇ يەتكۈلۈغ ئەرزىمەس شائىر بولغۇچە،
بەزىدە كەيپتىن بوپ ئۆلمىسەم، دەيمەن.
ئادالەت نۇرلىرى مەشۇقۇم مېنىڭ،
شۇلاردىن ئۆزگىنى سۆيمىسەم، دەيمەن.

ھەق تونۇرلىرىدا كۆل بولسام مەيلى،
تۆھمەت ئوچاقلىرىدا كۆيمىسەم، دەيمەن.
ساقلانسام شەيتاننىڭ دەۋەتلىرىدىن،
كىبىرنىڭ كەينىدە يۈرمىسەم، دەيمەن.
قوۋۇقلار سىرتىدا قالساممۇ مەيلى،
خۇشامەت شەھىرىگە كىرمىسەم، دەيمەن.
ئارزۇلار تاتلىقتۇر، خىياللار شىرىن،
بەزىدە گۈل بولسام، گۈللىسەم، دەيمەن.
ئۇرۇقۇم تۆكۈلسە، لېكىن، ئۈنسەممۇ،
خەسسلەر يىغىغا ئۈنمىسەم، دەيمەن.

## شۇ ھەسەت

تىك چوققىلار مېنىڭمۇ، — دېدى بىرى، — مەنزىلىم،
يىغىپ تۇرار ھەسەتنىڭ ئەمما، ئوقى يېنىمدىن.
تالاي قىلىچ بىسلىرى قايرىلغانتى ئالدىمدا،
لېكىن، زۇلمى ھەسەتنىڭ ئۆتۈپ كەتتى جېنىمدىن.
ھەسەتخورنىڭ يۈرىكى چاۋاك چالار پۈتلاشسام،
ياكى بۇلار ئىچكەندەك بىرەر قوشۇق قېنىمدىن.
يىقىلغىنىم بىلمىدىم مۇرادىمۇ شۇلارنىڭ،
بىر پارچە گۆش يېگەندەك بولۇپ قالدى تېنىمدىن.
چۈشىدىمۇ مېنىڭدىن قوسۇر ئىزدەپ ئاۋارە،
تاپالمىسا ئۆزۈمدىن، ئىزدەپ كۆرەر ئېلىمدىن.
ئېيتىڭلارچۇ، قانداقمۇ چىدىغاندۇ ئەجدادلار،
شۇ تەرىزدە شۇ ھەسەت كۆلگەن بولسا قەدىمدىن؟!

مۇھەممەت رېھىم

# كۆكۆل مەھلىيا قۇرلار

## مۇھەببەت لەۋھەسى

پىخىلداپ كۆلدىڭىز، دوستۇم، مۇھەببەتتىن ئېغىز ئاچسام،
ئەقىدەمنى قىلىپ ئىزھار، قەلەمدىن ئۈنچىلەر چاچسام.
مۇھەببەت ھەممە ئادەمگە تەئەللۇق كەڭ دېگىنىز گويا،
ياراشماس نە ئۈچۈن ئەمدى چۆمۈلسەم، چوڭ غۇلاچ ئاتسام؟

يېڭىلىك چاغلىرىدا ئۆتتى مۇھەببەت تەكتىگە يەتمەي،
ئەجەبا ئىش، كۆڭلىگەن ھېچكىم بىلىپ-بىلمەي قوشاق قاتسام.

ھايات ئۆگەتتى زېرىكمەي مۇھەببەت بىرلە نەپرەتنى،
چۈشەندىم، تەكتىگە يەتتىم پىكىر-زېھنىمنى ئويغاتسام.

تىرىكلىك ئالىمى مېھرۇ مۇھەببەتكە پەۋەس تۇرسا،
نېسىۋەم زايە بولمامدۇ ئۇنىڭدىن چەتنىسەم، قاچسام!؟

«مۇھەببەتسىز كىشىنىڭ كۆڭلى قىشتۇر، ئەسلى ياز بولماس»①
دېگەن ھېكمەتنى قەبرەمگە قىلىپ لەۋھە، ئوقۇپ ياتسام.

## زورلىماڭ، ئانا!

(قىز ئاغزىدىن)

زورلىماڭ، ئامراق ئانا، شەپقەت تىلەشكە يول قويۇڭ،
ياتقا بەرگەن ۋەدىڭىزدىن ئەنسىرەشكە يول قويۇڭ.

چاچلىرىمنى ئۆردىڭىز چاچباغ چىگىپ ئىخلاس بىلەن،
شۇ چېچىمنى ئەمدى مەن يۇلماي تۈزەشكە يول قويۇڭ.

سالدىڭىز غەم-قايغۇغا مېنى بىر جاپادا چوڭ قىلىپ،
قايغۇدىن ئازاد قىلىڭچۇ، ئەركىنلەشكە يول قويۇڭ.

بىلمىدىڭ ئەجرەمنى، دەيسىز، بىلمىگەن بولسام ئۆلەي،
ئەجرىڭىزنى رازىلىق بىرلە تۆلەشكە يول قويۇڭ.

سۆيگىنىم تۇرسا مېنىڭ، زورلاپ ئاتىماسىز باشقىغا،
ئۆز ئىرادەمدە تۇرۇپ چىڭ، پۈت تىرەشكە يول قويۇڭ.

خارلىماڭ مۇھەببىتىمنى، جان ئانا، باغرىم ئانا،
بىر ئۆزۈم بەختىمنى دادىل بەلگىلەشكە يول قويۇڭ.

يەتكۈزەي ئارزۇيىڭىزغا نەۋرە-چەۋرە كۆرسىتىپ،
قەلبىڭىزگە شادلىقىمنى كەشتىلەشكە يول قويۇڭ.

---

① بۇ مىسرا يۈزۈلىسىنىڭ.

### يوقالغان قان

— سىزدە قان ئاز، — دېدى دوختۇر تەكشۈ-
رۈپ، — قان تولۇقلاش ياخشىراق ئۇزۇقلىنىپ.
— نەگە كەتتى، ئېيتىڭا، شۇنچە قېنىم؟ —
دەپ ئۇنىڭدىن سورىدىم مەن خورسىنىپ.
دېدى دوختۇر: سىز يوقاتقان شۇنچە قان
كەتتى تەھرىرلىككە يامغۇردەك سىڭىپ.

### شاگىرتىمغا

نۇر ئېمىپ تۇرسۇن قۇياشتىن ھۆسنىڭىز،
پەن بىلەن ھېكمەتكە تولسۇن كۆكسىڭىز.
كۈتىدۇ غەۋۋاسنى ئىلھام قاينىمى،
چىڭ تۇتۇپ قەلەمنى، چوڭقۇر چۆكسىڭىز.
نېمە ئارمان سىزدىمۇ، ئۇستازدىمۇ،
خەلقىمىزگە ئۈنچە - گۆھەر تۆكسىڭىز.

### قىسقا سۆھبەتلەر

1

— ئاڭلا، ئەزرائىل، سوراي سەندىن سوئال،
بىر مىجەزلىك بار سېنىڭ غايەت ئۇسال.
دائىما كۆزگە كۆرۈنمەي كېلىسەن،
بىر كۆرۈپ ئۆلسەك بولاتتۇق بەك خۇشال.
- كەچۈرۈڭلار، ماڭىمۇ لازىم ھايات،
كۆرۈنۈپ كەلسەم، سىلەردە كۆپ ئامال...

2

— ئاڭلا ئەزرائىل، ئەجەب سەن بەتقىلىق،
بىر ئىشىڭغا بىلدۈرەي نارازىلىق.
ياخشىغا كۈن يوق، يامانغا ئاز ئۆلۈم،
بۇ ئەمەسمۇ بىز ئۈچۈن تەڭسىز سېلىق؟
— بىلمىدىڭمۇ، ئەي ھاماقەت، ماڭىمۇ
ياخشىلار لوق گۆش، يامانلار قىلتىرىق.

3

— ئاڭلا، ئەزرائىل، ئۆزۈڭ بەك غەم يېمەس،
بىلىسەن، دۇنياغا بىز باقىي ئەمەس.
جاننى ئالساڭ ئال مۇرادقا يەتكۈزۈپ،
ھېچ كىشى شۇ چاغدا سەندىن رەنجىمەس.
— بىلمەن، بەرسەم سىلەرگە ئىختىيار،
ھېچ كىشى يەتتىم مۇرادىمغا دېمەس.

سۈزۈك

### ئاھ، كۆچۈم

ئاھ كۆچۈم. ئاھ، ئۆز كۆچۈم! نېمەت. ئىككەنسەن مىسلىسىز،
سەن بىلەن ئەمگەك قىلىپ تۇرمۇشنى ئۆتكۈزدۈم لەزىز.
تەندە سەن بولغاچ ماڭا مىننەت ئازابى بولمىدى،
سەن مېنىڭ يۈزۈمنى ئاق قىلدىڭ بېشىمنى ھەم ئېگىز.
سەن بىلەن مەغرۇر نەپەس ئالماق مۇيەسسەردۇر ماڭا،
چۈنكى مەن قۇردۇم ھاياتنىڭ قەدرىگە سەندىن نېگىز.
خىسلىتىڭنىڭ ئۇندا بىرىنى ئەگەر قىلسام بايان،
سەن بىلەن كىتاب يېزىلدى، كۆكلىدى باغۇ ئېتىز.

بىلمىدىم قەدرىڭنى مەن جىسمىمدە بارىڭدا تولا،
گەرچە ئاز قالدىڭ، بىلمىندىڭ سەن بۇرۇنقىدىن ئەزىز.
ئى سۆزۈك يوقتۇر ئۆمۈرنىڭ تۆھپىسىز ھىچ قىممىتى،
كۆچ چىقار قالسۇن دىسەڭ، ئۆمرۈمدىن ئەلگە تۆھپە ـ ئىز.

**ئابدۇللا ياقۇپ**

## قىشلاق كۆيلەرى

### قىشلاقلاردا ئۇچار كۆيلەرىم

قىشلاقلاردا ئۇچار مېنىڭ كۆيلىرىم،
قىشلاقلاردا ياڭرار قەلبىم ناۋاسى.
قىشلاقلاردا چىراي ئاچقان گۈللىرىم،
قىشلاقلارنىڭ خۇش بۇي ماڭا ھاۋاسى.

قىشلاقلارنىڭ توپىسىدىن تۆرەلدىم،
تاراپ كەتكەن قىشلاقلارغا تىنىمقىم.
قىشلاقلارنىڭ قۇچىقىغا بۆلەندىم،
قىشلاقلارنىڭ كۆركى بولغان قىلىقىم.

قىشلاقلاردىن چۆمگەن قەلبىم ھۇزۇرغا
سايلىرىدا سۈزۈك سۇغا چۆمۈلسەم.
جىسمىم تولغان ھارارەتكە ــ غۇرۇرغا،
قۇملىرىغا يۇمۇلانسام، كۆمۈلسەم.

سەيلىگاھىم ئىدى قىشلاق باغلىرى،
رەڭ يۈگۈرتكەن گۈزەل ھۆسنى ھۆسنۈمگە.
قامىتىمگە ئىمىنا بولغان تاغلىرى،
تەگكەن ئۇنىڭ شامالىرى كۆكسۈمگە.

سالسا شاۋقۇن ئورمانلىرى پىچىرلاپ،
جىگدىلەرنى تېرىپ يەيتتىم سايىدا،
سايراپ كەتسە قۇشقاچلىرى ۋىچىرلاپ،
قاشالارغا يامىشاتتىم گاھىدا.

قىشلاقلارغا يامرىغانتى شادلىقىم،
بەخش ئەتكەچ قىشلاق ماڭا قۇتلارنى؛
قىشلاقلاردا نۇرتاراتقان ياشلىقىم،
يۈرىكىمگە سىپلىپ ئۆچمەس ئوتلارنى.

قىشلاقلاردا ئىز قالدۇرغان كۆنلىرىم،
بولۇپ قايناق مۇھەببىتىم بەلگىسى.
قىشلاقلاردا ئۇچار ھامان كۆيلىرىم،
كۆيلىرىمدە چاقنار قىشلاق جىلۋىسى.

### ئەگەر بارسام گۈزەلدەيدۇ گۈل ھىدى

ئەگەر بارسام گۈزەلدەيدۇ گۈل ھىدى،
چۆمۈلگەنمۇ گۈلگە ئالتۇن دىيارىم.
ئايلاندىممۇ ياكى ئۆزۈم گۈللەرگە،
تارقالدىمۇ ئەتراپىمغا ئىپارىم.

ئەگەر بارسام گۈزەلدەيدۇ گۈل ھىدى،
دىمىقىمغا ئاستا ـ ئاستا ئۇرۇلۇپ.
قايسى گۈلدىن كەلگەن خۇش بۇي ھىد بۇ دەپ،
كۆز تاشلىدىم ئەتراپىمغا بۇرۇلۇپ.

باقسام نىگار چىقىپ كەلدى ئالدىمغا،
رەڭ تۈزۈپتۇ گۈلدەك ھۆسن ـ سىياقى.
بىلسەم چاچقان ئىكەن گۈلنىڭ ھىدىنى
ماڭا بولغان ئىشتىياقى ـ پىراقى.

ئايرىلغانغا ئۆلمەستىم.

جامالىڭنى كۆرمىسەم،
يىراقىڭدا كۆيمەستىم،
سېنى ئۇماق يارىم دەپ،
لەۋلىرىڭگە سۆيمەستىم.

مېنى كۆرسەڭ كۆز ئېچىپ،
جىلۋە قىلىپ سۆز ئېچىپ،
تولۇن ئايدەك يۈز ئېچىپ،
سەن كۈلمىسەڭ كۈلمەستىم.

كېزىپ سەھرا ـ باغ ئارا،
ئىزدەپ سېنى تاغ ئارا،
قەلبىم مۇنچە داغ ئارا،
سەرسان بولۇپ يۈرمەستىم.

ۋەسلىڭ ئۈچۈن تۆكسەم ياش،
ھېچ بىلمىدىڭ باغرى تاش،
دېگەن بولساڭ راستىنى راست،
ئايرىلغانغا ئۆلمەستىم.

## چاقنىغاندا ئاينىڭ شولىسى

كۆك يۈزىدە چاقنار ئاينىڭ شولىسى،
گۈزەل سۈرەت سىزىپ ئۇنىڭ ھۆسنىگە.
ئاستا ـ ئاستا تەۋرىنىدۇ شولىلار،
تەگسە شىللىق شامال سۇنىڭ ئۈستىگە.

كۆك يۈزىدە چاقنار ئاينىڭ شولىسى،
گويا كۈمۈش بىلەيزۈكنىڭ رەڭگىدەك.
شاۋقۇن سېلىپ ئۆرلىسە سۇ دولقۇنى،
چېچىلىدۇ بۇزغۇنلىرى تەڭگىدەك.

كۆك يۈزىدە چاقنار ئاينىڭ شولىسى،
يارقىن چىراغ بەخش ئېتىپ كېچىگە.
ئۇماق قىزدەك خۇشخۇي كۈلۈپ نازلىنىپ،
چۆكۈپ يۈزەر ئايمۇ سۇنىڭ ئىچىگە.

چۆمۈپ مەنمۇ خىياللارغا قىرغاقتا،
سۇدا تۇرغان ئايغا باقتىم ـ قاردىم.
ئۆچسا سەلكىن بولۇپ ئىززگۇ ھېسلىرىم،
سۇ يۈزىگە شولا بولۇپ تارىدىم.

## كۆيلىرىمدە كۆيلەنگەن ھايات

كۆيلىرىمگە نۇر بەرگەن ھايات،
كۆيلىرىمدە چاقنىسۇن مېھرىڭ.
كۆيلىرىمدە ياندۇرۇپ ئاتەش،
كۆيلىرىمدە پارلىسۇن چېھرىڭ.

كۆيلىرىمنى قىلغىن سەن قەدەھ،
كۆيلىرىمدىن ئۇتلىغىن شاراب،
كۆيلىرىمگە ئېچىپ كەڭ قۇچاق،
كۆيلىرىمگە كەت سىڭىپ ـ تاراپ.

كۆيلىرىمگە بەرگەن كۈلكەڭنى،
شادلىقىڭنى يۈركىگەن تۇتاش،
كۆيلىرىمدە ئەيلىنىپ جىلۋە،
كۆيلىرىمنى سۆيسۇن زەر قۇياش.

كۆيلىرىمگە رەڭ بەرگەن ھايات،
كۆيلىرىمدەك ياشنىسۇن دىيار،
كۆيلىرىمدىن ئالسۇن جان ھۇزۇر،
كۆيلىرىمدىن چېچىلسۇن ئىپار.

كۆيلىرىمگە قۇت بەرگەن ھايات،
كۆيلىرىمدە چايقالسۇن ھېسلار،
كۆيلىرىمگە بەر يەنە قانات،
كەڭ ئۇپۇقتا قالدۇرسۇن ئىزلار.

كۆيلىرىمدە كۆيلەنگەن ھايات،
كۆيلىرىمگە كۆي قاتسۇن خىيال.
كۆيلىرىمدە كۆلسۇن ئارزۇيۇم،
كۆيلىرىمدە يۈز ئاچسۇن ۋىسال.

...ئىزدەپ كەلدىم ۋەسلەڭنى

تۈن تۇمانى ئەلەڭگىدۈر قاچقاندا،
شۇبھىسى كۆلۈپ چىرايىنى ئاچقاندا،
قۇياش ئەلۋەك نۇرلىرىنى چاچقاندا،
ئىبقىن بويلاپ ئىزدەپ كەلدىم ۋەسلىڭنى.

تولۇن ئايدەك يۈزلىرىڭنى سېغىنىپ،
ئويناقلىغان كۆزلىرىڭنى سېغىنىپ،
بولدۇم مالال سۆزلىرىڭنى سېغىنىپ،
ئىبقىن بويلاپ ئىزدەپ كەلدىم ۋەسلىڭنى،

قولىقىمغا كىرىسە شاۋقۇن ئىماداسى،
ئايان بولدى ئۇندا قەلبىمنىڭ تاۋاسى،
سەن ئىدىڭغۇ يۈرىكىمنىڭ داۋاسى،
ئىبقىن بويلاپ ئىزدەپ كەلدىم ۋەسلىڭنى،

دىل خانەمدە ئۆچمەي نۇرلۇق چىراغىڭ،
قىلدى كاۋاپ تەننى ئىشقىڭ - پىراقىڭ،
كۆرۈنمەسمۇ ماڭا گۈلدەك سىياقىڭ،
ئىبقىن بويلاپ ئىزدەپ كەلدىم ۋەسلىڭنى،

قۇتۇلاي دەپ ئاشۇ ھىجران داغىدىن،
ھالقىپ ئۆتتۈم چەبىر جاپا تاغىدىن،
گۈلنى ئۈزۈپ ساڭا قەلبىم باغىدىن،
ئىبقىن بويلاپ ئىزدەپ كەلدىم ۋەسلىڭنى،

ئۆمرۈم ئۆتتى ئىنتىزارلىقتا ساڭا،
دىدارىڭنى كۆرەي، قۇچاق ئاچ ماڭا،
ئەركىلەپ بەر قەترىلەرنى چاچ ماڭا،
ئىبقىن بويلاپ ئىزدەپ كەلدىم ۋەسلىڭنى،

**تاغ كەينىگە ئۇزاتتىم ئاينى**

تاغ كەينىگە ئۇزاتتىم ئاينى،
يىراقلارغا كۆزۈمنى تىكىپ.
ئاي خوشلاشتى مەن بىلەن ئاستا،
ۋادىلارغا نۇرىنى چېچىپ.

تاغ كەينىگە ئۇزاتتىم ئاينى،
جىسمىم ئارا تارىدى ئوتلار.
ياشلىقىمنىڭ ئىتەكلىرىگە،
ئاي نۇرىدەك چېچىلدى قۇتلار.

تاغ كەينىگە ئۇزاتتىم ئاينى،
ئاي سۈرىتى قالدى كۆزۈمدە،
سۆزۈلگەندە شىشىدەك ئۇيۇق،
تاڭ كۈلكىسى ياندى يۈزۈمدە.

**قىيالارغا ئۇرۇلغىن ھېسلار**

قىيالارغا ئۇرۇلغىن ھېسلار،
ئۇچقۇچ ھەريان تاشلارغا سوقۇل،
دولقۇنلىرىڭ سەكرىسۇن ھەريان،
كەلگۈلەرنىڭ قوينىغا قۇيۇل.

قىيالارغا ئۇرۇلغىن ھېسلار،
تىترەت چەكسىز زېمىننى - يەرنى.
ئاي پارلىسا ئاخشىمى سەندە،
تاڭ پەيتىدە چايقىغىن زەرنى.

قىيالارغا ئۇرۇلغىن ھېسلار،
بۇرغۇنىڭدىن چاچرىسۇن نۇرلار،
شاۋقۇنۇڭغا قېتىلسۇن ناخشام،
قىممىتىڭنى كۆيلىسۇن قۇرلار،

ئابەلجان ھېبىت

## ئارمانلىرىم

### نورۇز لىرىكىسى

كۆل باغرىم، كۆزلىرىڭنى ئاچ زېمىنىم،
ئويناسۇن قارا كۆزلۈك ئاھۇلىرى.
يىل بېشى — نورۇز بىلەن ئېرىمەكتە
مۇزلىغان كىرپىكلەرنىڭ قىراۋلىرى.

قۇت تىلەپ نورۇز كەلدى قۇياش يۈدۈپ،
باغاشلا نورۇزنى سەن، قۇياش سىڭىلىك...
جور بولسۇن قۇياش ئېيتقان ناخشىلارغا،
گۈپۈلدەپ تىنماس يۈرەك سوقۇشلىرىڭ.

قارىغىن، نورۇز سۆيگەن ۋادىلارغا
يېڭىدىن بىخلانماقتا تەۋرەپ جاھان.
يۈرەكنى ئوت ئىچىدە مەست قىلغۇچى
رەسىدە بولغان قىزنىڭ كۆكسىسىمان.

تىڭشىساڭ ھەممە ياقتا بىخ ناۋاسى،
تاغلاردا، دالىلاردا تالالاردا ھەم.
مايسىلار باش كۆتۈرۈپ بىخلانماقتا،
يۇرتۇمغا يېڭىچە تۈس بېرىپ بۈدەم.

بىخ پەسلى كەلگۈسىنىڭ بىخلىنىشى،
بۈگۈننىڭ ئۈمىد سۆيگەن تۇپرىقىدا.
ئاز ئۆتمەي گۈل - چېچەكلەر يەلپۈنىدۇ
كەڭ ئۆلكەم قۇچىقىدا، ئوپۇقىدا.

كۆل باغرىم، كۆزلىرىڭنى ئاچ زېمىنىم،
ئويناسۇن قارا كۆزلۈك ئاھۇلىرى،
يىل بېشى — نورۇز بىلەن ئېرىپ بارار،
مۇزلىغان كىرپىكلەرنىڭ قىراۋلىرى...

### يۇمۇلماس كۆزلىرىم ئۆلسەممۇ ئەگەر...

ئارمانلار كۆزىنى توسۇپ بولمامدۇ
كىشەنلەپ، تەھقىقلەپ ياكى توغىلاپ؟
ئۆلسىمۇ گاھ كۆزلەر ئوچۇق كېتىدۇ،
تىرىكلەر تەسلىكتە يۇمدۇرار سىيلاپ.

ھاياتنىڭ ئارمىنى شۇقەدەر شېرىن
شېرىنلىك قەدرىگە يەتكەن يۈرەككە.
ئارمانىنىڭ جىلۋىسى گويا بىر يانغىن،
يانغىنىدا چوغ بولۇپ كۆيگەن تىلەككە.

شۇڭا مەن ھاياتنى چەكسىز سۆيەرمەن،
دىمىنى ئىمزەدەيمەن تاڭدىن ھەر تاڭدىن.
قان ئۈيۈپ كەتسىمۇ يۈرەك - باغرىمغا،
مەن ئۇندىن كەچمەيمەن، كەچسەممۇ جاندىن.

مەيلى ئۇ ئۆسسۇن تەپكۈچ ئۈزىندا،
سۆيگۈمنى ۋە ياكى قىلسۇن تىل - تۇمار.
مەن ئۇنى سۆيەرمەن، سۆيەرمەن ئەبەد،
ھەر تىنىق ئىچىدە مىڭ بىر ئىپتىخار.

چاڭقىسام ئىچەرمەن ئارمان سۈيىنى،
ئاچ قالسام، بوغۇزۇم گۈزەل ئارزۇلار.
دىل قانداق چىدايدۇ ئۇندىن ئايرىلىپ،
يۇمۇلماس كۆزلىرىم، يۇمۇلماس زىنھار...

شۇڭا مەن جان ئۈزسەم ئەگەر دوستلىرىم،
ئاۋارە بولماڭلار كۆزۈمنى سىيلاپ.
شۇندىمۇ يۇمۇلماس ئوچۇق كۆزلىرىم،
ياتارمەن تائەبەد ئارمانلىق قاراپ.

## تىترىسەم

تىترىسەم مەن سېنى كۆرگەندە دىلبەر،
دېمىگىن «ۋۇجۇدۇڭ نېچۈن تىترەيدۇ؟»
بىلمەمسەن، ئەي جانان، مەن ئەمەس ھەتتا
سۆيگۈنىڭ قولىدا ئالەم تىترەيدۇ...

## يوشۇرۇن ئەشق

ھېيىقىش ئىلكىدە باقىمەن ساڭا،
قىزىقىش قەلبىمگە ھامان ھۆكۈمران.
قورقىمەن،
سېنىڭدىن قاچىمەن يىراق،
ھەم يەنە ئىزدەيمەن چىن دىلدىن شۇئان.

## بىر جۈپ ئاق قۇ...

ئايرىدىم دەپ بىزنى كۈلمىگىن ھىجران،
يوللارغا كۈمۈش رەڭ ھالقىلار تىزىپ.
مەيلىم ئۇ دەپ يەنە يۈرمىگىن ھەريان،
بۇغداي ئۆڭ يۈزلەرگە سېرىق رەڭ سىزىپ.

گەرچە بىز بولساقمۇ ۋەسلىگە تۇتقۇن،
قەلبىمىز ئاق ئەتىر كەبى ساپ، ئاق ئۇۋا!
ئايرىلىش نېمە ئۇ...
كۆڭلىمىز پۈتۈن،
سۆيگۈمىز كۆك سۆيگەن بىر جۈپ ئاق ئاق قۇ...

## كەپىدىكى سۈرەت

ئاي نۇرى ھەل بەرگەن سۈت رەڭ كەپىدە،
بىر جانان تولغىنار تۆشەك ئىچىدە.
بۇلۇتلار ياپقاندەك ئاينىڭ ئەكسىنى،
تىپىرلار يۈزىكى تۈتەك ئىچىدە.
ئىنسانىنى مەھلىيا قىلار جامالى،
كۆرۈنەر شۇقەدەر غۇۋا ھەم تۇتۇق.
چېھرى ئاي ھۆسنىگە سۈتپە چۈۋۈلغان،
قاپقارا چاچلىرى ياپقاندەك يوپۇق.
جۈپ كۆزى ئېسىلغان يۇلتۇزدەك گويا،
چاقنايدۇ چوغسىمان ئۈمىدلىك يېنىپ.
ئۆرلەيدۇ، پەسلەيدۇ يۈرەك قەپىسى،
تۇندىكى ھەيۋەتلىك دېڭىزدەك تىنىپ.
تەۋرەيدۇ ئۇ شۇنداق مۇڭلۇق، ئازابلىق،
تىنىدۇ ۋە چەكسىز سۆيگۈ، ھەۋەستە.
بەرگەندەك شۇ ئۇتلۇق دىمىدىن گويا
سۆي مېنى دېگەندەك بىر ئېزگۈ شەپە...

## ئامرىقىم...

تىنماستىن سۆيىمەن سېنى ئامرىقىم،
بىر تىنىق بوشلۇقى ھىجرانغا ئەسىر.
ئەتىنىڭ كۆزىدە قايسى ئىرادە،
بىلمەيمىز سەن ۋە مەن، بىلمەيدۇ تەقدىر.

تىنماستىن سۆيىمەن سېنى ئامرىقىم،
بىر سۆيۈش لەززىتى ھاياتقا تەبىر.
تاڭ قالسۇن بۇ تاتلىق سۆيۈشۈشلەردىن
ئۆتكەن ھەم ئۆتكۈچى ئاي،
كۈن، يىل، ئەسىر.

## تاماكا

ئەلتىگەندە بىر تال تاماكا!
بىلىمەن ئۇنىڭ زەھەرلىشىنى.
ئۈمىدىمنى ئۆمرۈمگە قوشۇپ،
ئۇپرىتىشىنى.
بىراق،
چېكىمەن يەنە
بىلىپ تۇرۇپ،
سۆيۈنۈپ تۇرۇپ.
ئارمىنىم ئۈچۈن،
ئۇزۇن ياشىشىم ئۈچۈن،
ئالارمىكىن دەپ
يۈرىكىمنىڭ زەھرىنى...
ئەتىگەندە بىر تال تاماكا!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋەلى داۋۇت

# «خارىس ساپا»

(ھېكايە)

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ نامسىز قەھرىمانلىرىغا بېغىشلايمەن

تېخى گۈگۈم چۈشمىگەنىدى. بىر تۈپ گومىنداڭ ئەسكىرى ئاۋۋالقىدەكلا ھەيۋەت بىلەن قارىغايلىق تاغقا تۇتاشقان ئوتتۇز نەچچە ئۆيلۈك يېزىنىڭ كونا مەسچىتىگە يىغىلىشتى-دە، مىلتىق ۋە ئاپتوماتلىرىنى مېھرابقا تىزىپ قويۇپ، بەزىلىرى بورىلار ئۈستىدە سوزۇلۇپ يېتىشتى. قايسىبىرلىرى تېخى ئۈستىدىن ئايرىلمىغان موزاينى سۆرەپ كېلىپ، سويۇپ-پارچىلاپ مەسچىت ھويلىسىدىكى شۇ توشقۇزۇلغان داش قازانغا تاشلاپ، ئوتنى ئۇلغايتتى.

— ئوفىتسېر جانابلىرى، مەن بېرىپ بىرنەچچە شىشە تېپىپ كەلسەم قانداق؟ — دېدى بىر ئەسكەر كىگىز ئۈستىدە ياتقان ئوفىتسېرغا خۇشامەتكۈيلۈك بىلەن. ئارقىدىنلا قورقۇپراق ئاستا قوشۇپ قويدى: — بۇزادەرلەر ئازراق كەيپ قىلساق دەپ ئىلتىماس قىلىۋاتىدۇ.

ئوفىتسېر بىردەم جىمجىت ياتقاندىن كېيىن ئاستا ئۆرە بولۇپ:

— بولىدۇ، ياخشىراقىدىن بولسا تېپىپ كەلگىن، — دېدى.

ئوفىتسېر قايتىدىن ئورنىغا سوزۇلۇپ ياتتى-دە، تورۇستىكى ئىسلىشىپ كۆككۈلسىز ئېسىلىپ تۇرغان بورا پارچىلىرىغا تىكىلىپ ئەلەملىك خىيالغا چۆكتى:

«مۇشۇنداق نەس باسقان — شەيتان يولىماس يەرلەرگە مېنىلا بۇيرۇشىدۇ، ئۆزلىرى بىر كېلىپ باقسىدى، ھەممە ياق لەھەنتەك سۆرلۈك، خۇددى ھازىرلا دەھشەتلىك چېقىن يېنىپ ھەممىنى كۆكۈن-تالقان قىلىدىغاندەك. كاشكى بۇ يەرنىڭ جاھىل خەلقىدىن بىرەر ئېغىز ئىقرار ئېلىش مۇمكىن بولسا! ھەرقانچە ئۇرۇپ-توقماقلىساممۇ ھامان بۆرىدەك ھۇرپىيىپ، ئۈنسىز ھالدا تۇرغىنى-تۇرغان. ئۇلارنىڭ دەيدىغىنى پەقەت تاغدىكى ئوغرىلار بىلەن بىزنىڭ ھېچقانداق ئالاقىمىز يوق، بىز ئۇلارنىڭ تۇرار جايلىرىنىمۇ بىلمەيمىز، دېگەن بىر جۈملىلا سۆز. بۇ يەرگە كەلگىنىمىزگە ئۈچ كۈندىن ئاشتى. پۈتۈن يېزىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تاغ-ئېدىر-

لارنى چاشقان تۆشۈكىگىچە قېدىرىپ چىقتۇق. ھېچقانداق يىپ ئۇچى تېپىلغىنى يوق. شۇنىڭغا قارىماي ھەر كۈنى ئادەم ئەۋەتىپ، تاغ باندىتلىرىنى تۇتۇپ بىر ھەپتە ئىچىدە ساقچى ئىدارىسىگە ھەيدەپ كېلىڭلار، دەپ بۇيرۇق قىلىشىدۇ. بۇ جانابلار ھەتتا چۈشلىرىدە كۆرگەنلىرىنىمۇ بىزگە بۇيرۇشىدۇ...»

— دوكلات، كوماندىر.

ئوفىتسېر چۆچۈپ خىيالدىن ئويغاندى-دە، ئالدىدا تۇرغان ئەسكەرنىڭ مەست ۋە خۇنۇك ھالىتىگە نەپرەت بىلەن قارالدى.

— سۆزلە!

— سىرتتا ئىككى ئادەم سىز بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، — دېدى ئەسكەر تىلىنى چايناپ.

— ساقچى ئىدارىسىدىن كەپتىمۇ؟ — زەردە بىلەن سورىدى ئوفىتسېر.

— ياق، تونۇشمىسىزلا ئادەملەر. ئۇلار تاغ ئوغرىلىرى توغرىسىدا خەۋەر ئەپكەپتۇ. ئوغرىلارنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلىدىغانغا ئوخشايدۇ.

— ناھايىتى ياخشى، — ئوفىتسېرنىڭ خاپىغان يۈزىدە جانلىنىش پەيدا بولدى، — ئۇلارنى چاقىر!

ئەسكەر چىقىپ كېتىپ كۆپ ئۆتمەيلا ئىككى ئادەمنى باشلاپ كىردى. بىرى، بۇدۇر قارا ساقاللىق، سېمىز، گەۋدىلىك، يەنە بىرى، كىچىكرەك، ساقالسىز ئىدى. ئۇلار سېمىز، ئۈركىگەك قارا قويىنى يېتىلىگەن پېتى تەمتىلەپ بېسىپ ئوفىتسېرنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئاندىن ھەر ئىككىلىسى ھىجايغىنىچە ئوفىتسېرغا پۈكۈلۈپ سالام بەردى.

— سىلەر تاغ ئوغرىلىرىنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلەمسىلەر؟ — ئوفىتسېر ئۇلارنىڭ جۇلجۇل، ئوشۇقىغىچە سۆرىلىپ تۇرغان قارا پەشمىتى ۋە قېرى كالا تېرىسىدەك پۈرۈلۈپ-پۈرۈلۈپ كەتكەن قوپال چورۇقىدىن كۆزىنى ئۈزۈپ سورىدى.

— شۇنداق، باشلىق جانابلىرى، بەش قولدەك بىلىمىز. ئۇلارنى تېخى ئاۋۋال ئاخشاملا تاغدا ئۇچراتتۇق، — بۇدۇر ساقاللىقى خۇددى بوغۇزىنى نامەلۇم قول بوغۇۋاتقاندەك خىرىلداپ جاۋاب بەردى.

— ئۇلار قانچە ئادەمكەن؟ سەن بىلەن سۆزلەشتىمۇ؟

— ئۇلار سەككىز ئادەمكەن... ياق ھەممە بولۇپ يەتتە ئادەمكەن. مەن قېچىپ كەتمەكچى بولۇۋىدىم، ئۇلار كۆرۈپ قېلىپ «ھەي! تاز موزاي، بۇ ياققا كەل!» دېدى.

— كېيىنچۇ؟ — ئالدىراپ سورىدى ئوفىتسېر.

— ئۇلار مەندىن «ئىسلام يېزىسىغا ھۆكۈمەت ئەسكىرى چۈشتىمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن «ھەئە، مىلتىق ۋە زەمبىرەكلەر بىلەن يەتمىش ئەسكەر كەلدى» دېدىم، ئۇلار چۆچۈپ كەتتى. ئاندىن مېنى: «ئەگەر بىزنىڭ قەيەردىلىكىمىزنى باشقىلارغا ئېيتىپ قويساڭ سېنى ۋە خوتۇنۇڭنى بوغۇزلىۋېتىمىز» دەپ قورقۇتۇپ قوغلىۋەتتى. ئەمەلىيەتتە مېنىڭ مۇشۇ ئىنىمدىن باشقا قانداقتۇر خوتۇنۇم ھەتتا تۇغقانلىرىممۇ يوق ئىدى.

ئوفىتسېر ئۇلارغا يېقىنلاپ ھەيۋە بىلەن سورىدى:

— مېنى ئالدىماۋاتقانسەن؟ سەنلەر نېمە ئادەم؟ قانداق بولۇپ ئوغرىلارغا

ئۇچرىشىپ قېلىشتىڭ!؟

— باشلىق جانابلىرى، بىز ھۆكۈمەتنى ھەرگىز ئالدىمايمىز ھەم ئالداپ باققانمۇ ئەمەس، ھەممىسى راست گەپ. مېنىڭ ئىسمىم خارىس ساپا، غەلىتە ئىسىم، بۇ بىزگە دادىمىزدىن مىراس قالغان. كىشىلەر بىزنى مۇشۇنداق ئاتاپ كەمسىتىشىدۇ. بۇ ئىنىمنىڭ ئىسمىمۇ شۇ — خارىس ساپا. دادىمىز ئوتۇنچى ئىدى، تىنچ كۈن كۆرۈۋاتاتتۇق. بىر كۈنى تاغدىكىلەرنىڭ بىر پالۋىنى ئادەملىرىنى باشلاپ كېلىپ دادامنى ئۇرۇپ يىقىتىپ قويۇپ، ئىككى ئېتىمىزنى بۇلاپ كەتتى. دادام تاياقتىن ئۆرە بولالماي ئۆلدى. شۇندىن بېرى ئىنىم ئىككىمىز تاغدىن ئوتۇن توشۇپ كۈن ئېلىۋاتىمىز. تۈنۈگۈن ئۇلارنى ئۇچراتتۇق-دە، بىردىنبىر مۈلكىمىز — مۇشۇ بىر قوينى ئېلىپ سىلەرگە قېتىلىپ كېتىش ئۈچۈن كەلدۇق. مەن سىلەرنى ئاشۇلارنىڭ نەق ئۇۋىسىغا باشلاپ بارالايمەن، — بۇدۇر ساقاللىق سۆزىدىن بىردىنلا توختاپ، ئىنىسى بىلەن تەڭ ئوفىتسېرنىڭ ئالدىغا تىزلىنىپ يىغلامسىراپ يالۋۇردى:

— بىزنى ئەترىتىڭىزگە قوبۇل قىلىڭ، باشلىق جانابلىرى، تاغلىقلارنى يوقىتىشقا بىزمۇ قاتنىشىمىز، بولمىسا بىز دادىمىزنىڭ روھىغا يۈز كېلەلمەيمىز.

ئوفىتسېر مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلگىنىچە ئۇلارنىڭ مۈرىسىگە قېقىپ قويۇپ ئېيتتى:

— ياخشى، ياخشى خارىس ساپا، بىز سىلەردەك قابىل ئادەملەرنى ناھايىتى ئەتىۋارلايمىز. ئەتە سەھەرلا بىزنى ئوغرىلارنىڭ يېنىغا باشلاپ بار. سىلەرگە قورال ھەم كىيىمنى باش ساقچى ئىدارىسـ

غا قايتقاندىن كېيىن ئۆزۈم ھەل قىلىپ بېرىمەن ۋە مۇكاپاتلايمەن.

— رەھمەت باشلىق جانابلىرى... سىز بىزنىڭ باشپاناھىمىز، — ئۇلار خۇشاللىقتىن ھودۇقۇپ كېكەچلەيتتى، — سىزگە مۇشۇ ئەرزىمەس قويدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە ئەپكېلەلمىدۇق. رۇخسەت قىلىڭ! غاچچىدە سويۇپ، ئۆزقولىمىز بىلەن ئوخشىتىپ بىر شورپا قىلايلى، بۇرادەرلەر ئېغىز تەگسۇن، قوزا چېغىدىن تارتىپ ئۆزىمىز بوقدىغان قوي بۇ...

ئوفىتسېر قاقاقلاپ كۈلدى.

— ئەلۋەتتە، مەن سىلەرنىڭ دوستلارچە ھىممەت-رايىڭلارنى قايتۇرمايمەن.

ئىككى سائەتتىن كېيىن ئوفىتسېر ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى قاچىلىرىدىكى «بورداق قوي شورپىسى» نى ئىچىپ تۈگەتمەستىنلا قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى.

ھېلىقى ئىككى «خارىس ساپا» مېھرابىتىكى ۋە ئۆلۈكتەك ئۇخلاۋاتقان پوستلارنىڭ قوللىرىدىكى قوراللارنى يىغىشتۇرۇپ ئوفىتسېرنىڭ ئېتىغا غانجۇغىلاپ تاڭدى. ساقالسىز، ۋىجىكرەكى قالايمىقان چېچىلغان قوي گۆشى ئۈستىدىلا ئۇيقۇغا كەتكەن ئوفىتسېرنىڭ يېنىغا كېلىپ ھەمراھىغا كۆز قىسىپ قويۇپ:

— قورال ۋە كىيىمنى ھازىرلا ھەل قىلىۋالساقمۇ بولىدۇ، باشلىق جانابلىرى، — دېدى.

ئۇلار بىردەمدىلا ئوفىتسېرنى كالتە ئىشتان بىلەنلا قالدۇردى-دە، گومىنداڭچىلارنىڭ ھويلىدىكى ھارۋىسىغا قېتىلغان ئاتلىرىنى چىقىرىپ، يېتىلەپ سىرتقا چىقتى.

بۇ ۋاقىتتا مەھەللىدىكى كىشىلەر

(ئاخىرى 57 - بەتتە)

ئەسئەت ئەمەت

# قەلەندەرنىڭ سەدىقىسى

(ھېكايە)

ئاددىيلا بىر قەلەندەر، بېشىدىن-ئايىغىغىچە كۆڭۈلنى ئاينىتىدىغان رەسۋا قىياپەت. قەلەندەرلەرنى كىم مۇشۇنداق ئەبگا ھالەتتە ياشىسۇن دەپتۇ. ئەڭ ياخشىسى ئۇلارغا قارىمايلا قوي، ئۇلارغا ياخشى نىيەتتە بولۇشنىڭ ئۆزى ئۆز ئىززىتىنى يەرگە ئۇرۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

مەن بۇرۇن مۇشۇ خىل قاراشتا بولۇپ كەلگەنىدىم. ئەمما بۇ قارىشىم تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ كەتتى. بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلۈكىنى ئۆزۈممۇ تازا چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن، بەلكىم بۇ قەلەندەرگە ھەقىقىي دىققەت قىلىشقا باشلىغاندىن بۇيان، بۇرۇن بەكمۇ يۈزەكى قاراشتا بولۇپ كەلگىنىمنى چۈشىنىپ يەتكەنلىكىمدىن بولسا كېرەك.

مەن ئۇنى بىرنەچچە كۈندىن بېرى كۆزىتىپ كېلىۋاتاتتىم، ئۇ ئادەتتە مۈرىسىگە رەڭگىنى پەرق قىلغىلى بولمىغۇدەك كىرلىشىپ، پارقىراپ كەتكەن ئەسكى خۇرجۇن ئارتىۋالاتتى. قولىدا تاياق بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ئەسكى چاپان كىيگەن كىشىلەرنى كۆرسە بىتۇرلۇقى تۇتۇپ كېتىدىغان لالما ئىتلارغا تاقابىل تۇرۇش قورالى ئىكەنلىكىدىن ھېچ كىشى گۇمانلانمايتتى، ئۇنىڭ نۇرسىز كۆزلىرى ۋە سولغۇن چېھرىدە چۈشىنىپ بولمايدىغان بىر خىل ھەسرەت ۋە غۇرۇر بىلىنەر-بىلىنمەس ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئەمما بۇنى ئۆچۈش ئالدىدىكى ئاداققى تۇيغۇ دېيىش بەكمۇ مۇۋاپىق ئىدى.

مەن ماگىزىنىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئېغىر ئاياغلىرىنى سۆرەپ ئۇيان-بۇيان ئۆتكەنلىرىنى دائىم كۆرۈپ تۇراتتىم. ئۇ قېرىپ كۈندىن-كۈنگە قاقشال بولۇپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. شادلىق شاۋقۇنى بىلەن تولغان مۇشۇ ناھىيە بازىرىدا بۇ قەلەندەرنىڭ يەنىلا مۇشۇنداق ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى كىشىنى ھەقىقەتەن ئېچىندۇراتتى.

ئۇ ھايات مۇساپىسىدە ئەنە شۇنداق ئەرۋاھتەك ئالغا سىلجىپ باراتتى، ئۇ نېمە ئۈچۈن ياشايدىغاندۇ؟ ھەممە ئادەمنىڭ ياشاشتا بىرەر مەقسىتى بولىدىغۇ، دەپمۇ ئويلاپ قالاتتىم، نېمىلا بولمىسۇن، ئۇنىڭمۇ تۇرمۇشتا ئۆزىگە مۇناسىپ بىر كىشىلىك ھەققى بار ئىدى.

بىر كۈنى ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقىت

بولۇپ قالغاندا ئۇ ماگىزىنغا كىرىپ كەلدى، نېمە قىلىشىنى بىلمەي بىردەم گاڭگىراپ تۇردى-دە، كېيىن دۇدۇقلاپ:

— ئۇكام، پارچە پۇللىرىم بار ئىدى، پۈتۈنلەپ بەرسىڭىز، — دېدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن بولۇپ، بىر كۆرگەن كىشىدە غەلىتە تەسىرات پەيدا قىلاتتى. مەن ماقۇل دېگەننى بىلدۇرۇپ بېشىمنى لىڭشىتتىم. ئۇ قوينىدىن بەكمۇ كىرلىشىپ كەتكەن بىر كىچىك خالتىنى ئالدى-دە، پارچە پۇل ۋە تەڭگىلەرنى پەشتاختا ئۈستىگە تۆكتى. مەن ئۇنىڭ پۇللىرىنى پۈتۈنلەپ بەرگەندىن كېيىن:

— بۇندىن كېيىن پارچە پۇللىرىنى مەن پۈتۈنلەپ بېرەي، بىزگە كۆپ كېرەك بولىدۇ، — دېدىم.

ئۇ ئۆز رازىلىقىنى ئىپادىلەپ سەل-پەل كۈلۈمسىرىۋىدى، سارغۇچ چىشلىرى غىل-پال كۆرۈنۈپ، لەۋلىرى ئارىسىدا غايىب بولدى.

ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن ھەر ھەپتىدە دېگۈدەك كېلىدىغان بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ تىلەپ تاپقانلىرىنىڭ ھەممىسى ئالدىمغا چۇشۇپ تۇراتتى.

— بۇ پۇللارنى پۈتۈنلەپ نېمە قىلىلا؟ — دەپ سورىغىنىمدا، ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپلا قويۇپ، لام-جىم دېمەيتتى. ئۇ بەزىدە بىرنەچچە ئايلاپ يوقاپ كېتەتتى-دە، يەنە پەيدا بولۇپ قالاتتى. كۈنلەر ئەنە شۇنداق تەرىزدە ئۆتۈۋەردى. ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، بىر كۈنى ئۇ ئادەتتىن تاشقىرى قايغۇلۇق بىر قىياپەتتە دۇكانغا كىرىپ كەلدى. مەن ئۇنى كۆرۈپلا ھەيران قالدىم. ئۇ ئىلگىرىكىدەك قولىنى قوينىغا تىقىپ ھېلىقى كىچىك خالتىنى ئالدى، لېكىن بۈگۈن سودا ئاندىچە ئاقمىغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭغا پۇللىرىنى پۈتۈنلەپ بېرەلمەيدىغانلىقىمنى ئېيتتىم.

— ئۇنداق... بولسا، — ئۇ دۇدۇقلاپ سۆزىنى ئاران داۋام قىلدى، — ئۇنداق بولسا بۇ... بۇلارنى ئېلىپ قېلىڭ، كېلەر قېتىم ئالارمەن..

مەن پۇللارنى بىرمۇ بىر ساناپ چىقىپ:

— سەككىز يېرىم سوم ئىكەن، چۈشتىن كېيىن كەلسىلە، — دېدىم.

پەشتاختا ئۈستىدە چېچىلىپ ياتقان پارچە-پۇرات پۇل، تەڭگىلەر مەندە تۇنجى قېتىم چەكسىز ئېچىنىش ھېسسىياتىنى ئويغاتتى، كۆڭلۈم بىردىنلا پەرىشان بولۇپ كەتتى، ھەي بىچارە نامرات، ئۆزۈڭنىڭ گۈل بەرگىدەك تۇزۇپ كەتكەن بەختىڭنى زېرىكمەستىن تېرىپ موھتاجلىقتا قانداق كۈن كەچۈرۈۋاتقانسەن؟ دېدىم ئىچىمدە. كۆڭلۈمدە ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىش ئىستىكى پەيدا بولدى:

— ئاكا، مەن سىلىدىن بىر نەرسە سورىسام خاپا بولمايدىغانلا؟ — دېدىم. ئۇ ھەيران بولۇپ ماڭا قارىدى:

— ئۇكام، نېمىنى سورايسىز كىن؟ مەن كىچىكىمدىن تارتىپلا موھتاجلىقتا كۈن كەچۈرۈۋاتىمەن، مەندە سىزنى قىزىقتۇرغۇدەك نېمە گەپ بولسۇن.

— ئاكا، مەن سېزىپ تۇرۇۋاتىمەن، شۇ تاپتا بەكمۇ ئازابلىنىۋاتىلا، دەردلىرىنى يۇتۇپ يۈرمەي بىرەر ئادەمگە تۆكۈپ بەرسىلىمۇ خېلى يېنىكلەپ قالاتتىلە.

ئۇ پەشتاختىغا تايىنىپ بىر ھازا تۇرۇپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ ئىككىلىنىپ قالغىنىنى لەسەزدە، كېيىن ئۇ بېشىنى كۆتۈ-

رۇپ ئېغىز ئاچتى:

— ئۇكام، مەن بىر ئوغلۇم ئۈچۈن ياشاپ كېلىۋاتاتتىم... ئۆلۈپ كەتسەم بوپتىكەن. بىر باشتىن سۆزلەي، بۇ كۆپ يىل بۇرۇنقى ئىش، مەن ئېتىزدىن قايتىپ كېلىپ، ئايالىم بىلەن يوچۇن بىر كىشىنى يامان ئىش ئۈستىدە تۇتۇۋالدىم، بۇ ئاھانەتكە چىداپ تۇرالماي ھېلىقى كىشىگە پىچاق تىقىپ قويۇپتىمەن، شۇنىڭ بىلەن ئىككى يىل تۈرمىدە ياتتىم، تۈرمىدىن چىقسام ئايالىم ھېلىقى كىشى بىلەن توي قىلىۋاپتۇ، بۇ دۇنيالىقتا ئەمدىلا ئۈچ ياشىقا كىرگەن ئوغلۇمدىن باشقا ھېچنەرسەم قالمىغانىدى. ئۇ يۇرتتا يەنە ياشاۋېرىشكە يۈزۈم چىدىمىدى، مەن ئوغلۇمنىڭ ئۇ ئائىلىدە ياشىشىنى خالىماي ئۇنى يۆدەپ، باشقا يۇرتلارغا كەتتىم. مەندە كۈچ بار ئىدى. نەگە بارسام ئىشلەپ جان بېقىپ كېتەلەيتتىم. دېگەندەك، بىرنەچچە يىل ئەنە شۇنداق جاھاندارچىلىق قىلدۇق. ھەر ھالدا كۈنىمىز يامان ئەمەس ئۆتتى. ئادەم ھەر قانچە قۇدرەتلىك بولسىمۇ ئۇزۇن يىللىق جاپا ئۇنى ۋاقىتسىز كۈچتىن قويۇدىكەن. تېنىم ئاجىزلاشقانسېرى كۈن كەچۈرمەك بەكمۇ تەسلىشىپ كەتتى. كېيىن يۆتىلىدىغان، قان تۈكۈرىدىغان بولۇپ قالدىم، ئوغلۇم تاكى ماڭا ئەگىشىپ ماڭالىغۇدەك بولغۇچە بوينۇمغا مىنگۈزۈپ يۈردۈم، كۈچۈمدىن قالغاندىن كېيىن كىشىلەر مېنى يالىمايدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن نەچچە قېتىم جېنىمدىن تويدۇميۇ، لېكىن ئوغلۇم ئۈچۈن بولسىمۇ ياشاي، دەپ ئۆلۈۋېلىش نىيىتىمدىن ياندىم. ماڭا تىلەمچىلىك قىلىشتىن باشقا يول قالمىغانىدى. بۇ مەن ئۈچۈن ئۆلۈمدىنمۇ ئېغىر ئىش بولسىمۇ، ئاخىرى ئوغلۇمنى دەپ، يەنىلا شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. دەسلەپتە قورۇنۇپ، تارتىنىپ، كېيىن يۈزۈمنى قېلىن قىلىپ تىلەمچىلىك قىلىشقا باشلىدىم، بىر كۈنى ئوغلۇمنى بوينۇمغا مىنگەشتۈرۈپ كېلىۋېتىپ، تۇساتتىن پۇتۇمدا ماغدۇرۇم قالماي يىقىلىپ چۈشتۈم. ئوغلۇمنىڭ پېشانىسى يېرىلىپ كەتتى. كېيىن خېلى چوڭ تاتۇق بولۇپ ساقايدى. شۇ ۋاقىتلاردا كاللامدا دەھشەتلىك بىر خىيال چاقماق چېقىپ ئۆتتى. «بىز ھازىر تىلەمچىلىك قىلىپ ياشاۋاتىمىز، مەن ئۆلسەم ئوغلۇممۇ ماڭا ئوخشاش قەلەندەر بولۇپ كېتەرمۇ؟» مەن چەكسىز ئازابلان-



دىم. ئوغلۇمنى باشقىلارغا بېرىۋەتمەكچىمۇ بولدۇم، بىراق بەختسىز ھاياتىمنىڭ ھەمرىيى، يۈرىكىمنىڭ پارچىسىدىن قانداقمۇ ئايرىلغۇم كەلسۇن؟ ئوغلۇمنىڭ تەقدىرىنى ئويلىسام ئۇنى يەنىلا باشقىلارغا بېرىۋەتكىنىم ياخشى ئىدى. ئاخىرى پەرزەنتسىز بىر ئائىلىگە ئوغلۇمنى بېرىۋەتتىم، ئەمدىلا ئەقلىنى تېپىۋاتقان، كۆزلىرىنى ماڭا سەبىيلىك بىلەن تىكىپ تۇرغان ئوغلۇمغا قاراپ «خەير، ئوغلۇم، سەن خاتىرجەم ياشىساڭ، داداڭنىڭ كۆڭلى خۇش بولىدۇ، خەير كۆزۈمنىڭ گۆھىرى» دەپ پىچىرلىدىم.

مەن شۇنىڭ بىلەن باشقا يۇرتلارغا كەتتىم. يىللار بىر-بىرىنىڭ ئارقىسىدىن ئۆتۈۋەردى، بىر نەرسەم ئىككى بولمىدى. يەنە قانچە قېتىملاپ جېنىمدىن تويدۇم، لېكىن كۆڭلۈمنى يەنە بىر ئۈمىد چۇلغىۋالدى. بوپتۇ، جاپا تارتساممۇ ئوغلۇمنىڭ بەختىنى كۆرەي، دېدىم. بىراق ئوغلۇمنى كۆرۈش نېسىپ بولمىدى، ياقا يۇرتتا تىلەمچىلىك قىلىپ، كۈنۈمنى ئۆتكۈزدۈم. ئوغلۇمنى شۇنچە كۆرگۈم كەلسىمۇ ئۇ بار يۇرتقا كېتەلمىدىم. ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ كەتتى...

مەن ئاخىرى ئوغلۇم بار ناھىيە بازىرىغا كەلدىم. ناھىيە بازىرى ناھايىتى كۆپ ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ سوراپ سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ ئاران دېگەندە ئوغلۇم تۇرۇۋاتقان ئۆينى تاپتىم-دە، ئىشىكنى چەكتىم. شۇ چاغدا ئۆي ئىچىدىن بىر ئايالنىڭ:

— دەۋر ئۆزگەرگەن مۇشۇنداق كۈنلەردە يۈزىنى داپتەك قىلىپ كېلىدىغان قەلەندەرلەردىن ئەجەبمۇ بىزار بولدۇم، — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— بۇ قەلەندەرلەرنىڭ دەردىدە ئادەمگە ئاراممۇ يوق، ئىتتەك ياشىغاندىن ئۆلسە بولمامدۇ، — بىر ئەركىشى ئەنە شۇنداق سۆزلەرنى قىلىپ، ئىشىكنى زەردە بىلەن ئاچتى. مەن ھاڭ-تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قالدىم، مەن ئۇنى تونۇۋالدىم، «ئاھ، مېنىڭ ئوغلۇم، مۇساپىرلىق ھاياتىمنىڭ ھەمرىيى» دەپ ۋاقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدىم. ئۇنىڭ پېشانىسىدىكى تاتۇق، ئېڭىكىدىكى مەڭ مېنىڭ ئېنىق ئېسىمدە ئىدى. ئۇ ۋايىغا يەتكەن راۋرۇس بىر يىگىت بولۇپ كېتىپتۇ.

ئۇ مېنىڭ قولۇمغا ئىككى ذۇڭ تۇتقۇزۇپ قويۇپ:

— ئادەمگە نېمانچە چەكچىيىپ قارايدىغاندۇ بۇ، — دەپ ئىشىكنى جاققىدە ياپتى. مەن ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا بىر ھازا تۇرۇپ كېتىپتىمەن، كۆزۈمدىن ئىككى تامچە ياش سىيرىلىپ چۈشتى. كۆپ ئويلاندىم، ئاشۇ ئوغلۇمنى بىر كۆرسەم دەپ ياشاپ كەپتىمەن، «ھەي، ئوغلۇم، راۋرۇس ئادەم بولۇپ قاپسەن، لېكىن باغرىڭ نېمانچە قاتتىق؟! خەير ئوغلۇم، سېنىڭ بەختىڭ ئاتاڭنىڭ بەختى، سەن بەختلىك بولساڭلا بولدى، مەن ئىتتەك ياشىساممۇ مەيلى» دېگەن سۆزلەر كۆڭلۈمدىن كەچتى. ئۆمرۈمدە شۇنچە كۆپ خورلۇقلارنى كۆرۈپمۇ بۇنچە ئازابلانمىغانىدىم. مەن شۇ كۈنى ھەتتا بىر كۈنمۇ ياشىغۇچىلىكىم قالمىغىنىنى ھېس قىلدىم، لېكىن ئوغلۇمنى سېغىنىش ھېسسىياتى مېنى ياشاشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇ ئىشىككە ئوغلۇمنى كۆرۈۋېلىش مەقسىتىدە قانچە قېتىملاپ تەلمۈردۈم، ھەر قېتىم

ئوغلۇمنى كۆرگەندە تويماي قارايتتىم، كاللامدا پەقەت ئۇنى كۆرۈۋېلىشتىن باشقا ھېچقانداق خىيال يوق ئىدى، ھەر مىنۇت، ھەر سېكۇنت ئۇنى كۆرگۈم كېلىپلا تۇراتتى.

مەن يەنە شۇ مەقسەتتە كېلىپ ئىشىكنى چەكتىم:

بۇ قېتىم يەنە ئوغلۇم چىقىپ:

— ھەي قىتىمال قەلەندەر، كۈندە كېلىۋېرىپ ئادەمنى ئەجەبمۇ بىزار قىلدىڭ، ئىتتەك ياشىغاندىن ئۆلسەڭ بولمامدۇ؟! — دېدى.

مەن ئوغلۇمغا بىر ھازا تىكىلدىم. كۆزۈمگە ياش، دىلىمغا تۈگىمەس ھەسرەت ئولاشتى. يۈگۈرۈپ بېرىپ: «ئوغلۇم، مەن سېنىڭ داداڭ» دېگۈم كەلدى. لېكىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ، ئارقامغا ئاستا ئۆرۈلدۈم. كاللامدا سەن مۇشۇ رەسۋا ئەپتىڭ بىلەن ئاشۇنداق ئالىي سۈپەت ئادەمگە ئاتا بولۇشقا مۇناسىپ كېلەمسەن؟ ئۇ ئاشۇ شەپقەتسىز قەلبى بىلەن ساڭا ئوغۇل بولۇشقا ئەرزىمدۇ؟ دېگەندەك خىياللار كېزىشكە باشلىدى. ئاخىرى ئىچىمدە، ئوغلۇم، كۆزۈمنىڭ گۆھىرى، خەير، ئەمدى ئاتاڭ ئالدىڭغا ھەرگىز كەلمەيدۇ، مەن ئىشىكىڭگە تىلەمچىلىك ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى سېنى كۆرۈش ئۈچۈن بارغان ئىدىمغۇ؟! سېنىڭ بۇنداق شەپقەتسىز بولۇپ قېلىشىڭنى كىممۇ خىيالىغا كەلتۈرگەن؟ سەن يەنە كىملەرنىڭ دىلىغا ئازار بەرگەنسەن؟ دەپ پىچىرلىدىم. ئۇنىڭ تۇرمۇشتا موھتاجلىقى يوق، لېكىن ئىككى پۇڭنىمۇ غۇدۇراپ سەدىقە قىلدى. مەن بىر قەلەندەر بولساممۇ ماڭا ئەڭ زۆرۈرى پۇل ئەمەس، پەرزەنت. مەن ھەر قېتىم سىزدىن پۈتۈنلىگەن پۇللارنى پوچتا ئارقىلىق ئۇنىڭغا يوللاپ تۇردۇم. مېنىڭ سەرگۈزەشتەم مۇشۇ، ئۇكام، مەن ئوغلۇمغا سەدىقە توپلاۋاتىمەن. ئۇ پۇلدىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدىغان نەرسىلەرنى چۈشەنسۇن.

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ، كۆزىدە لىغىلداپ تۇرغان ياشنى مايلىشىپ كەتكەن يېڭى بىلەن سۈرتتى - دە، مېڭىشقا تەمشەلدى. مەن دەرھال ئۇنىڭ پېشىگە ئېسىلدىم:

— ئاكا، بالىلىرى قايسى يۇرتتا ئىدى؟

— ئۇكام، ئەمدى ھېچنەرسە ئېيتىپ بەرمەيمەن، ئۆمرۈمدە ھېچ كىشىگە بۇنچە دەرد تۆكۈپ بەرمىگەن، ھەممىگە چىداپ كەلگەنىدىم.

كۆزلىرىمگە ياش كەلدى، نېمە قىلىشىمنى بىلمەي تېڭىرقاپ قالدىم، ئۇنىڭ قەلبى ھەقىقەتەن ئېيتقۇسىز ئازابلانماقتا ئىدى. ئۇ ئىشىك يېنىغا بېرىپ تۇرۇپ قالدى:

— ئۇكام، مەن ھېچنېمىنى كۆرەلمىدىم، تالاغا چىقىرىپ قويسىڭىز.

مەن ئۇنىڭ تارىشىدەك قېتىپ كەتكەن قوللىرىنى مەھكەم سىققان ھالدا، سىرتقا ئېلىپ چىقتىم. بىر ھازا ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئەندىككەندەك قولىنى تارتىۋېلىپ:

— رەھمەت ئۇكام، ئۆمرىڭىز ئۇزۇن بولسۇن، ئەمدى ئەسلىمگە كېلىپ قالدىم، — دېدى.

ئۇ ماغدۇرسىز ئاياغلىرىنى سۆرەپ كېتىپ باراتتى، مەن ئۇ كەتكەن تەرەپكە كۆزلىرىم تالغۇچە تاكى ئۇ كۆزۈمدىن غايىب بولغۇچە قاراپ تۇردۇم.

بىر ھەپتە، ئىككى ھەپتە، بىر ئايمۇ

ئۆتۈپ كەتتى، ئۇ پۇلنى ئالغىلى كەلمىدى. بىچارە كۆزلىرى ئاجىز ئاشۇ ھالەتتە يەنە قەيەرلەردە تەمتىرەپ يۈرىدىغاندۇ؟ دەپ ئەندىشە قىلىشقا باشلىدىم. قولۇمدىكى ئۇنىڭغا تەئەللۇق پۇلغا قارىغىنىمدا ئۇنى كىشىلەرگە يېلىنىۋاتقان، تەلمۈرۈۋاتقان ھالەتتە كۆرىمەن، ئۇ مۇشۇ پۇللارنى تېپىش ئۈچۈن قانچىلىك يوللارنى بېسىپ، قانچىلىك كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىگە يېلىنىش بىلەن تىكىلگەندۇ؟ قانچىلىك كىشىلەردىن تىل-ھاقارەت ئاڭلىغاندۇ؟

بىر يەكشەنبە كۈنى بازاردىن كۆكتات ئېلىۋېتىپ، تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم. مەن ئۇنىڭ ئادەم كۆپ ئۆتىدىغان بىر دوقمۇشتا ئولتۇرغىنىنى كۆردۈم. ئۇ ئادەت بولۇپ كەتكەن بىر خىل ئاۋازدا پات-پات توۋلاپ قوياتتى، مەن ئۇنىڭ ئالدىغا باردىم. يۈرىكىم ئىختىيارسىز ئېچىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقلىرى قېتىپلا قالغانىدى، ئۇ ئۇغلىنى ئەمدى ھەرگىزمۇ كۆرەلمەيتتى. ئۇنىڭغا پۇل بېرەلمەيتتى.

مەن يانچۇقۇمدىن پۇل چىقىرىپ ئۇنىڭغا تۇتقۇزدۇم.

— ئاكا، سىلى مېنى تونۇدىلىمۇ؟

— تونۇدۇم ئۇكام، ئاۋازىڭىزدىن تونۇدۇم.

— بۇ سىلىنىڭ پۇللىرى ئىدى.

— رەھمەت ئۇكام، ئەمدى ماڭا كۆپ پۇلنىڭ نېمە كېرىكى بار، كۆرۈم كۆرمەس بولۇپ قالدى.

مەن كۆز ياشلىرىمنى توختىتالماي ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. ئۇ ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي ئادەت بولۇپ كەتكەن ئاۋازدا:

— ئەي ئاللانىڭ بەندىلىرى، خۇدا رەھمەت قىلغاي، مېنىڭدەك بىر مۇساپىرغا رەھىم قىلىڭلار! — دەپ توۋلاپ ئولتۇراتتى.

رەستىلەردە ھەريان ئۇچۇپ يۈرگەن ئەڭ ئاداققى كەچكۈز غازاڭلىرى ئاستا-ئاستا كۆزدىن غايىب بولدى، ئەمدى قار ئۇچقۇنلىرى پىرىلداپ چۈشۈشكە باشلىدى، ھاۋا كۈندىن-كۈنگە سوۋۇپ، دېرىزىلەردىكى نەقىشلەر تېخىمۇ قېلىنلاپ كەتتى.

كىشىنىڭ تېنىگە زەھەردەك نەشتەرنى سانجىيدىغان سوغۇق بىر كۈن ئىدى. تۇيۇقسىزلا «سودا ماگىزىنىنىڭ ئالدىدا بىر قەلەندەر توڭلاپ قاپتۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. ئىچىم قۇپقۇرۇق، خىيالىمغا ھېچنەرسە كەلمەيتتى، مەن شۇ تاپتا بىرەر نەرسە ئۈستىدە ئويلاشنىمۇ خالىمايتتىم. بىنانىڭ يېنىغا ھەقىقەتەن نۇرغۇن كىشىلەر ئولىشىۋالغانىدى. مەن كىشىلەر توپىغا قىسىلىپ كىرىپ ئالدىغا ئۆتتۈم. گەۋدىسىنىڭ يېرىمى قار ئاستىدا قالغان بۇ كىشىگە بىرلا قېتىم قارىدىم، ئىككىنچىلەپ قاراشقا جۈرئەت قىلالمىدىم، كۆز ياشلىرىم تاراملاپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى. پۇتلىرىمنىڭ ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىۋاتقىنىنى سېزەتتىم.

ئۇ ئەمدى ئىتتەك ياشىمايتتى، كىشىلەرنىڭ ئالدىغا ھەرگىز تەلمۈرۈپ بارمايتتى. ئۇنىڭ داۋاملىق ياڭراپ تۇرىدىغان غەمكىن ئاۋازى ئەبەدىيلىك ئۆچكەنىدى.

موللا سۇپەت بىر ئادەم ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، ئۇنىڭ قار ئاستىدا قالغان خۇرجۇنىنى ئالدى، ئۇ خۇرجۇننى ھەممە ئادەمنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ:

— بۇ بىچارىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزد-
تىش ئۈچۈن پۇل ياردەم قىلىڭلار، روھى
بولسىمۇ كۆچلۈك ئۆتسۇن! — دېدى. ھەم-
مە كىشى ئاتىغىنىنى بېرىپ ئىچ ئاغرى-
تىشاتتى. مەن ئۆز پىغانلىرىم بىلەن بەند
ئىدىم. تۇيۇقسىز يان تەرەپتىن بىرسىنىڭ:
— ناھىيىمىزنىڭ شادلىق كەيپىياتى-
نى خىرەلەشتۈرۈپ تۇرغان بۇ قارا كۆ-
لەڭگە ئاخىر كۆزدىن يۈتتى، — دېگەن
سۆزىنى ئاڭلاپ قالدىم. پۈتۈن بەدىنىم
غەزەپتىن تىترەپ كەتتى، مەن بۇرۇلۇپ
ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇنىڭ پېشانىسىدىكى تا-
تۇق ۋە ئېڭىكىدىكى مېڭىگە كۆزۈم چۈش-
تى. كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ ھېچنەرسى-
نى كۆرەلمەي قالدىم. كېيىن كۆرۈش
سەزگۈلىرىم ئاستا-ئاستا ئەسلىگە كەلدى:
— ھۇ، دادىسىنى تونۇمايدىغان! بى-
لەمسەن، ئۇ سېنىڭ داداڭ! — دەپ ۋار-
قىرىدىم. ئۇ:
— مېنى ھاقارەتلىدىڭ، ئالدىڭدا كىم-
نىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرمەيۋاتامسەن؟ ئە-
پۇ سورىماسلىڭ كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتى-
مەن، — دېدى.
ئۇ ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا گىدىيىپ
تۇراتتى، نۇرغۇن كۆزلەر ماڭا نەپرەت
بىلەن قارايتتى. بۇ كۆزلەردىن «ئۇنى
نېمە ئۈچۈن ھاقارەتلەيسەن، ئۇنىڭ
كىملىكىنى بىلەمسەن؟» دېگەن ئىپادە
چىقىپ تۇراتتى. كۆزۈمگە يەنە قاراڭغۇلۇق
تىقىلىشقا باشلىدى، ئەمدى يەنە دەسسەپ
تۇرۇشقا زادىلا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان-
دەك ئىدىم، شۇڭا ئاستا ئارقامغا ئۆرۈل-
دۈم. قار ئۇچقۇنلىرى پىرىلداپ ئۇچۇپ
يۈزۈمگە ئۇرۇلاتتى، كۆز ياشلىرىمغا سى-
ڭىپ كېتەتتى، ئاپئاق قار ئاستىدا غىرىس-
لاپ نالە قىلاتتى، يۈرىكىممۇ نالە قىلاتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

---

(بېشى 50 - بەتتە)

مەسچىت ئالدىغا يىغىلىشقا باشلىغاندى.
ئۇلار يوچۇن ئىككى كىشىگە ھەيرانلىق
بىلەن قاراپ تۇرۇشاتتى.
ئىككى ناتونۇش ئادەم ئاتلىرىنى دې-
ۋىتىپ ماڭماقچى بولدى-يۇ، لېكىن ئار-
قىغا بۇرۇلۇپ كىشىلەرگە بىرنەچچە سې-
كۇنت قاراپ تۇرۇپ قالدى.
كېيىن بۇدۇر ساقاللىقى يېنىك يۆ-
تىلىپ قويۇپ سىلىق ۋە ئېنىق قىلىپ:
— رەھمەت ئاتىلار، سىلەر بىزگە
كۆپ ھەمدەمدە بولۇپ، روھىمىزنى كۆ-
تۈردۈڭلار، سىلەردەك ئىشەنچلىك ئارقا
تىرىكىمىز ۋە تەۋرىمەس يۆلەنچۈكىمىز
بولغاچقىلا بىز دۈشمەنلەر بىلەن يۈرەك-
لىك يۈزلىشىۋاتىمىز، بۇندىن كېيىنمۇ ئا-
خىرقى ئۈتۈۋقا ئېرىشكۈچە كۆرەش قىلىمى-
مىز، — دېدى ۋە بىردىنلا يۈگەنلىرى چۇۋۇ-
لۇپ تۇرغان كونا تۇمىقىنى، بۇدۇر سا-
قاللىرىنى يۇلۇپ تاشلىدى. كىشىلەر ئۇنى
دەرھاللا تونۇدى ۋە:
— ياشا، پەھلىۋان! — دەپ توۋلاشتى.
«خارىس-ساپا» لار — خەلقىنىڭ
ئەركىنلىك جەڭچىلىرى كىشىلەرنىڭ دۇئا
ۋە رەھمەت، ئالقىش سادالىرىنى ئارقىدا
قالدۇرۇپ تاغ ئىچىگە قاراپ چېپىپ
كەتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

مەتتىمىن هوشۇر

# «تەكشۈرۈش»

(هېكايە)

ئاسفالت يولدا غۇيۇلداپ كېتىۋاتقان جىپ قاتتىق بىر سىلكىنىۋىدى، كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنىپ قالغان هاكىم ئويغىنىپ كەتتى. ماشىنىنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرغان ساقچى باشلىقى بىلەن هاكىمنىڭ خۇسۇسىي كاتىپى پىخىلداپ كۈلۈشۈپ نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىشىۋاتاتتى. هاكىم ئۆزىنى ئۇخلىغانغا سېلىپ، ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالدى.

— يېقىندا سىلەرنى تازا ئەشەددىسىدىن يەنە بىرنى قولغا چۈشۈردى، دەپ ئاڭلىدىمغۇ... ياق، ياق، ئۇنىڭدىن باشقا... هېلىقىدەك ... هى ... هى ... هى ...

بۇ كاتىپنىڭ كۈلكىسى ئىدى. ئارقىدىنلا ساقچى باشلىقىنىڭ غاراڭ-غۇرۇڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— يائاللا، ئۇنىڭدىنمۇ خەۋىرىڭىز بارئىكەن-دە!... هېلىقى دوقمۇشتىكى ياش باللار ئاچقان يېمەك-ئىچمەك دۇكىنىنى بىلىسىزغۇ؟... هە بەللى، يېنىدا كېچىلىك قاۋىقىمۇ بار، نەق شۇ يەردىن قولغا چۈشۈردۇق. سىنئالغۇسىنى لېنتىلىرى بىلەن قوشۇپ بىراقلا مۇسادىرە قىلدۇق.

— نەچچە مىڭ تەڭگىلىك دەسمايىسىدىن ئايرىلىپتۇ-دە!؟

— تېخى جەرىمانىمۇ بار، دەڭا!

— ئۇ لېنتىنىمۇ قويۇپ كۆرۈپ باققانسىز؟

— كۆرمىسەك شەھۋانىيلىقىغا قانداق هۆكۈم قىلالايمىز؟

— بۇمۇ بەك يامىنىدىنمىكەن؟

— نېمىسىنى ئېيتىسىز، قويۇڭ، رەسۋا، رەسۋا!

— رەسۋا دېگىنىڭىز قانداق ئەمدى؟

— دەهشەت، دەهشەت!... ئەر-ئايال ھەممىسىلا قىپيالىڭاچ...

— ھەرقانچە بولسىمۇ، مۇھىم يەرلىرىگە تارتىۋالغان لاتىلىرى باردۇر؟

— دەۋاتىمەنغۇ، ئاندىن تۇغمىلا. ئادەم دېگەنمۇ كىيىم بىلەن ئادەمىكەن دەڭا... ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئىشلارنى كۆرسىڭىز... قويۇڭ، قالايمىقانچىلىقتا قايسىسىنىڭ ئەر، قايسىسىنىڭ ئايال ئىكەنلىكىنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ، قىلىپ يۈرگەن قىلىقلىرىنى كۆرسىڭىز، قۇسقىڭىز كېلىدۇ... قانداق قىلىمىز، خىزمەتنىڭ ئېھتىياجى، كۆرمەي ئىلاجىمىز يوق.

— مەسىلەن، قانداق قىلىقلار دەيسىز؟

— مەسىلەن، سىزگە ئېيتسام...

ساقچى باشلىقى سىنئالغۇدا كۆرگەنلىرىنى تەسۋىرلەپ سۆزلىگىلى تۇردى. كاتىپنىڭ پىخىلداپ كۈلۈشلىرى يەنە باشلاندى. رولدىكى شوپۇرمۇ غەلىتە هېجىيىپ، پات-پات ئارقىسىغا قاراپ ئول-

تۇرالماي قالدى.

— يائاللا، يائاللا، مۇنداق كارامەتلەرمۇ باردەك؟ بۇ لېنتىلارنى كۆرۈپ بولۇپ كۆيدۈرۈۋېتىدىغان گەپمۇ ياكى يۇقىرىغا...

— ئىشقىلىپ، يوق قىلىمىز. ئۆتكەندە كەيىپچىلىكتە بۇ لېنتىنىڭ پارچىسىنى بىر يەردە دەپ سالغان ئىكەنمەن، شۇنىڭ بىلەن بالاغا قالدىم. ھېلىقى ئەدەبىيات-سەنئەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، سېمىز ئاغىنىمىزنىڭ ئېتى نېمىدى؟... ھە، شۇ ئەتىسىلا «ھېلىقى لېنتىنى تەكشۈرۈپ باقساق» دەپ ئادەم ئەۋەتىپتۇ.

— بەردىڭىزما؟

— بەردىم. ئۆتكەندە بىرسىنىڭ ئۆيىدىن بىر لېنتىنى مۇسادىرە قىلىپ ئەكىلىۋالغاندۇق، ئاشۇ باشقارمىدىكىلەر ئارىلىشىپ: ئادەتتىكى بىر مۇھەببەت ۋەقەلىكى تەسۋىرلەنگەن مۇنداق نېمىلەرنى «شەھۋانە لېنتا» دەپ يىغىۋالساڭلار قانداق بولغىنى، ئىدىيىدە بەكمۇ قاتماللىشىپ كېتىپسىلەر، دەپ بىر مۇنچە دەۋالىشىپ ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بەرگۈزۈۋەتكەن. بولمىسا ئۇنىڭدىمۇ خېلى قاتتىق سۆيۈشۈشلەر بار ئىدى... بوپتۇ، بۇنىمۇ ئاپىرىپ كۆرۈپ بېقىش، يامان بولساڭ قېنى «شەھۋانىي ئەمەسكەن» دەپ ھۆكۈم قىلىشىپ باقە، دەپ ئەتەي قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدۇم.

— كۆرۈپ غىڭ قىلالماي قالغاندۇ؟

— شۇنداق بوپتۇ. ئارقىدىنلا مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى «بىزمۇ تەكشۈرۈپ باقمىساق بولمايدۇ» دەپ لېنتىنى كۆتۈرۈپ كەتتى. ئاڭلىسام، يەنە بىرنەچچە كاتتىباشلارنىڭمۇ تەكشۈرۈپ باققۇسى بار ئوخشايدۇ...

— بالاغا قاپسىز-دە؟

— ھەئە. مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لېنتىنى ئاپىرىپ، شوپۇرى بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ كۆرۈپ تەكشۈرۈپتۇ. لېنتىنى كېيىن ئۆيگە قويۇپ قويغانىكەن، ھەممىسى ئىشقا كەتكەندە ئۇنىڭ سەتەڭ خوتۇنى ئىشىك-دېرىزىنى دۈملەپ قويۇپ، ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ تازا «تەكشۈرۈپتۇ»... قاراڭ، خىزمەتتە مۇنداق مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلسا بولمايدۇ-دە!

— ھى... ھى... ھى... خوتۇنىمۇ تەكشۈرۈپتۇ، دەڭ. پاھ، پاھ، بۇ قالتىس تەكشۈرۈش بوپتۇ-ھە!؟...

يول ياقىسىدا تېرەكلىك بىر يېزىنىڭ قارىسى كۆرۈندى.

— مەن مۇشۇ يەردە چۈشۈپ قالاي، — دېدى ساقچى باشلىقى شوپۇرنى ئارقىدىن نوقۇپ.

— مەشەدە چۈشۈپ قالامسىز؟ — كاتىپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئاستا شىۋىرلىدى، — ھېلىقىدەك لېنتىلارنى يەنە تەكشۈرۈپ قالساڭلار مېنى «ھايت» دەپ قويۇڭا، بىر كۆرۈپ باقاي...

ماشىنا توختىشى بىلەن ھاكىم كۆزىنى ئاچتى.

— ماڭا قاراڭا! — دەپ توختاتتى ئۇ يەرگە چۈشكەن ساقچى باشلىقىنى، — سىز بايا گېپىنى قىلغان سىنئالغۇ لېنتىسىنى ئەتىگىچە نەدىن بولسۇن تېپىپ ماڭا ئەۋەتىپ بېرىڭا، ئۆزۈم بىر تەكشۈرۈپ كۆرەي.

ساقچى باشلىقى ھاكىمغا بىر دەقىقە تېڭىرقاپ قاراپ قالدى-دە، ئوڭايسىزلىنىپ كۈلۈمسىرىدى.

— قانداق بولار؟

— ناھايىتى ياخشى بولىدۇ، — دېدى ھاكىم، — مەن تەكشۈرۈپ بولۇپلا «بۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق كىشىنىڭ تەكشۈرۈشىگە رۇخسەت يوق» دېگەن تەستىقنى قوشۇپلا چۈشۈرۈۋېتىمەن، سىزمۇ باش ئاغرىقىدىن قۇتۇلىسىز...

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سەيپۇل يۈسۈپ

# ئۇنتۇلماس تەسىراتلار

(زىيارەت خاتىرىسى)

بۇ يىل ئىيۇن ئېيىدا مەن جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋەكىللەر ئۈمىكى تەركىبىدە سوۋېت ئىتتىپاقى، موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدە زىيارەتتە بولدۇم. بۇ مېنىڭ ھاياتىمدىكى بىر خۇشاللىق ئىش.

بىز 8 - ئىيۇن چۈشتىن كېيىن بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 3 يېرىمدا جۇڭگو ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ 300 كىشىلىك يېڭى تىپتىكى چوڭ ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ يولغا چىقتۇق.

دىكتور بېيجىڭ بىلەن موسكۋا ئارىلىقىنىڭ 6 مىڭ كىلومېتىر ئىكەنلىكىنى، ئايروپىلانىنىڭ 8 سائەت 40 مىنۇتتا موسكۋاغا يېتىپ بارىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئايروپىلان ئۇلانباتۇر، ئىركۇتسكى، يېڭى سىبىرىيە، كويىبىشۇ ۋە ۋولگا دەرياسى، ئۇزۇن يېشىل ئورمانزارلىقنىڭ ئۈستىدىن ئۆتۈپ، ئاستا - ئاستا پەسلەپ، گۈزەل موسكۋا شەھىرىگە قوندى.

ئايرودرومدا سوۋېت ئىتتىپاقى مەدەنىيەت فوندى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى كارپوشكىن باشچىلىقىدا 5 - 6 كىشى ئالدىمىزغا چىقىپ قارشى ئالدى. ئۇلار بىزنى خېلى ئۇزاق كۈتۈپتۇ، بېيجىڭدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ تۈپەيلىدىن كەلمەي قېلىشىمىز مۇمكىنلىكىنىمۇ پەرەز قىلىشقانىكەن. ئۇلار بىزنىڭ كېلىشكىنىمىز بويىچە ئۆز ۋاقتىدا كەلگەنلىكىمىزدىن بەكمۇ خۇشال بولۇشتى. ئۈمىكىمىزدىكى يولداش لى يى، يولداش شاك يېلەر 1988 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يولداش كارپوشكىن باشچىلىقىدىكى جۇڭگونى زىيارەت قىلىش مەدەنىيەت ۋەكىللەر ئۈمىكى ئېلىمىزگە زىيارەتكە كەلگەندە ئۇلارنى كۈتۈۋېلىشقا قاتناشقانلىقتىن، ئۇلار بىلەن تونۇش ئىكەن، ئۇلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، بىز بىلەنمۇ دوستلارچە قىزغىن كۆرۈشتى. ئاندىن ئايرودرومنىڭ دەم ئېلىش بۆلۈمىدە دەم ئالغاچ، ئۈمەك ئەزالىرى بىلەن قارشى ئالغۇچى يولداشلار ئۆزئارا تونۇشتۇق. ئۇلار ئۈمىكىمىز سوۋېت ئىتتىپاقىدا زىيارەت قىلىدىغان جايلار ھەققىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئېيتتى، ئاندىن بىز مېھمانخانىغا يۈرۈپ كەتتۇق.

ئايرودروم بىلەن شەھەر ئارىلىقى يېرىم سائەتتىن ئارتۇقراق يول بولۇپ، يولنىڭ ئىككى يېقى قويۇق ئورمانلىق ئىكەن. خېلىدىن كېيىن موسكۋا شەھەر ئەتراپى رايونىغا يېتىپ كەلدۇق. ئۇ يەردىكى چوڭ دەريا ئۈستىدە ئىنتايىن ھەيۋەتلىك بىر

كۆۋرۈك قەدەر كۆتۈرۈپ تۇراتتى. قارشى ئالغۇچى يولداشلار بۇ يەرنى تونۇشتۇرۇپ،
ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا نېمىس فاشىستلىرى مانا مۇشۇ كۆۋرۈككىچە يېتىپ كەلگەن،
لېكىن كۆۋرۈكتىن موسكۋا شەھىرىگە قەدەم باسالمىغان، قاچقاندىمۇ مۇشۇ كۆۋرۈكتىن
كەينىگە قارىماي تىكىۋەتكەن، دېدى.

ئۇ يەردە نېمىس فاشىستلىرىنىڭ ئىپلاس ئايىغىنى موسكۋاغا يېقىن كەلتۈر-
مىگەن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ئۈچۈن ئىنقىلابىي قەھرىمانلىق خاتىرە ھەيكەل-
لىرى ئورنىتىلغانىكەن. ئۇلار موسكۋانى قوغدىغۇچى قەيسەر جەڭچىلەر قىياپىتىدە مەغ-
رۇر كۆكرەك كېرىپ تۇراتتى. بىز قىزىل مەيدانىنىڭ غەرب تەرىپى بىلەن ئۆتۈپ دېمى-
ترو كوچىسىدىكى سوۋېت كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «ئۆكتەبىر» ناملىق
ئونەچچە قەۋەتلىك مېھمانخانىسىنىڭ 10 - قەۋىتىگە جايلاشتۇق.

9 - ئىيۇن ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، موسكۋا ھاۋاسىنىڭ ئەڭ ياخشى كۈنلىرىنىڭ
بىرى ئىدى. ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى مەدەنىيەت فوندى جەم-
ئىيىتىگە زىيارەتكە باردۇق. بۇ جەمئىيەتنىڭ بىرىنچى مۇئاۋىن باشلىقى يولداش
مەسىنكوۋ، مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن كارپوشكىن شۇنداقلا باش كاتىپ ھەمدە سوۋېت
ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى مەدەنىيەت-سەنئەت ئىدارىسىنىڭ
باشلىقى قاتارلىق ئونەچچە كىشى بىزنى دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ قىزغىن قارشى ئال-
دى. يولداش مەسىنكوۋ بىزنى ئۆز ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردى. ئىشخانا قەدىمىي
ياۋروپا ئۇسلۇبىدا سېلىنغان بولۇپ، ئانچە ياسىداق بولمىسىمۇ، ئېسىل ئورۇندۇقلار تى-
زىلغانىدى. بىز ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۇزۇن ئۈستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇردۇق، قارشى تە-
رىپىمىزدە تەبەسسۇم ھالدا بىزنى كۈتكۈچىلەر ئولتۇرغانىدى.

مەسىنكوۋ سوۋېت ئىتتىپاقى مەدەنىيەت فوندى جەمئىيىتىگە ۋەكالىتەن ئۆ-
مىكىمىزنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ مۇنداق دېدى: بۇرۇن بىر مەزگىل
بىز ئىككى ئۇلۇغ دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىمىز بۇزغۇنچىلىقلارغا يولۇققانىدى، بۇ قېتىم
دۆلىتىمىز رەھبىرى يولداش گورباچېۋ ئۇلۇغ دۆلىتىڭلارغا بارغاندىن كېيىن بۇ سوغۇق-
چىلىققا خاتىمە بېرىلىپ، مۇناسىۋىتىمىز نورماللاشتى، بۇ بىز سوۋېت خەلقىنىڭ ئۇزۇن-
دىن بېرى كۈتكەن ئارزۇيىمىز ئىدى، بۇ ئارزۇيىمىز ئاخىرى ئەمەلگە ئاشتى. بىز بۇ-
نىڭدىن ئىنتايىن مەمنۇن. گورباچېۋ باشچىلىقىدىكى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى زى-
يارەت قىلغان پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ تەركىبىدە بىزنىڭ مەدەنىيەت فوندى
جەمئىيىتىمىزنىڭ بىر دائىمىي ھەيئەت ئەزاسىمۇ بار ئىدى. بۇرۇن قانداق بولغان بولمىسۇن بىزنىڭ
قەلبىمىزدە ئىككى دۆلەتنىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقى ساقلانغان، سىلەر بۇ دوستلۇقنىڭ
دەرۋازىسىنى ئېچىپ، بىزگە ئېزىز مېھمان بولۇپ كەلدىڭلار، شۇڭا بىز سىلەرنى قىز-
غىن قارشى ئالىمىز. بۈگۈن بۇ يەردە مۇشۇ دوستلۇقنى قەدىرلەش ئۈچۈن سۆھبەت
ئۆتكۈزدۇق، بىزنىڭ ئورتاقلىقىمىز ناھايىتى كۆپ، ئۇنى تېخىمۇ كۈچەيتىش كېرەك.

ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: بۈگۈن بىز دىپلوماتىك يوسۇندا ئەمەس، قەدىناسلارچە
سۆھبەتلىشەيلى. بۇنداق روبىرو ئولتۇرماي، ئەڭ ياخشىسى ئارىلىشىپ ئولتۇرايلى، مەن

www.uyghurkitap.com

بۇنىڭدىن كېيىن ئارىلىشىپ ئولتۇرۇشنى تەكلىپ قىلىمەن.

شۇنىڭدىن كېيىن موسكۋا، لېنىنگراد، لېتۋالاردىكى كەڭ سۆھبەت يىغىنلىرىدا تەبىئىي ھالدا ئارىلىشىپ ئولتۇردۇق. يولداش مەسنىنكوۋ بىزگە سوۋېت ئىتتىپاقى مەدەنىيەت فوندى جەمئىيىتىنى تونۇشتۇردى. بۇ جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلغىنىغا تېخى ئىككى يىللا بولغانىكەن. ئۇ:

— بۇ جەمئىيەت تېخى ياش، ئۇ بىرقانچە يىلدىن بېرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا بىرىنچى قېتىم قۇرۇلغان جەمئىيەت ھېسابلىنىدۇ، بۇ جەمئىيەت رۇسىيىنىڭ بۇرۇنقى ئەنئەنىۋى ھەمكارلىقىنى ئەكس ئەتتۇردى، — دېدى.

ئۇ مەدەنىيەت فوندى جەمئىيىتى بىلەن مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى، خىزمەتتە ئۆز ئارا ھەمكارلىشىدىغانلىقىنى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن مەدەنىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغانلىقىنى، مەدەنىيەت فوندى جەمئىيىتى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىگە ئوخشاش مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئۆز ۋەزىپىسى قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ خىزمەت دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، بىلىم ئەھلىلىرى، زىيالىيلار، ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى، دۆلەت ئىچى-سىرتىدىكى بارلىق ۋەتەنپەرۋەر زاتلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بارلىق مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش، قېزىش ۋە گۈللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى.

ئۇ مەدەنىيەت فوندى جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ۋە مۇئاۋىن رەئىسلىرىنى تونۇشتۇردى، رەئىس لىخاچېۋ توغرىسىدا توختالغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 3-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىۋاتقانلىقى ئۈچۈن بۈگۈن سۆھبەتكە قاتنىشالمىدى، سىلەرگە سالام ئېيتتى، شۇنداقلا سىلەرنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى ماڭا ھاۋالە قىلدى دېدى.

لىخاچېۋ خېلى بىر مەزگىل سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سېكرېتارىياتىنىڭ سېكرېتارى بولۇپ مەخسۇس ئىدېئولوگىيە ساھەسىگە، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلغان تەجرىبىلىك پېشقەدەم رەھبەر بولۇپ، ئۇ ھازىر مۇشۇ مەدەنىيەت فوندى جەمئىيىتىنىڭ رەئىسلىكىنى ئۆتەيدىكەن، يولداش لىخاچېۋ سوۋېت ئىتتىپاقى 13-قۇرۇلتىيىدا ئىنتايىن مۇھىم نۇتۇق سۆزلەپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي ساھەدە ئىسلاھات بولۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ، مەدەنىيەت ساھەسىدىمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش كېرەك، دېگەن ئىدىيىنى ئالغا سۈرگەن ۋە بۇ جەھەتتە مۇھىم تەكلىپ پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان.

يولداش مەسنىنكوۋ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ئىسلاھات بولغاندا چوقۇم مەنىۋى مەدەنىيەت ئىسلاھاتىمۇ بولۇشى كېرەك. مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى جەھەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلمىسا، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولمايدۇ، بىز مەدەنىيەت ئىشلىرىنى بىۋاستە باشقۇرمىساقمۇ، تۈرلۈك پىلان، لايىھەلەرنى تۈزۈشكە ياردەم بېرىمىز، تەكلىپ، پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىمىز. بۇ ھەق-

تە بىز سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ مەدەنىيەت ئىش-
لىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى مەسلىھەتچى ئورنى بولۇشقا مۇناسىپمىز. بۇ قېتىمقى قۇرۇل-
تايغا بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدىن يولداش لىخاچيوۋدىن باشقا، يەنە رەسساملار جەمئىيىتى،
يازغۇچىلار جەمئىيىتى، سۈردىلوۋ نامىدىكى مەدەنىيەت يۇرتى قاتارلىق ئورۇنلاردىن
كۆپ كىشىلەر قاتناشتى، بىزنىڭ جەمئىيىتىمىز مەدەنىيەتنى تەشكىللىگۈچى ۋە خەلق
ئەنگۈشتەرلىرىنى ساقلىغۇچى، قازغۇچى ۋە قۇرغۇچىدۇر. لېنىن خەلقنىڭ مەدەنىيەت
جەھەتتىكى ئەنگۈشتەرلىرىنى ئاسرىمىغان، ئۇنىڭ قۇرمىغان ئادەم كوممۇنىست ئەمەس
دېگەن.

بۇ جەمئىيەت سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە ئىككى قېتىم يىغىن ئاچقان، يىغىندا مەمل-
كەتنىڭ قەدىمىي ئەنئەنىلىك مىراسلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنى قېزىش ۋە قۇرۇشنى مەخ-
سۇس مۇزاكىرە قىلغان.

— بىزدە سەددىچىن سېپىلى يوق، لېكىن بىز ئۆز مەدەنىي مىراسلىرىمىزنى
سەددىچىن سېپىلىغا ئوخشاش ئەۋلادتىن-ئەۋلادقىچە قوغدايمىز، — دېدى ئۇلار.

ئۇلار قەدىمىي خاتىرە ئورۇنلىرىنى ئاسراش بىلەن يېڭى مەشھۇر خاتىرە ئو-
رۇنلىرىنى بەرپا قىلىشنى پىلانلاپتۇ، بۇ خاتىرە ئورۇنلىرى قايسى رېسپۇبلىكىدا بولسا
شۇ جايدا بەرپا قىلىنىدىكەن، سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە پۈشكىننى خاتىرىلەش ئورنى
تەسىس قىلىنىدىغان بوپتۇ، پۈشكىن مۇزېيى دۆلەت بويىچە قوغدىلىدىغان رايونغا
كىرگۈزۈلۈپتۇ.

يولداش مەسىنىكوۋ ياشلار مەدەنىيىتى توغرىسىدا ئىنتايىن مەنىلىك قىلىپ مۇ-
نۇلارنى كۆرسەتتى:

— ياشلار ناھايىتى مۇرەككەپ بىر قاتلام ھېسابلىنىدۇ، ياش ئەۋلادلار بىزگە
ئەڭ ياخشى ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى. بەزىلەر ياشلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتى
كەمچىل بولۇۋاتىدۇ، ئۇلار نەرسە سېتىۋېلىشنىلا بىلىدۇ، دېيىشىدۇ. ھەقىقەتەن كىشى-
لەرنىڭ تەرەققىياتى ئاشۇ يول بىلەنلا ماڭسا بولمايدۇ، ياشلار بىزنىڭ كېلەچىكى-
مىز، ئۈمىدىمىز. ئۇلار رېئاللىققا ۋەكىللىك قىلىدۇ، ياشلارنىڭ غەرب مەدەنىيىتىدىن قو-
بۇل قىلغان نەرسىلىرىمۇ ئاز ئەمەس، بەلكى بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ. دۆلەتنىڭ ئۆ-
زىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى، مىللىي مەدەنىيەت مىراسى بار. غەربنىڭ نەرسىلىرىنىڭ
ھەممىسىلا بىزگە مۇۋاپىق كېلىۋەرمەيدۇ. مەن بۇنداق دېسەم بەزىلەر ۋەزىيەتتىن كې-
يىن قالدى، مېڭىسى قېتىپ قالغان دېيىشى مۇمكىن، مەن ھەقىقەتەن بەزى نەرسىلەر-
نى ياقتۇرمايمەن، يېقىندىن بېرى گۈزەللەر مۇسابىقىسى بولۇۋاتىدۇ، مەن ئۇنى ئان-
چە ياقتۇرۇپ كەتمەيمەن، كىنو ئارقىلىقمۇ بىز ياقتۇرمايدىغان نۇرغۇن نەرسىلەر كى-
رىپ كەلدى.

ئۇ بىر ئۇلۇغ-كىچىك تىنغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— بىز رۇس مىللىتىنىڭ ئۆزىمىزگە خاس خاراكتېرىمىز بار. بىزنىڭ خاراكتېرى-
مىزگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان نەرسىلەرنى كونسېرۋاتىپلىق دېسەمۇ قوبۇل قىلىشقا بول-

مايدۇ، لېكىن بۇنى قاتتىق توسۇۋالغىلىمۇ بولمايدۇ، باشقا يوللار بىلەن ئۇلارنى يېتەكلىشىمىز كېرەك. مەن رۇس مىللىتىنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرىگە مۇۋاپىق بولغان قەدىمىي ئەدەبىيات - سەنئەت مىراسلىرىمىزنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنى دەۋر روھىدا سۇغىرىش ئارقىلىق راۋاجلاندۇرۇش يولى بىلەن ياشلارنى يېتەكلەش ئەڭ ئۈنۈم بېرىدىغان ئۇسۇل بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلايمەن، — دېدى.

ئۇلار يەنە مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، قايتا قۇرۇشنى پىلانلاۋېتىپتۇ، بەزى ئاسار - ئەتىقە مۇزېيلىرىنى رېمونت قىلىش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمەتلىرىنى ئىشلەپتۇ.

ئۇلار دۆلەتنىڭ قىممەتلىك مەدەنىي بۇيۇملىرى ۋە مەدەنىي يادىكارلىقلىرىنى يىغىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىۋېتىپتۇ. بۇ پائالىيەتكە دۆلەت ئىچى، بولۇپمۇ دۆلەت سىرتىدىكى ۋەتەنپەرۋەر سوۋېت مۇھاجىرلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپتۇ، گوللاندىيە، دانىيە قاتارلىق بىرقانچە دۆلەتتىكى سوۋېت ئىتتىپاقى مۇھاجىرلىرىدىن 250 دەك قىممەتلىك مەدەنىي بۇيۇمنى يىغىۋاپتۇ، بۇ نەرسىلەرگە ئىتالىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئىنتايىن قىزىقىۋېتىپتۇ، ئۇلار ئىتالىيە بىلەن بىرلىشىپ بىر مۇزېي ئېچىپ، بۇ نەرسىلەرنى كۆرگەزمە قىلىشنى پىلانلاۋېتىپتۇ، چەت ئەللەردىكى سوۋېت مۇھاجىرلىرى بۇ قىممەتلىك نەرسىلەرنى دۆلەتكە قايتۇرۇشنى ئۆز بۇرچى ھېسابلاپلا قالماي، سوۋېت ئىتتىپاقى مەدەنىيەت فوندى جەمئىيىتىگە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى قوللاۋېتىپتۇ.

ئۇلار يېقىندا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت كومىتېتىنى قۇرغان، بۇنىڭدا ئاساسەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قېزىش - توپلاش، قايتا قۇرۇش مەقسەت قىلىنغان. ئىسلاھات ئارقىلىق شەھەرلەردە بولغان ئۆزگىرىشلەرگە ماس ھالدا شەھەر كوچىلىرىنىڭ ناملىرىنى ئۆزگەرتىش، بۇرۇنقى ئىسىملىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، كوچا ئىسىملىرىنى تەكشۈرۈش، بۇرۇنقى يەر ۋە كوچا ئىسىملىرىنى تىزىملاش پائالىيىتى ئويۇشتۇرۇلغان، بۇ پائالىيەت سوۋېت پۇقرالىرى تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىنغان، مەسىلەن، ھازىرقى گوركىي كوچىسىنىڭمۇ بۇرۇنقى نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدىكەن.

بۇ پائالىيەت مەملىكەت خاراكتېرلىك بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى مەدەنىيەت فوندى جەمئىيىتىنىڭ ھەرقايسى ئىتتىپاقداش رېسپۇبلىكا ۋە چوڭ شەھەرلەردىكى شۆبىلىرى بۇ ئىشنى چوڭ ئىشلار قاتارىدا ئۇزۇن يىللىق مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى سۈپىتىدە تۇتۇۋېتىپتۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقى مەدەنىيەت فوندى جەمئىيىتىنىڭ مەملىكەت بويىچە 630 شتاتى، مەركەزدە 80 شتاتى بار ئىكەن. ئۇلار خىزمەتنى ئاساسەن ئاكتىپلار ۋە ئاممىغا تايىنىپ قانات يايدۇرغان. ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەت دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ ئىكەن، پۈتۈن مەملىكەتتە 2 مىليوندىن ئارتۇق كىشى بۇ جەمئىيەت بىلەن ئالاقىدا بولغان ياكى بۇ جەمئىيەتكە رەسمىي ئەزا بولغان. جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادى شۇ كىشىلەرنى

مەنبە قىلغان. بەزىلەر ئاتاقلىق ئارتىسلاردىن ئويۇن قويۇش ئۆمىكى تەشكىللەپ، كىن-
ونى جەمئىيەتكە تەقدىم قىلىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاتاقلىق پەن ئالىملىرى، مەدە-
نىيەت ئەربابلىرى، ئاتاقلىق ئارتىست، رېژىسسور، كومپوزىتور، رەسسام، ھەيكەلتىراش،
فوتوگراف، قىسقىسى ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ھەمدە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ھەرقاي-
سى ساھەلىرىدىكى ئاتاقلىق ئەربابلارنىڭ ھەممىسى مىللەتنىڭ ئۇلۇغ ئىشىنى پىلان-
لىغۇچى، مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرغۇچى بولۇپ، بۇ ئورۇنغا ئۆزلىرىنىڭ ئاتىغانلىرىنى
ئىئانە قىلىدىكەن. شۇڭا بۇ جەمئىيەت دۆلەتتىن بىر تىيىن ئىقتىسادىي ياردەم ئال-
ماي، پۈتۈنلەي جەمئىيەتكە تايىنىپ، نۇرغۇن ئىقتىسادىي خىراجىتىنى ھەل قىلىدى-
كەن. بۇ جەمئىيەتنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئورنى كېڭىيىپ ئابرويى كۈندىن-كۈن-
گە ئېشىپ بېرىۋېتىپتۇ، ئۇلار يېقىندا سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەر-
كىزىي كومىتېتى، دۆلەت ئالىي سوۋېتى، تۆۋەندە زاۋۇت، كارخانا، كولخوز، مەدەنىيەت
يۇرتى، سەنئەت ئۆمىكى، مەكتەپلەرگىچە مۇناسىۋەت ئورناتقان، ئاڭلىشىمىزچە گوربا-
چېۋنىڭ خانىمىمۇ بۇ جەمئىيەتنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ئىكەن. قىسقىسى، ئۇ-
لار ئاكتىپ ئامىلارنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا سېلىپ، ئاجايىپ ئۈنۈملۈك ئىشلارنى قىلغان.
مەسىنىكوۋ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، يەنە بىر قېتىم ئۆمىكىمىزنى قارشى ئالىدىغان-
لىقىنى بىلدۈردى.

ئۆمىكىمىزنىڭ باشلىقى يېڭ شۇشى يولداش مەسىنىكوۋنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا رەھ-
مەت ئېيتقاندىن كېيىن قىزغىن سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى:

— سۆيۈملۈك لېنىننىڭ يۇرتى بولغان ئۇلۇغ دۆلىتىڭلارغا بىرىنچى قېتىم
زىيارەتكە كەلگەنلىكىمىز ۋە سىلەرنىڭ ئىنتايىن دوستانە كۈتۈۋالغانلىقىڭلاردىن پەخىر-
لەنگەنلىكىمىز، دۆلىتىڭلارنىڭ چوڭ ھەمدە گۈزەل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇق. مۇشۇ گۈ-
زەل تۇپراقتا سوۋېت خەلقىنىڭ مەدەنىي مىراسىنى گۈللەندۈرۈش يۈزىسىدىن قىلىۋات-
قان ئاجايىپ زور ئىشلىرىڭلار بىزگە زور ئىلھام بېرىدۇ. بىز سىلەر بىلەن بىللە ئۆت-
كەن كۈنلىرىمىزنى ئەسلىسەك، دوست ۋە ئىناق ئۆتكەن ۋاقىتلىرىمىز ناھايىتى ئۇزۇن.
بىز بۇ جەرياندا سىلەرنىڭ مەدەنىيىتىڭلاردىن كۆپ ئوزۇق ئالغان. بۇ كۈنلەر بىزنىڭ
ئېسىمىزدىن چىققىنى يوق. بۇ قېتىم يولداش گورباچېۋ دۆلىتىمىزگە بېرىپ، بۇ دوست-
لۇقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، مۇناسىۋىتىمىزنى راۋانلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولدى. مەن ئى-
شىنىمەنكى، بۇ دوستلۇق ئەۋلادتىن-ئەۋلادقىچە مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ.

ئۇ ئاخىرىدا جۇڭگو ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 1949-يىلى قۇ-
رۇلغانلىقىنى، ئۆتكەن يىلى 5-ئۆۋەتلىك قۇرۇلتاي ئۆتكۈزگەنلىكىنى، ئۇنىڭ 42 كوللېك-
تىپ ئەزاسى بارلىقىنى، ئۇنىڭ ئوتتۇزى ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلار-
دىكى ئەدەبىيات-سەنئەت تەشكىللىرى ئىكەنلىكى، ئون ئىككىسى مەركەزدىكى ئەدە-
بىيات-سەنئەت تەشكىللىرى ئىكەنلىكىنى تونۇشتۇردى. سۆھبەت داۋامىدا دوستلۇق
ھەققىدە بىلدۈرگەن ئارزۇ-ئۈمىدلەر، ياخشى تىلەكلەر سۆھبەتداشلارنىڭ قەلبىنى
بارغانسېرى ھاياجانغا سالدى، ئۆزئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇشمۇ چوڭقۇرلاشتى. يولداش
مەسىنىكوۋ ئۆمەك باشلىقلىرىمىزنىڭ سۆزىدىن ئىلھام ئالغانلىقىنى ئېيتىپ، تۆۋەندىكى-
لەرنى تېخىمۇ چوڭقۇر شەرھلىدى:

— بىز ياشلار مەدەنىيىتىنى ھەل قىلدۇق دېسەك، بۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، ئۇنى تەتقىق قىلىۋاتىمىز، مەخسۇس ياشلار مەدەنىيەت كومىتېتى قۇرۇپ، ياش تالانت ئىگىلىرىنى بايقاش - مۇكاپاتلاش ئىشىنى ئېلىپ بارماقچىمىز، ياش يازغۇچىلار، ياش شائىرلارنىڭ مەخسۇس گۇرۇپپىسى ۋە ياش رەسساملار گۇرۇپپىسى قۇرماقچى بولۇۋاتىمىز. بىزدە 50 ياشتىن كىلەرمۇ ياش ھېسابلىنىدۇ، ياش سەنئەتكار، ياش يازغۇچىلار ئۆزلىرىنى ئارتۇقچە تالانت ئىگىلىرى ھېسابلايدۇ. ئۇنداق ھېسابلىسىغۇ مەيلى، ئۆزلىرىنى بەكمۇ ئۇستۇن چاغلايدۇ، ئۆتكەن يىلى بىز ياش يازغۇچىلارنى رەتكە تۇرغۇزۇپ، دەرىجە بەلگىلەشنى ئېلىپ بارغاندا، ئىككىنچى دەرىجىگە تىزىملاتقان بىرەرسىمۇ يوق بولۇپ، ھەممىسى بىرىنچى دەرىجىگە يېزىلىپتۇ. ياشلار ئىچىدە ئاجايىپ تالانت ئىگىلىرى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىمىز، لېكىن ھەممىسىلا بىرىنچى دېسەك بولامدۇ؟ بىر كېچىلىك نومۇر ئورۇنداشقا قادىر ياش بالېتچى، ياش ناخشىچىلار ھەمدە مەدەنىيەت پائالىيىتى قوزغاشتا باشلامچى بولۇۋاتقانلار بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ. بۇلار مىللەتنىڭ ئاۋانگارتلىرى، بۇلارغا بارىكاللا ئېيتىشقا توغرا كېلىدۇ، ئۇلار جەمئىيىتىمىزنىڭ ئاكتىپ ئەزالىرى، ئۇلار دۆلىتىمىزنىڭ ئۇلۇغ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش، قېزىش، قۇرۇشتىكى تۆھپىكارلار. بىز ئۇلار بىلەن مەدەنىيەت فوندى جەمئىيىتىنىڭ نامىدىن كونسېرت كېچىلىكلىرى ئۇيۇشتۇرىمىز، جەمئىيىتىمىز نامىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان دراما، كونسېرت كېچىلىكلىرىدە ئاقما ناخشىلار ئېيتىلمايدۇ. ھەربىي قىسىملار ئىچىدىكى ياشلارغىمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ، ئۇلار سان جەھەتتە كۆپ، ئۇلار قورال تەربىيىسى ئالسىلا كۇپايە قىلمايدۇ، ئۇلارغا ئالدى بىلەن مەدەنىيەت تەربىيىسى بېرىشكە دىققەت قىلىش كېرەك، بىز ياش - ئۆسمۈرلەر فوندى جەمئىيىتى بىلەن بىرلىشىپ، بالىلار باغچىلىرىنى ياخشى باشقۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇردۇق، ئۇلارنى بۆشۈكتىلا مەدەنىيەت سۆيىدىغان قىلىش لازىم. بۇلار ئىچىدىن نى-نى ياخشى ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى يېتىشىپ چىقىدۇ. بالىلار باغچىلىرى، مەكتەپلەر بالىلارغا بولغان روھىي جەھەتتىكى تەربىيىنى چىڭ تۇتۇشى كېرەك. ھازىر توك بىلەن توكلىتىش ئۇقتىسى ۋە ئېلېكتىر مېڭە ئۇقتىسىنى تۇتۇۋاتىمىز، روھىي ھالەت ئۇقتىسىنى تۇتىدىغانلار ئازىيىپ كەتتى. بۇ ھەممىدىن مۇھىم، بولمىسا بولمايدىغان ئۇقتا.

چۈشتىن كېيىن مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنى زىيارەت قىلدۇق. بىزنى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى يولداش يۇرى مىخايلوۋىچ فىلىچىۋسكى كۈتۈۋالدى. ئۇ ئۆمىكىمىزنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئېكسكۇرسىيىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى تىلىدى. ئاندىن مەدەنىيەت خىزمىتىنى ناھايىتى ئىخچام قىلىپ مۇنداق تونۇشتۇردى.

— ھازىرقى پەيت سوۋېت مەدەنىيەت خادىملىرىنىڭ روھى ئىنتايىن جانلانغان پەيت. چۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقى 13 - خەلق قۇرۇلتىيى بىز مەدەنىيەت خادىملىرىنىڭ قۇرۇلتىيى بولدى، يولداش گورباچېۋ قۇرۇلتايدىكى دوكلاتىدا بىز مەدەنىيەت خادىملىرىنىڭ كۆڭلىدىكى سۆزلەرنى قىلدى. مەن خۇشاللىقلىرىمىزغا ئورتاق بولۇپ بىزگە

مېھمانغا كەلگەن قەدىرلىك جۇڭگو مەدەنىيەت ۋەكىللىرىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىمەن. مۇشۇنداق ئۇچرىشىشلىرىمىزنىڭ كۆپ بولۇشىنى چىن كۆڭلۈمدىن ئۈمىد قىلىمەن. ئارىمىزدىكى بېرىش-كېلىشلەر تېخى راۋان بولۇپ كېتەلمەيۋاتىدۇ. بېرىش-كېلىشنى تېزلەتسەك بولاتتى. ھازىرقىدەك سۈرئەتكە بىزنىڭ باللىرىمىز، نەۋرىلىرىمىز ئۈنىمايدۇ. ئەۋلادلىرىمىز ئۈچۈن بېرىش-كېلىشنى تېزلەتسەك قانداق؟

ئۇلار بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، بىز رۇس خەلقىنىڭ ئۇلۇغ يازغۇچىسى لېۋ تولستوينىڭ كونا ئولتۇراق جايىنى زىيارەت قىلىشقا باردۇق. بۇ ئولتۇراق جاي موسكۋانىڭ خىلۋەت كوچىلىرىنىڭ بىرىدە بولۇپ، بۇ كوچىنى لېۋ. تولستوي كوچىسى دەپ ئاتايدىكەن. بۇ جاي ھازىر كۈندە نۇرغۇن كىشىلەر زىيارەت قىلىدىغان مەشھۇر تولستوي مۇزېيىغا ئايلىنىپتۇ.

رۇس خەلقىنىڭ ئۇلۇغ يازغۇچىسى تولستوي بۇ جايغا 1905-يىللىرى كۆچۈپ كېلىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە 18 يىل ياشىغان. تولستوينىڭ بۇ ھويلىسى باراقسان دەرەخلەر بىلەن تولغان ئون مو چامىسىدىكى باغچا ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ، بۇرۇن باغچىدا تولستوي ئۆزى ئۆستۈرگەن ئالما ۋە باشقا مېۋىلىك دەرەخلەر بولغانىكەن، ئۇ دەم ئالغاندا دەل-دەرەخلەرنى، گۈل-گىياھلارنى پەرۋىش قىلغانىكەن. ھويلىدا كۆلىمى ئانچە چوڭ بولمىغان، بىر قەۋەت ئۆيدىن سەللا ئېگىز كېلىدىغان ئىككى قەۋەتلىك بىنا بار بولۇپ، بىرىنچى قەۋىتى يەر ئاستىغا سېلىنغان ئىكەن. بىنادا چوڭ-كىچىك جەمئىي 16 ئېغىز ئۆي بار ئىكەن، ئايالى، بالىلار تۇرىدىغان ۋە مېھمانخانا قىلىنغان بىر قەدەر ئازادە تۆت ئېغىزلىق ئۆيدىن باشقىلىرى كىچىك ئۆيلەر ئىكەن. تولستوي يازدا 2-قەۋەت، قىشتا 1-قەۋەتتىكى ئاشخانىغا يانداش كىچىك بىر ئۆيدە يېزىقچىلىق قىلىدىكەن. ئۇ كۆزەينەك تاقاشنى ياقتۇرمىغانلىقى ئۈچۈن، كىچىك يېزىق ئۈستىلىنى دېرىزىنىڭ تۈۋىگە قويۇۋېلىپ، كۆزىنى قەغەزگە يېقىن قىلىپ يازىدىكەن. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىنى — ئەقلى توشقان، قەلىمى پىشقان دەۋرىنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزۈپ، نۇرغۇن ھېكايە، رومانلارنى يازغان، ئۇنىڭ بۇ يەردە يازغان ئەسەرلىرىلا 100 دىن ئاشىدىكەن. بۇ جايدا ئۇنىڭ قول يازمىلىرى، نەشر قىلىنغان بەزى ئەسەرلىرى، ھايات ۋاقتىدا ئىشلەتكەن نەرسىلىرى، ئۆي جاھازلىرى ساقلىنىۋېتىپتۇ، تولستوي يېزىقچىلىقتىن بوشىغاندا شاھمات ئويناشنى ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇنىڭ شاھمىتى ھېلىمۇ ساقلاقلىق ئىكەن. مۇزىكا ئاڭلاشنى، ئوقيا ئېتىشنى ياخشى كۆرىدىكەن. ۋېلسىپىت ۋە ئاتتىن ئايرىلالمايدىكەن، ئۇ ئىشلەتكەن شاھمات، ۋېلسىپىتلەر ھېلىمۇ ساقلاقلىق تۇرۇپتۇ.

ئۇ ھەر كۈنى سەھەر تۇرىدىكەن. ئورنىدىن تۇرۇپ بىر ئاز ھاۋا يېگەندىن كېيىن ئۆزىگە ۋە ئۆيدىكىلەرگە كافى قاينىتىدىكەن، ئۆزى كافى قاينىتىشقا ئامراق ئىكەن، ئۇ رەسىم كۆرۈشكە ھېرىسمەن بولۇپ، بىر ئېغىزلىق ئۆيىنى دائىم ئىككى رەسسامنىڭ رەسىم سىزىشىغا بېرىدىكەن ھەم سىزىلغان رەسىملەرنى تاماشا قىلىدىكەن. كۆپ ۋاقتى مېھمان كۈتۈش، مېھمان كەلمىگەندە كىتاب يېزىش بىلەن ئۆتىدىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۇنىڭ «مەن ئۈچ نەرسىدىن، يەنى ئاماقتىن، مېھمانلىدىن، كىتابتىن ئايرىلالمايمەن» دېگەن مەشھۇر سۆزى بار. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئاغىنىلىرىغا، مېھمانلارغا ئوقۇپ بېرىپ پىكىر ئالىدىكەن ھەم ئۇلارنىڭ ئوقۇپ پىكىر بېرىشىنى تەلەپ قىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئايالى 13 نى تۇغقان، ئوقۇمۇشلۇق ئايال بولۇپ، تولستوي يازغان كىتابلارنى سېلىشتۇرۇپ، توغرىلاپ بېرىدىكەن، ئۆي جاھازلىرى كونا پاسوندىكى چىرايلىق جاھازلار بولۇپ، تولستوي بازاردىن ئۆزى سېتىۋالغانىكەن، يېڭىدىن ياسالغىنى ياخشى كۆرمەيدىكەن، ئەكسىچە بازاردىكى كونا جاھازلار ئىچىدىن ئۆزىگە يارىغان، نۇسخىسى چىرايلىقلىرىنى تاللاپ ئالىدىكەن، بۇ جاھازلار تولۇق ساقلىنىۋېتىپتۇ، ئۆزى تىككەن بىر جۈپ يوغان ئۆتۈكمۇ شۇ پېتى تۇرۇپتۇ. ئۇنى ئوۋغا چىققانلاردا كىيىپتىكەن، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلىرى ئىچىدىكى بىردىنبىر ئوۋ خۇمار ۋە بۇ توغرىلىق ئەڭ كۆپ ئەسەر يازغان يازغۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىر كۈنلۈك تۇرمۇشى ئىنتايىن جىددىي، لېكىن بەكمۇ رەتلىك ئۆتىدىكەن. ئۇ مانا مۇشۇ خىلۋەت ۋە كۆڭۈللۈك ھويلىدا بىرقانچە ئون يىلنى ئۆتكۈزۈپ ئۇلۇغ رۇس ئەدەبىياتىغا ئاساس سالغۇچى ۋە رۇس ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋاسىغا ئايلانغان. دەرۋازىدىن كىرگەندە سول تەرەپكە بۇ ئۇلۇغ پېشۋانىڭ 80 نەچچە ياشتا چۈشكەن چوڭايتىلغان سۈرىتى ئېسىلغان بولۇپ، ئۇ خۇددى ھايات ۋاقتىدىكىدەك ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن مېھمانلارنى قارشى ئېلىۋاتقان ۋە ئۇزىتىۋاتقاندەك قىياپەتتە تۇراتتى. ئۇ بۇ ھويلىسىنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ئەخىرقى ئۆمرىنى مۇشۇ ھويلىدا ئۆتكۈزگەنىكەن. بىز ئۇنىڭ سۈرىتى ئالدىدا خاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشتۇق. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىنى قىزىقىپ ئوقۇيدىغان ئۆمىكىمىز ئەزالىرىدىن ئايرىلىشقا قىيمىغاندەك، ئۇزۇندىن ئۇزۇنغىچە قاراپ قالدى.

10-ئىيۇن ھاۋا ئوچۇق، مەن ئورنۇمدىن تۇرغاندا موسكۋا كوچىلىرىدا كۈندىلىك ھايات ئاللىقاچان باشلىنىپ كەتكەندى. ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ ئۇستازى ۋىلادىمىر ئىليىچ لېنىننىڭ مۇزېيىنى كۆرۈشكە باردۇق. لېنىن مۇزېيى موسكۋا شەھىرىنىڭ 40 - 50 كىلومېتىر چېتىگە جايلاشقانىكەن. بىز كىچىك ماشىنىلاردا موسكۋانىڭ مەركىزىي كوچىلىرىنى بېسىپ جەنۇبىي تەرەپكە بۇرۇلدۇق. 20 - 30 قەۋەتلىك بىنالار بىلەن تولغان يېڭى كوچىلارنى ئارىلاپ لېنىن تېغىغا جايلاشقان موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتى، دۆلىتىمىزنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى ئالدىدىن ئۆتۈپ خېلى يۈرگەندىن كېيىن ئالدىمىزدا قېلىن ئورمانلىق كۆرۈندى. بىزنى باشلاپ ماڭغان يولداشلار لېنىن مۇزېيىغا كەلگەنلىكىمىزنى ئېيتىشتى. ماشىنا ئاۋۋال غەربكە، كېيىن شىمالغا بۇرۇلۇپ زىچ ئورمانلىققا جايلاشقان لېنىن مۇزېيىنىڭ ھەيۋەتلىك دەرۋازىسى ئالدىدا توختىدى. بىز ماشىنىدىن چۈشۈپ كەڭ، ئازادە سېمونت يول بىلەن ئىچكىرىگە قاراپ يول ئالدۇق. ئۇلۇغ ئۇستاز لېنىننىڭ ئايىغى تەگكەن بۇ ماكان ھەم ھەيۋەتلىك ھەم سۈرلۈك ئىدى. ماڭغانچە يۈرەكلىرىمىز دۈپۈلدەپ خۇددى لېنىن ھاياتتەك، بىزگە قول ئۇزىتىپ كېلىۋاتقاندەك، مەغرۇر

ھالدا شەپكىسىنى مىجىقلاپ بىزگە خىتاب قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. يولىنىڭ ئىككى قاسىنىقىدىكى ئاسمانغا بوي سوزۇپ تۇرغان، يوغان رەتلىك دەرەخلەر لېنىنغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، بېشىنى ئېگىپ، چوڭقۇر سۈكۈت ئىچىدە تۇرغاندەك ئىدى. لېنىن بۇ جايدا ئىككى قېتىم ئۇزۇن ۋاقىت تۇرغان، ئۇ ئۆكتەبىر ئىنقىلابى دەۋرىدە يەنى 1918-يىلى بۇ يەرگە كېلىپ ئىنقىلابقا يېتەكچىلىك قىلغان ھەم كروپىسكايا ۋە ئۇنىڭ سىڭلىسى مارىيە بىلەن بىللە داۋالانغان. بۇ جاي ئەسلى بىر گېنېرالنىڭ جايى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئائىلىسىغا بەرگەنىكەن. لېنىن بۇ جاينى بىر قەدەر تىنچ، ئۆيلەردە توك، تېلېفون، پارۋاي بار، دەم ئېلىشقا ۋە خىزمەتكە قولايلىق بولغانلىقتىن تاللىغانىكەن. ئۇ بۇ يەردە خىزمەت قىلغان، ھەم ئىنقىلابىي ئىشلارنى تەتقىق قىلىپ بىر مۇنچە موھىم ئەسەرلەرنى يازغان. «خائىن كائۇتسكى» دېگەن ئەسەرمۇ مۇشۇ يەردە يېزىلغانىكەن. لېنىن ئىككىنچى قېتىم 1923-يىلى 5-ئاينىڭ 15-كۈنى بۇ يەرگە كېلىپ 1924-يىلى يانۋاردا ۋاپات بولغىچە بۇ يەردە تۇرغان. ھويلىنىڭ شەرق تەرىپىدە ئىككى قەۋەتلىك بىر بىنا، جەنۇبىي تەرىپىدە ئىككى قەۋەتلىك بىر بىنا ۋە بىر قەۋەتلىك بىنالار بار بولۇپ، ھەممىسى 12 مىڭ كۋادراتمېترغا يېتىدىكەن. لېنىن بۇ جايدىن ھەم ئولتۇراق ئۆي ھەم ئىشخانا ئورنىدا پايدىلانغان. يازدا شەرقتىكى بىنادا تۇرغان، شەرق تەرەپتىكى بىنانىڭ پار بىلەن ئىسسىشى ئاجىز بولغاچقا، قىشتا تولىراق جەنۇبىي تەرەپتىكى ئۆيدە تۇرغان. لېنىن تۇرغان دەرەخزار باغنىڭ كۆلىمى ناھايىتى زور، تەخمىنەن 500 مو ئەتراپىدا بولۇپ، غەرب تەرىپىدە ئىككى تەبىئىي كۆل بار ئىكەن، لېنىن دەم ئېلىش كۈنلىرى ئۇ يەردە سۇ ئۈزۈش، قېيىقتا ئولتۇرۇپ بېلىق تۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن.

ھەممىگە مەلۇم، ئۆكتەبىر ئىنقىلابى داۋامىدا، لېنىننى دۈشمەن ئىشپىيونلىرى ئېتىپ، ئېغىر يارىدار قىلغان، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۇ داۋالىنىۋېتىپمۇ ئىنقىلابىي ئىشلارغا چەكسىز سادىقلىقى بىلەن خىزمەتتىن بىر مىنۇت قول ئۈزمىگەن. دوختۇرلار قوللىرىدىن كېلىدىغان ھەممە ئاماللار بىلەن داۋالىسىمۇ لېنىننىڭ كېسىلى كۈندىن-كۈنگە يامانلاشقان، كروپىسكايا بۇ چاغدا ھەم لېنىننىڭ داۋالىنىشى، ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا مەسئۇل بولغان، ھەم لېنىننىڭ يولىيورۇقلىرىنى مەركىزىي كومىتېتقا، مەركىزىي كومىتېتنىڭ پىكىر-تەلەپلىرىنى لېنىنغا يەتكۈزۈپ، لېنىننىڭ خىزمەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشىغا ياردەملەشكەن، ئۇنىڭ كۈندىلىك ئىشلەش ۋاقتى 16 سائەتتىن ئېشىپ كەتكەن.

كروپىسكايانىڭ سىڭلىسى مارىيە لېنىن ۋە كروپىسكايا بىلەن باشتىن-ئاخىر بىرگە بولغان. ئۇ 17 يېشىدىلا ئىنقىلابقا قاتناشقان، ئۇ «ئۇچقۇن» گېزىتىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى بولغان. ئۇ كېيىنكى يىللاردا لېنىننى تەتقىق قىلىش ئىشخانىسىدا ئىشلەپ، لېنىننى تەتقىق قىلىدىغان نۇرغۇن ماقالىلەرنى يازغان.

ئۇلۇغ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنى قوزغىغان، ماركسىزم-لېنىنىزمنى ۋە ئۇنىڭ مېۋىسى بولغان سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنى روسىيىدىن ئىبارەت مەملىكەتتە غەلىبىگە

ئېرىشتۈرگەن، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلۇغ پىلانلىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە مۆلچەرلىگەن، دۇنيا پرولېتارىيات ئىنقىلابى زەمبىرىكىگە ئوت تۇتاشتۇرغان ئۇلۇغ زات ۋە ئۇلۇغ ئائىلە مانا مۇشۇ مۇزېيىي جايلاشقان جايدا ئالەمدىن ئۆتكەن، ئۇ زات ۋە ئۇنىڭ ئىنقىلابىي ئائىلىسىنىڭ ئەزالىرى ئىشلەتكەن ئۆي جاھازلىرى، لېنىننىڭ شۇ چاغدا كىيگەن كىيىملىرى، 4 مىڭدىن ئارتۇق ھەر خىل كىتاب ۋە باشقا نەرسىلەر — لېنىننىڭ ئوۋ مىلتىقى، ئوۋغا چىققاندا كىيگەن ئۆتىكى ... خۇددى ئۇلار ھايات ۋاقتىدىكىدەك سەرەمجان ھالدا تۇرۇپتۇ، ئۇلار ئىشلەتكەن تېلېفون جىرىڭلاۋاتقاندەك، ئۇنىڭدىن يېڭى، يېڭى خىتابلار چىقىدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

ئۇلۇغ داھىي ۋە ئۇنىڭ سۆيۈملۈك ئائىلىسى دۇنيادىن ئۆتكەن جايدىن ئايرىلغىمىز كەلمىگەن ھالدا ھويلىغا چىقىپ يەنە ھېلىقى قاتار دەرەخلەر ئارىسىدىكى ئاسفالت يولغا كەلدۇق. ئۇ يەردە لېنىن ۋاپات بولغاندا ئۇنىڭ جەسىتىنى سىلكىنىدۇرمەي خاتىرجەم ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن ئاسفالت يولنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇزۇنلۇقى 1500 مېتر، كەڭلىكى 3 مېتر كېلىدىغان، يۇمشاق ھەيدەلگەن گۈللۈك ۋە چىمەنلىككە تۇتاشقان يول تۇراتتى. بۇ يول كۆزىمىزگە خان ئەتلەستەك كۆرۈندى. بۇ يولغا كېلىپ ھەممىمىز بېشىمىزنى ئېگىپ، لېنىننىڭ جەسىتى چىققان شۇ يولدا بىر ئاز سۈكۈتتە تۇردۇق. شۇ يولنى بويلاپ دەسلەپ كەلگەن دەرۋازا ئالدىغا چىقتۇق. ماشىنىلار بىزنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن، ئۇ يەردىن بىز ماشىنىغا ئولتۇرۇپ كرېمل سارىيىغا يۈرۈپ كەتتۇق.

كرېمل سارىيى موسكۋانىڭ مەركىزىدىكى جايلاشقان قىزىل مەيداننىڭ غەربىي تېمىغا تۇتاشقان سەلتەنەتلىك قەدىمىي قەلئە بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ پايتەختىمىز بېيجىڭدىكى خان سارىيىغا ئوخشايدۇ. بىز ئۇزۇن رەتكە تىزىلغان كىشىلەر توپىدىن ئۆتۈپ، لېنىن قەبرىسىگە يېقىنلاشتۇق، بىز ئاستا قەدەملەر بىلەن لېنىن ماۋزۇلېيىنىڭ ئىشىكىدىن كىرىپ يۇقىرىغا چىقىدىغان پەلەمپەيگە ياماشتۇق. دىماقلىرىمىزغا ئارچىنىڭكىگە ئوخشايدىغان ئېسىل پۇراق ئۇرۇلدى. مەن شۇ چاغدا چۈشتىن بۇرۇنقى لېنىن مۇزېيىدا كۆرگەن ۋە ھېس قىلغانلىرىمنى ئەسلىدىم. بىز ئۇ يەردە لېنىن ھايات ۋاقتىدىكى تۇرمۇش بىلەن تونۇشتۇق. ئەمدىلىكتە پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ ئۇستازىنىڭ جامالىنى كۆرىمىز. بۇ نېمىدېگەن ئەزىز مىنۇتلار ...ھېسسىياتلىرىم قاناتلىنىپ، نەپەسلىرىم قىسىلىپ، قەدەملىرىم ئىختىيارسىز ئاستىلاپ كەتكەندەك بولدى. ئەنە، ئۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ جامالى، لېنىن ئىنتايىن خاتىرجەم، ئۇيقۇغا كەتكەندەك ياتسىمۇ بىزگە قىزغىن تەبەسسۇم بىلەن نەزەر تاشلاۋاتقاندەك تۇيۇلدى. بىر چاغدا كۆزەتچى ئەسكەر يېنىمغا كېلىپ «پاژالىستى» (مەرھەمەت) دېگەندىلا ئۆزۈمنىڭ توختاپ قالغانلىقىمنى سەزدىم، كىشىلەر لېنىننىڭ جامالىغا قانداقمۇ قانسۇن؟! ھەقىقەتەن مېنىڭ ئارقامدىكى كىشىلەر توپلىنىپ ئالدىمدىكى كىشىلەر ئون نەچچە قەدەم ئىلگىرىلەپ كەتكەندىكەن، ئېسىمنى يىغىپ، قەدىمىمنى تېزلەتكەن بولسامۇ، كۆزۈم يەنىلا شۇ زاتتا ئىدى. ئۇ يەردىن چىققاندىن كېيىن خۇددى چۈش كۆرۈپ ھازىرلا ئويغانغان ئادەمدەك

سەنتۈرۈلۈپ توختاپ قالدىم، كۆزلىرىمگە ئىختىيارسىزلا ياش كەلدى، لېنىننىڭ ماركسىزم - لېنىنىزىملىق ئۇلۇغ تەلىماتى دۇنيانىڭ بىر ئەۋلاد ماركسىزم - لېنىنىزىمچىلىرىنى تەربىيىلەپ ئۇلارنىڭ قەلبىنى يورۇتقان. ئۇ باشلىغان ئۇلۇغ سوتسىيالىزم ھەرىكىتى ھەر قايسى مەملىكەتلەردە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، شۇ مەملىكەتلەرنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى. ئۇ دۇنيادا تەڭدىشى بولمىغان قۇدرەتلىك قورال سۈپىتىدە توسالغۇسىز ئىلگىرىلەۋاتىدۇ. مەن شۇ چاغدا ئىچىمدە ئەي ئۇلۇغ زات، سەن خاتىرجەم يات، سېنىڭ باشلىغان ئۇلۇغ ئىشلىرىڭ چىرقۇم دۇنيا مىقياسىدا ئەمەلگە ئاشىدۇ، ئەۋلادتىن-ئەۋلادقىچە تېخىمۇ ياخشى داۋاملىشىدۇ، دېدىم.

بىز لېنىن ماۋزولېيىدىن چىقىپ كرېمىلنىڭ غەربىي تېمى ئالدىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان رۇسىيە خەلقىنىڭ ئاتاقلىق ۋە مەشھۇر قەھرىمانلىرى، سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ ئاتاقلىق داھىيلىرى، مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سېكرېتارلىرىنىڭ خاتىرە ھەيكەللىرى تۇرغۇزۇلغان جايغا كەلدۇق. ستالىننىڭ خاتىرە ھەيكىلى مۇيەتتىنچى رەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئۇنىڭ ئالدىدا يېڭىلا قويۇلغان بىر دەستە چىرايلىق گۈل تۇراتتى، ئۇنىڭدىن باشقا كرېمىلنىڭ تېمىغا ۋە خاتىرە ھەيكەللەرنىڭ ئالدىدىكى گۈللۈك ۋە چىملىققا نۇرغۇن خەلق قەھرىمانلىرىنىڭ مىستىن ياسالغان خاتىرە تېشى ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. بىز ئۇلارغا ئېھتىرام بىلدۈرگەندىن كېيىن كرېمىل سارىيىنىڭ شەرقىي تېمىغا يانداش ئورۇنلاشقان كرېمىل مۇزېيىنى كۆردۇق. كەچ سائەت 10 دىن 50 ئۆتكەندە پويىزغا ئولتۇرۇپ لىتۋاغا قاراپ يولغا چىقتۇق. چۈشتىن كېيىن ياغقان يامغۇر تېخىمۇ كۈچىيىپ، شەھەر كوچىلىرى دەل-دەرەخ، گۈللەرنى يۇيۇپ پارقىرىتىۋەتكەنىدى. پويىز ئىستانسىدىن چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي تۇمان ئىچىگە كىرىپ كەتتى، تۇمان ئارىلىقىدا گاھى-گاھىدا بىر ياكى ئىككى قەۋەتلىك خىشتىن ياسالغان ئۆيلەر كۆزگە چېلىقاتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇمان ناھايىتى كۆپ بولۇپ، كۆپ قىسمى تەبىئىي تۇمان ئىكەن. كىشىلەر بىنا قىلغان تۇمانلىقمۇ ئاز ئەمەس ئىكەن. موسكۋا شەھىرىنىڭ ئىككى تەرىپىنى تۇمان ئوراپ تۇرىدىكەن، موسكۋا شەھەر ئەتراپى كوچىلىرى پۈتۈنلەي تۇمان بىلەن قاپلانغان، شۇڭا شەھەرنىڭ ھاۋاسىدا بۇلغىنىش ئامىللىرى ناھايىتى ئاز. بۇ يەردىمۇ بىز خۇددى تۇمان بىلەن بىللە سەپەرگە چىققاندەك، پايانسىز تۇمان ئىچىدە كېتىۋاتىمىز، ئۇزۇنغىچە دېرىزە ئالدىدا ئۆرە تۇرغانلىقىم ئۈچۈن دىمىقىمغا نەم-خۇش ھاۋا ئۇرۇلۇپ، ئۇيقۇم كەلگەندەك بولدى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرسام يەنىلا تۇمانلىق ئىچىدە كېتىۋېتىپتىمىز.

11 - ئىيۇن ئەتىگەن سائەت سەككىزدىن ئۆتكەندە پويىز لىتۋانىڭ مەركىزى ۋىلنۇس شەھىرىگە يېتىپ كەلدى، بىزنىڭ ئالدىمىزغا لىتۋا مەدەنىيەت جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن بولۇپ 6 - 7 كىشى چىققانىكەن. بىز ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ۋىلنۇس شەھىرىگە يۈرۈپ كەتتۇق، بىز لىتۋا ئالىي سوۋېتىنىڭ مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتۇق. مېھمانخانا قورۇسى قېلىن دەرەخلىك، ھەممە يېرىگە چىم ياتقۇزۇلغان گۈللۈك ئىكەن. جەنۇبىي تەرىپى ۋىلنۇس خەلق باغچىسىغا تۇتىشىدىكەن، ھاۋاسى بەك ساپ ئىكەن. مېھمانخانا ئىككىلا قەۋەتلىك بولۇپ، ناھايىتى تېنىچ ئىدى. ياتاقلىرىمىز پۈتۈنلەي يۈرۈشلەشكەن زامانىۋى ئۈسكۈنىلەر بىلەن سە-

رەمجانلاشتۇرۇلغان، بىز ناھايىتى ئازادىلىك ھېس قىلدۇق. تاماقتىن كېيىن لېتۋا مەدەنىيەت فوندى جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇلى لېتۋا ۋىلنوس شەھىرى مەدەنىيەت فوندى جەمئىيىتىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى، لېتۋانىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 3 مىليون، ۋىلنىيوس شەھىرىنىڭ نوپۇسى 560 مىڭ بولۇپ، لېتۋا، رۇس، قارىم قاتارلىق مىللەتلەر ياشايدىكەن، لېتۋا ۋە قارىم قاتارلىق مىللەتلەر 88% نى تەشكىل قىلىدىكەن، رۇسلار 12% ئىكەن.

لېتۋا مەدەنىيەت فوندى جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى مۇنداق دېدى: جەمئىيىتىمىزنىڭ ۋەزىپىسى ئۈچ. 1 — مەدەنىي مىراسلارنى قېزىش، قوغداش، قۇرۇش، 2- جەمئىيىتىمىزگە قارىتا ئىجتىمائىي ياردەم تېپىش، فوندى تەشكىللەش. بىز بۇ فوندى ئارقىلىق مىللىي مەدەنىيەتنى قېزىش، قوغداش، يېڭىدىن قۇرۇشنى ئېلىپ باردۇق. بۇنىڭ ئۈچۈن جەمئىيەتتىكى يوشۇرۇن كۈچلەرنى ھەرىكەتلەندۈردۇق، بىرىنچى قېتىم ۋىلنىيوس شەھىرىدە مۇزىكا كېچىلىكى تەشكىللىدۇق. بۇ مۇزىكا كېچىلىكىمىز ئاتاقلىق مۇزىكانت، ناخشىچىلار، ئاتاقلىق دىرىژورلاردىن تەركىب تاپتى. ئۇنىڭ كىرىمى جەمئىيىتىمىزگە قالغانلىقتىن، ئويۇن كۆرگۈچىلەرگە بېلەتنى يۇقىرى باھادا سېتىشنىڭ ئەھمىيىتى چۈشەندۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بېلەت باھاسى بىراقلا تۆت ھەسسە ئۆستۈرۈلدى. بىر بېلەت 16 رۇبلى بولۇشىغا قارىماي كىشىلەر بەس - بەستە ئويۇن كۆردى. 3 - گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇرۇش. كۆرگەزمىگە ئالدى بىلەن چەت ئەللەردە تۇرغان لېتۋالىق مەشھۇر رەسساملارنىڭ ئەسەرلىرىنى، ئاندىن مەملىكەت ئىچىدىكى ئاتاغلىق رەسساملارنىڭ ئەسەرلىرىنى قويدۇق، بۇلارنىڭ ئىچىدىن ئەڭ ئېسىللىرىنى تاللاپ 1 - دەرىجىلىك رەسىملەر كۆرگەزمىسى ئاچتۇق. بۇ رەسىم كۆرگەزمىسىدىن نۇرغۇن كىرىم بولدى، رەسىملەرنى سېتىشمۇ بۇنىڭ ئىچىدە بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە رەسىملەرنى تونۇشتۇرۇپ، باھالاپ، تۈرلۈك كىتابچىلارنى چىقاردۇق. كۆرگەزمىخانىمىز بولمىغاندا چېركاۋدىن پايدىلاندۇق. كۆرگەزمە رەسىملىرى ئاساسەن مىللىي، ئەنئەنىۋى رەسىملەردىن تەركىب تاپقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى كۆرۈش نىسبىتى يۇقىرى، رولى مۆلچەرلىگىنىمىزدىن چوڭ بولدى. بىزنىڭ بىر قەدىمىي شەھىرىمىزدە 1 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى ھەر خىل چېركاۋلاردىن 88 ى بار ئىدى، ئۇرۇشتىن كېيىن 47 گە، ھازىر 24 گە چۈشۈپ قالغان. بۇ شەھەر خارابىسىغا يېڭى ئۆيلەر سېلىنىپ، شەھەرنىڭ بۇرۇنقى قىياپىتى زور دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغاندى. بىز جەمئىيەتتىكى مەدەنىيەتپەرۋەر ئاكتىپلار ئارقىلىق ئاممىنى قوزغاپ، شۇ چاغدا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان چېركاۋلاردىكى ھەيكەل ۋە رەسىملەرنى يىغىپ ۋىلنىيوس شەھىرىدىكى ھازىرقى چېركاۋلاردا ساقلانغان رەسىم، ھەيكەللەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرسەتكەندۇق، بۇنىڭ رولى بەكمۇ چوڭ بولدى. ئامما يەنە نۇرغۇن قەدىمىي رەسىم، ھەيكەللەرنى تەقدىم قىلدى، بىز ئۇلارنى يىغىپ، بۇ شەھەردىكى مۇھىم مەركەزلىك چېركاۋلارنى ئەسلىگە كەلتۈردۇق، شۇ چاغدا خىروششېۋ بىزنى تەنقىد قىلغان بولسىمۇ، بىزنىڭ قىلغىنىمىز توغرا ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئامما مەدەنىيەت سۆيۈش تەربىيىسىگە ئىگە بولۇپ، خەلق ئىچىدە ساقلانغان نۇرغۇن قەدىمىي ئەسەرلەر يىغىۋېلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا لېتۋادا تۇرۇشلۇق يېزىرلارنىڭ مەخسۇس رەسىم

كۆرگەزمىسى ئېچىلغان. ئۇلار بۇرۇن لىتۋادىن سىبىرىيىگە سۈرگۈن قىلىنغان مەشھۇر
ئايال رەسساملارنىڭ رەسىملىرى كۆرگەزمىسىنى ئۇيۇشتۇرغان، ئۇنىڭغا «لىتۋا ئۈچۈن»
دېگەن تېما قويۇلغان. بۇنىڭغا ئۇلاپلا يەنە مۇزىكا كېچىلىكى، بولۇپمۇ توختاپ كەتكە-
لى ناھايىتى ئۇزۇن بولغان چېركاۋ مۇزىكا كېچىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ۋە يېڭى-
دىن ئۇيۇشتۇرغان. كېيىن مۇزىكا كېچىلىكىنىڭ ئىسمىنى «بىر سائەتلىك مۇزىكا»
دەپ ئۆزگەرتكەن، ئەمەلىيەتتە بۇ بىر سائەتلىك «چېركاۋ مۇزىكا» پائالىيىتى بولغان،
چېركاۋغا كېرەلىگەنلەر بىۋاسىتە، كىرەلمىگەنلەر ئۈنئالغۇ كارنىيى ئارقىلىق سىرتتا
ئاڭلىغان، شۇنداق قىلىپ ئۇزۇن مۇددەت توختاپ قالغان چېركاۋ پائالىيىتى يېڭى تۇس
بىلەن ئەسلىگە كەلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە توختاپ كەتكەن ياغاچ ئويمىچىلىق، خاتىرە
مۇنارە، خاتىرە ھەيكەل ياساشلار قايتىدىن قەددەممۇ قەدەم ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. لىتۋا
مەدەنىيەت فوندى جەمئىيىتى خەلقنىڭ ئەنئەنىلىك مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى ئىم-
كان قەدەر تەشكىللەش، ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە، تۈرلۈك بايرام ۋە خاتىرە كۈنلەردىنمۇ
پايدىلانغان، مەسىلەن، ئۇلار لىتۋالىقلارنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى «ئىۋان» بايرىمىدىن-
مۇ پايدىلىنىپ، تۈرلۈك مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغان، دېڭىز ياقىسىدىكى
مەشھۇر قەدىمي شەھەر «بورۇس»تىكى «چېركاۋ ئىلاھى»نى قوغداش يۈزىسىدىن،
«قەدىمي شەھەردىكى قەدىمي ئەنئەنىنى قوغدايلى» دېگەن چوڭ خەتلىك خاتىرە
تاختىنى يازغان.

مېھمانخانىغا قايتىپ تاماقلانغاندىن كېيىن، ۋىلنۇس شەھىرىدىكى مىللىي كې-
يىملەر كۆرگەزمىخانىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق، بۇ كۆرگەزمىدە لىتۋا مىللىتىنىڭ
18-، 19-ئەسىرنىڭ بېشىدىكى مىللىي كىيىملىرىدىن 500 خىل كىيىم نۇسخىسى
قويۇلۇپتۇ. لېكىن پادىشاھ، خانىش، مەلىكە، ۋەزىر-ۋۇزرا قاتارلىق يۇقىرى تەبىقە
كىشىلىرىنىڭ كىيىملىرى قويۇلماپتۇ. كۆرگەزمىگە قويۇلغانلىرى شۇ مىللەتنىڭ ئادەت-
تىكى پۇقرالىرىنىڭ كىيىم نۇسخىلىرىلا بولۇپ، بۇ كىيىملەر ئارقىلىق لىتۋا مىللىتى-
نىڭ قەدىمي مەدەنىيەتكە ئىگە ئۇلۇغ مىللەت ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئەمگەكچان،
باتۇر، مەدەنىيەتسۆيەر ئەجدادلىرى مۇشۇ يەردە ياشاپ، ئاجايىپ مۆجىزىلەر يارات-
قانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇلار بۇ كىيىملەرنى مەملىكەتنىڭ ھەممە بۇلۇڭ-پۇش-
قاقلىرىدىن ئالا قويماي ئىزدەپ-يىغىۋېلىپلا قالماي، لىتۋا مىللىتىنىڭ چەت ئەلدىكى
مۇھاجىرلىرىغا قارىتا «كۆرگەزمىگە كىيىم نۇسخىسى تەقدىم قىلىش پائالىيىتى»نى قا-
نات يايدۇرۇش ئارقىلىقمۇ يىغىۋالغان. بۇنى كۆرۈۋېتىپ 83-، 84-يىللىرى بولسا كې-
رەك، شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ ئون نەچچە كۋادراتمېتىرچە كېلىدىغان بىر ئۆيدە
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 10-20 خىل مىللىي كىيىم نۇسخىسىنى كۆرگەزمە قىلىپ كەڭ
ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەنلىكى ئېسىمگە چۈشتى، لىتۋا مىللىي كىيىملەر كۆرگەز-
مىسى تەخمىنەن 2000 كۋادراتمېتىرلىق چوڭ بىر مەخسۇس بىناغا
ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ. 20 دىن ئارتۇق ئىشچى-خىزمەتچى، ئون نەچچە بۆلۈمدە مەخ-
سۇس تونۇشتۇرغۇچى بار ئىكەن. قويۇلغان بارلىق كىيىملەرنىڭ قىسقىچە تارىخى، ساق-

لىنىش ئەھۋالى، يىغنۇېلىنغان ۋاقتى قاتارلىقلار ئىزاھلىنىپتۇ.

سەنئەت كىيىمى مىللىي كىيىملەر ئۇسلۇبىنى ئۆزىگە مەنبە قىلىدۇ. مەن ئۇلانباتۇردا «قۇياشقا ئەگىشىپ مېڭىش» دېگەن ئۇسۇللۇق ئويۇنىنى كۆرگەندىن كېيىن، لىتۋا مىللىي كىيىملەر ۋە مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرى كۆرگەزمىخانىسىنىڭ ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنگەندەك بولدۇم. بۇ مىللىي ئويۇن ئۈچ سائەت داۋام قىلدى، شۇ جەرياندا سەھنىدە موڭغۇللارنىڭ 40 خىلدىن ئارتۇق مىللىي كىيىمى ئالماشتۇرۇلدى، ئۇلار سەھنىدە موڭغۇللارنىڭ ئۆز كىيىملىرىدىن باشقا كىيىملەرنى كىيمەيدىكەن. ئاپتونوم رايونىمىزدا سەنئەت كىيىملىرى لايىھىسىنى يېڭىلاش جەھەتتە ناھايىتى زور تەرەققىياتلار بولدى، لېكىن سەنئەت كىيىملىرىدە ئۆزگىرىشچانلىق كۆپ، ئالدىنقى يىلدىكى كىيىملەر كېيىنكى يىللاردا كىيىلمەيدۇ، كىيىملەر ئۇسلۇبى پۇختا بولمىغاندا، سەنئەت كىيىملىرىنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقىدىن قۇتۇلغىلى بولماسمىكىن، دەپ ئويلايمەن.

1990 - يىلى لىتۋا مەدەنىيەت فوندى جەمئىيىتى مۇشۇ كۆرگەزمىدىكى مىللىي كىيىملەر ئۇسلۇبىدا تىكىلگەن كىيىملەرنى ئۆرنەك قىلغان ھالدا دۆلەتنىڭ چوڭ مۇزىكا ھەپتىلىكىنى ئۆتكۈزمەكچى ئىكەن، بىلەت باھاسى ناھايىتى يۇقىرى بولارمىش. ئەگەر مۇشۇ ئۇسلۇبتىكى مىللىي كىيىملەرنى تىكتۈرۈپ كىيگەنلەر بولسا، ئۇلار مۇزىكا ھەپتىلىكىگە بىلەتسىز قاتنىشىدىكەن.

ماشىنىمىز ۋىلنىوس شەھىرىنىڭ ئاۋات مەركىزىي كوچىسىغا جايلاشقان بىر چېركاۋ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. چېركاۋنىڭ ئۇرغۇن چوڭ - كىچىك مۇنارلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان پەشتىقى ئۆزگىچە ياراشقان بولۇپ، ئېگىزلىكى 68 مېتر كېلىدىكەن، بىزنى باشلىغۇچىلار بۇ چېركاۋلارنىڭ تارىخىنى تونۇشتۇردى.

— 1000 يىلدىن ئىلگىرى، بۇ چېركاۋلار ناھايىتى ئاددىي ئىكەن، كېيىن خىرىستىيان دىنى بىزنىڭ دۆلەت دىنىمىزغا ئايلانغان، بۇ چېركاۋلار ئۇزۇن تەرەققىيات، ئۆزگىرىش جەريانىدا لىتۋا مىللىتىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرغان، 18 - ئەسىردىن كېيىن ھازىرقى مۇشۇ ھالەتكە كەلگەن.

چېركاۋنىڭ ئىچىگە كىرسەك، ئۇنىڭ ئىچى بىر جانلىق تارىخ ئىكەن، چېركاۋغا قويۇلغان 2000 نەچچە خىل رەسىم، ھەيكەلنىڭ گۈزەللىكىنى دېمەيلا قويايلى، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى شۇ مىللەت خەلقىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىپادىسى ئىدى، چېركاۋ بىناسىدىن پايدىلىنىپ گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىسى ئېچىلىپتۇ. بۇ چېركاۋ جايلاشقان ئورۇن قەدىمىي مەدەنىيەت رايونلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئىنتايىن ئېسىل بىنالار ۋە كوچىلار بىلەن تولۇپ تاشقانىكەن. 1984 - يىلىدىن باشلاپ گۈللەنگەن بۇ رايون دۆلەت قوغدايدىغان رايون بولۇپ، مۇشۇ ئاينىڭ 16 - كۈنى شەھەر بويىچە قوغداش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلىدىكەن.

بىز ئۇ يەردىن چىقىپ ئازراقلا مېڭىپ شىمالىي كوچىغا بۇرۇلۇپ تاشقى كۆرۈنۈشى بەكمۇ چىرايلىق «ئانىنا» ناملىق چېركاۋ ئالدىغا كەلدۇق. تونۇشتۇرغۇچىلارنىڭ

ئېيتىشىچە، بۇ چېركاۋنىڭ ئىچى تېخىمۇ گۈزەل بولۇپ، تام سۈرەت ۋە ھەيكەللەر بىلەن بېزەلگەن ئىكەن، ئەپسۇسكى، چېركاۋغا قارايدىغان كىشى بىر ياققا كېتىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىچىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىدۇق. ئۇنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى، مۇنارلىرى ئۆزگىچە بولۇپ، يىراقتىن قارىسا خۇددى شاخلاپ كەتكەن بىر بۇغا مۈڭگۈزىگىلا ئوخشايدىكەن. بۇ چېركاۋ ئىنتايىن گۈزەل بولغاچقا، ناپالېئون لىتۋا- نى بېسىۋېلىپ، ۋىلنۇس شەھىرىدە تۇرغاندا، كۈندە بىر قېتىم ئۇنى كۆرگىلى كەل- گەن ئىكەن. ھەتتا بۇ چېركاۋنى پارىژغا يۆتكەپ كەتمەكچى بولغانىكەن. بىز كۆرگەن بۇ چېركاۋ ياۋروپاچە شەكىلدە ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ياسىلىشى «گاۋا ئېقىمى»غا مەنسۇپ ئىكەن. بىز يەنە «گۇناس» نىڭ غەربىگە جايلاشقان بىرقانچە چېركاۋنى كۆردۇق. بۇلار بىر - بىرىدىن كۆركەم، گۈزەل تام رەسىملىرى بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، كىشى- نى ھەيران قالدۇرىدۇ. بۇلارنىڭ بىرى ئىتالىيىدىكى دۇنيا بويىچە زور چېركاۋ «رىم» چېركاۋىغا ئوخشىتىپ ياسالغان بولۇپ، بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقتىن، كېيىن ئەسلى نۇسخىسىغا ھۆرمەت قىلغان ئاساستا رېمونت قىلىنىپتۇ، ئۇنى رېمونت قىلىشقا ئاز دېگەندىمۇ 4 - 5 مىليون رۇبلى كېتىدىكەن. لىتۋادا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تېپىش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش، رېمونت قىلىپ، شەھەرنى ئەسلىدىكى گۈزەل قىياپەتكە— ھەيكەلتىراشلىق ئەنئەنىسىگە قايتۇرۇش ئۈچۈن، مەدەنىيەت فوندى جەمئىيىتى ۋە ھۆكۈمەت نۇرغۇن چىقىم قىلىۋېتىپتۇ.

بىز شىمالغا بۇرۇلۇپلا جۇمھۇرىيەت گىربى چۈشۈرۈلگەن بىر قەلئە شەھەرگە چىقىپ قالدۇق. ئۇ بۇرۇنقى لىتۋادىكى 20 قەدىمىي قەلئە شەھەردىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىماي قېپقالغان بىردىنبىر قەلئە شەھەر بولۇپ، ئۇنىڭ دەرۋازىسى بېشىغا 15- ئەسىردە لىتۋاغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان پادىشاھ كازىمىرنىڭ رەسىمى سىزىلغانىكەن. كازىمىرا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە لىتۋا روناق تېپىپ، مەدەنىيەت گۈللەنگەن بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى ياخشى كۆرىدىكەن.

ئۇ يەردىن چىقىپ لىتۋا ئۇنىۋېرسىتېتىغا باردۇق، لىتۋا ئۇنىۋېرسىتېتى 1579 - يىلى قۇرۇلغان ئىنتايىن زور بىر چېركاۋدىن ئۆزگەرتىلىپ ھازىرقى ھالەتكە كەلتۈ- رۈلگەنىكەن. ئۇنىڭ سىرتقى شەكلى ھېلىمۇ چېركاۋغا ئوخشاپراق كېتىدۇ، ئەمما ئۇ زور دەرىجىدە كېڭەيتىلىپ كەتكەن. لىتۋا ئۇنىۋېرسىتېتىدا 12 چوڭ كەسىپ بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي سانى 14700 دىن ئاشىدىكەن، 1988 - يىلى لىتۋا تىلى دەرسلىكىنىڭ تەسىس قىلىنغانلىقىغا 100 يىل توشقان كۈننى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلۈپتۇ. ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئىچىدە يەنە بىر چېركاۋ بار ئىكەن. ئۇ مەكتەپنىڭ ئىلمىي پائالىيەت مەيدانى بولۇپلا قالماستىن، لىتۋا مەدەنىيەت فوندى جەمئىيىتىنىڭ مۇزىكا كېچىلىكى ئۆتكۈزۈش مەركىزىگە ئايلانغان.

(ئاخىرى كېيىنكى ساندا)

مەسئۇل مۇھەررىر ئارسلان

ئەزىم ناسىر

# غەزەللەر

## مېنىڭ

ئىللىق قۇياشنىڭ تەپتىدە ياشاردى بوستانىم مېنىڭ،
كۆڭلۈمنى زوقتا تولدۇرۇپ ئېچىلدى رەيھانىم مېنىڭ.
قوزغاپ يۈرەكتە ئىشتىياق گۈل ـ غۇنچىلارنىڭ ئۈزلىقى،
چۈشتى كۈلۈپ شاد ناخشىغا بۇلبۇل ـ غەزەلخانىم مېنىڭ.
كىرسە دېرىزەمدىن ئۇچۇپ راھەتبەخش سالقىن شامال،
كۈلگۈن شارابتەك رەڭلىنىپ نۇرلاندى چولپانىم مېنىڭ.
گۈلشەن بېغىمدىن تاڭ سەھەر ئاڭلانسا بۇلبۇل كۈلكىسى،
سىنغاي يۈرەككە مەۋج ئۇرۇپ جۇشقۇنلىدى قانىم مېنىڭ.
زەخمەك بولۇپ كاككۇك ئۈنى چەكتى يۈرەكنىڭ تارىنى،
سۈردى مۇھەببەت پەيزىنى لەززەتلىنىپ جانىم مېنىڭ.
ئۇرغۇپ راسا روھىم شۇئان كەتتىم تېپىپ جۇشقۇن بولۇپ،
چىللاپ سەپەرگە، ئىنتىزار كۈتكەچكە جانانىم مېنىڭ.
كۆزلەپ ئۇلۇغۋار پەللىنى چىقتىم سەپەرگە ئاتلىنىپ،
زارلانمىدىم بولغاچ ئېنىق، مەۋقەيۇ مەيدانىم مېنىڭ.
ئارزۇ يولىدا ئىزدىنىپ مەقسەتكە يەتكەيمەن چوقۇم،
نۇسرەت مۇيەسسەر بولغۇسى بار قولدا ئىمكانىم مېنىڭ.

## بولمىسا

زەر ئاتالغايمۇ تۆمۈر زەرنىڭ باھاسى بولمىسا،
پەيزى بولغايمۇ باھارنىڭ خۇش ھاۋاسى بولمىسا.
باغ ئەمەس چۆل دەشتىمدۇر قۇزغۇنغا جاي بولغان ماكان،
دېمىگىن گۈلشەن ئۇنى بۇلبۇل ناۋاسى بولمىسا.
بولىدۇ ھەر نەرسىنىڭ ئۆز ئالدىغا رەڭ ـ زىنىنتى،
پەرقى نە ئازغان بىلەن گۈلنىڭ جۇلاسى بولمىسا،
دىلنى تارتار ناخشا ـ كۈي ھەر چاغ يۈرەككە زوق بېرىپ،
قىزىمايدۇ بەزمىمۇ تەمبۇر ساداسى بولمىسا.

كىم بىلۇر تاتلىقنى ئاچچىق تەمنى بىلمەي تۇرۇپ،
قەدرى بولماس سۆيگۈنىڭ چەككەن جاپاسى بولمىسا.
ئەتىۋارلار ھەر كىشى ھەر چاغ شىپالىق دورىنى،
تەڭ بولۇر ئەخلەت بىلەن زىنھار شىپاسى بولمىسا.
ئادەمىيلىك خىسلىتى يوق بەندىلەر ھايۋانغا تەڭ،
ئاق كۆڭۈل ئىنسان ئۈچۈن شەپقەت ـ ۋاپاسى بولمىسا.

## يەتمەي تۇرۇپ

تىنچىماس بۇلبۇل دىلى بوستانىغا يەتمەي تۇرۇپ،
سايرىماس خەندان ئۇرۇپ رەيھانىغا يەتمەي تۇرۇپ.
ئىنتىزارلىق ئىلكىدە كۆتسە يىگىت دىلدارىنى،
يايرىغايمۇ تەنلىرى جانانىغا يەتمەي تۇرۇپ.
باشقا غەم ـ كۈلپەت چۈشەر سۆيگەن نىگاردىن ئايرىلىپ،
دىل ئەمىن تاپماس پەقەت غەمخانىغا يەتمەي تۇرۇپ.
پاك ئەقىدە، سۆيگۈنى تاۋلار ساداقەت مەنزىلى،
تىنچىماس پەرۋانە ھېچ گۈلخانىغا يەتمەي تۇرۇپ.
ئۈنچە ـ مەرۋايىت سۈزەر غەۋۋاس دېڭىزنىڭ تەكتىدىن،
ئۇ چېكىنمەس ھېچقاچان دۇردانىغا يەتمەي تۇرۇپ.
قالسا سەپتىن ئايرىلىپ مەنزىلگە يەتمەكمۇ قىيىن،
يولدا قالغاي يالغۇز ئات كارۋانىغا يەتمەي تۇرۇپ.

## كۆزلىرىڭ ئىكەن يۇلتۇز

يۈزلىرىڭ قىزىل ئالما، كۆزلىرىڭ ئىكەن يۇلتۇز،
چاچلىرىڭ ئىكەن بوستان، قاشلىرىڭ قارا قۇندۇز.
كۆز تاشلاپ قىيا باقساڭ، يۈرىكىمگە ئوت ياقساڭ،
ئىشقىڭدا بولۇپ مەجنۇن تەلمۈردۈم كېچە ـ كۈندۈز.
سۇ ئالغاچ بۇلاقلاردىن، كۆز سېلىپ يىراقلاردىن،
چاقنايسەن قىزىلگۈلدەك ھۆسنۈڭنى قىلىپ كۆز ـ كۆز.
بىر كۈن ساڭا گەپ ئاتتىم يالقۇنلۇق قوشاق قاتتىم،
ناخشامغا قۇلاق سالدىڭ قىلمىدىڭ لېكىن بىر سۆز.
بەرمىدىڭ جاۋاب ئەسلا باغرىڭ تاش ئىكەن راستلا،
قىش ئۆتۈپ يازمۇ كېتىپ، بوپقالدى مانا كەچكۈز.
ئۈزمىدىم ئۈمىد سەندىن، سەنمۇ كۈت ئۈمىد مەندىن،
لەززەتلىك مىنۇتلارنى دائىم مەن بىلەن ئۆتكۈز.
كۆيدۈم مەن ساڭا شۇنچە، قىينىما مېنى مۇنچە،
جان بەخشەندە شەرتىڭگە ۋەسلىڭگە مېنى يەتكۈز.

## ئۇخلىماي سۈردۈم خىيال

ئاڭلىنار بۇلبۇل ئۈنى يارنىڭ بېغى گۈلشەنىمدۇ؟
ياكى بۇلبۇل ئورنىغا يارىم ئۆزى كۈلگەنمىدۇ؟
تەلمۈرۈپ باغقا قاراپ، باغ ئايلىنىپ كېتەلمىدىم.
(مەن يىراقتىن يارنى كۆردۈم، يار مېنى كۆرگەنمىدۇ؟)
كۆزلىرىم تەلمۈردى يارنىڭ باغىغا تاڭ ئاتقىچە،
مەن ھەمىشە يارنى كۈتتۈم، يار مېنى كۈتكەنمىدۇ؟
يالتىرار گۈل بەرگى سۈبھى سۈپسۈزۈك شەبنەم ئارا،
رەشكىدىن ئاي ياش تۆكۈپ شەبنەم بولۇپ چۈشكەنمىدۇ؟
ئايغا مەن تويماي قاراپ يارنى ھامان قىلدىم خىيال،
يار شۇ تاپ ئىللىق كۈلۈپ ناز ئۇيقۇغا چۆككەنمىدۇ؟
قارىسام ئايغا ھامان ئايمۇ قارار يارىم كەبى،
ياكى يارىم چۈش كۆرۈپ ئاي كەينىگە مۆككەنمىدۇ؟
يار ئۆزى ئاي بولمىسا، ئاي دەمدىمەن يارنى كۆرۈپ،
ياكى ئاينىڭ شولىسى يار مەڭزىگە كۆچكەنمىدۇ؟
ئۇخلىماي سۈردۈم خىيال چىللاپ توخۇ تاڭ ئاتقىچە،
يارمۇ شۇتاپ ئۇخلىماي مەندەك خىيال سۈرگەنمىدۇ؟
قول سېلىپ كۆز ئالدىدىن ئۆتسەم ھامان تويماي قاراپ،
ماڭا كۆز تاشلاپ قىيا شۇئان ئۇماق كۈلگەنمىدۇ؟

## دەپتىمەن

باغ ئارا ھۆسنۈڭ كەبى بىر گۈل ئېچىلماس دەپتىمەن،
گەر ئېچىلسا مەن كەبى خۇشتار تېپىلماس دەپتىمەن.
جىلۋىلىك كۈلكەڭ بىلەن تۇرساڭ قېشىمدا نازلىنىپ،
سۆيگۈمىزنى گۈل بىلىپ مەڭگۈگە سولماس دەپتىمەن.
ئەتىۋارلاپ مەن سېنى قىسسام چېكەمگە گۈل قىلىپ،
رەزگى خەنجەرنى بىلەپ كۆكسۈمگە ئۇرماس دەپتىمەن.
يۆگىمەشتەك چىرمىشىپ قىلساڭ ھامان ئوتلۇق قەسەم،
بەلكى مەندىن غەيرىيار كۆڭلۈڭگە سىغماس دەپتىمەن.
مېنى ئەستىن چىقىرىپ باشلاپ يۈرۈپسەن غەيرىنى،
ئىشقى باغىمغا بۆلەك ئاياغ بېسىلماس دەپتىمەن.
پاك ئەقىدەم خارلىنىپ، قالدىم ئىچىمگە دەرد يۇتۇپ،
سۆيگۈمىز توزغاق كەبى توزۇپ چېچىلماس دەپتىمەن.
دەز سېلىپ قەلبىمگە سەن يەرگە قاراتتىڭغۇ مېنى،
پاك ئەقىدە، پاك يۈرەك دەپسەندە بولماس دەپتىمەن.

غوپۇر رەخىم

## نۇر چاچايلى قۇياشتەك

كۈندۈز بىلەن تۈن ئېلىشىپ ئۆتتىدۇ،
ھايات پارلاق نۇر ۋەسلىنى كۈتتىدۇ.
مۇتتەسىل تۈن پەردىسىنى يايسىمۇ،
نۇر ھاياتقا بەخت - شادلىق پۈتتىدۇ.

قۇياش كۈلۈپ يەر - جاھاننى قۇچىدۇ،
ھاياتلىقتا تۈن زۇلمىتى ئۆچىدۇ.
ھايات شۇندا نۇرنى سۆيۈپ، سۆيۈلۈپ،
يۈكسەكلىككە، يېڭىلىققا كۆچىدۇ.

نۇرسىز جاھان يۈكسەلمەيدۇ، توختايدۇ،
ھاياتلىقمۇ بىخۇدلۇقتا ئۇخلايدۇ.
پارلىسا مەرىپەتنىڭ قۇياشى،
ھەرقانداق جاي گۈلىستانغا ئوخشايدۇ.

ئەلنىڭ قەلبى بىلىم بىلەن يورۇيدۇ،
يورۇمىسا ياش نوتىلار قۇرۇيدۇ.
ۋىجدان شۇڭا ھەر ئادەمنى تىرىشتىپ،
ئىلىم بىلەن نۇرلانغىن دەپ بۇيرۇيدۇ.

نۇرلانمىغان سەپتىن چۈشۈپ قالىدۇ،
تۇرمۇش ئۇنى غەم - قايغۇغا سالىدۇ.
ئىلىم بىلەن قۇدرەت تاپماي مەنزىلگە،
يۈرگەنلەرنىڭ قول - پۇتلىرى تالىدۇ.

ۋىجدان بىزنى نۇرلىنىشقا ئۈندەيدۇ،
كارغا كەلمەس پو ئېتىشنى قوي دەيدۇ،
ماھىيەتتە نۇرلانمىغان ئادەملەر،
تەبىئەتكە، باشقىلارغا قۇل دەيدۇ.

ئېلى زاھىت

## تورغاي

كۆكتە پەرۋاز قىلاتتى تورغاي،
گاھى ئۆرلەپ، گاھىدا پەسلەپ.
دۆڭدە قەپەس تۇرار قەبرىدەك،
ئىچىدە دان تورغاينى قەستلەپ.

كۆك ئەركىسى ئوماق تورغاينىڭ
كۆزى بىردىن چۈشتى قەپەسكە.
كۆردى داننى، قوزغالدى نەپسى،
ئاستا - ئاستا چۈشتى ئۇ پەسكە.

كىچىك ئىشىك تۇراتتى ئوچۇق،
تورغايجاننى قوينىغا چىللاپ.
«بىر بالاسى بولمىسا، بۇندا
دان نە قىلۇر» دېمىدى ئويلاپ.

دانغا تورغاي سوزغاندا بويۇن،
تىرىق قىلدى، يېپىلدى ئىشىك.
شور پېشانە ئۆز پۈتى بىلەن
دوزاخقىلا يول ئالدى تىرىك.

خۇشاللىقتىن قۇشچىنىڭ شۇئان
بولدى كۆككە يەتكەندەك بېشى.
تورغاي ھەريان ئۇرار ئۆزىنى،
كۆزلىرىدە پۇشايمان يېشى.

ئۆمەرجان مۇھەممەدى

## يۈرەك قەترىلىرى

### قاچان سورايسەن؟

ھەر كۈنلۈكى سېھىرلىك بېقىپ،
تىنچ دىلىمنى دەردكە ئورايسەن.
كەتتى يۈرەك ئىشقىڭدا ئېقىپ،
سەن ھالىمنى قاچان سورايسەن...؟

**ئۆتەرسەنمۇ؟**

مەن ئاۋارە،
قەلبىمنى ساڭا ھېچ ئېتەلمەي ئىزھار.
ئۆتەرسەنمۇ؟
سەن ھالىمغا ـــ
يېتەلمەي زىنھار.

ئىشقىلىك بىلەن
مۇنبەت زېمىن قىلىپ قەلبىمنى،
سەن «ئىشق» دىن سالدىڭ زىچ ئۇرۇق.
پەرۋىش قىلماي تاشلىۋەتسەڭ گەر،
«ھوسۇلى» دىن قالىمەن قۇرۇق.

دېدى، جانان كۆڭلۈمنى ياساپ،
«ماڭا بەكمۇ يارايدىكەنسىز.
بىرلا يېرى ئاچكەن كۆزدىڭىز،
قىزلارغا كۆپ قارايدىكەنسىز...»

دېدىم ئاڭا ـ خاتىرجەم بولۇڭ،
ئىشقىم سىزگە دەريا تاشقىنى.
تىكىلسەممۇ ئۆزگىگە مىڭ رەت،
كۆرمەس كۆزۈم سىزدىن باشقىنى...

**ئەيسا سايىم**

## ئېتىڭىنىڭ چۇلۋۇرىنى تارت

ئېچىنىمادىم؟ نومۇسسىزلىق مۇھىتىنى بۇلغىغان تۇرسا،
گۈزەللىكنى ئۇرۇپ ـ چەيلەپ رەزىللىك يامرىغان تۇرسا.
كۆرەڭلەپ ئەمدى پەسكەشلەر بۆلەكچە ئاينىغان تۇرسا،
سەمىمىي ئەھلى ۋىجدانىنىڭ دىلىدا دەرد ـ پىغان تۇرسا،
دەرىخا! بەزى ئادەمدە دىيانەت قالمىغان تۇرسا.

ھوقۇقنى پەش قىلىپ بىرسى كىرىشتى چوڭ تاپاۋەتكە،
كىشىنىڭ مۈلكىدە سەمرىپ، بېيىپ يەتتى پاراغەتكە.
يەنە بىرسى بېرىپ سوۋغا ئېرىشتى زور ئىناۋەتكە،
ۋە بەلكى قانۇ تەرىنى قىلۇر تەقدىم خۇشامەتكە،
بۇ قىلمىشقا ئۇقۇپ نەپرەت جامائەت قاقشىغان تۇرسا.

يەنە بىرسى ھەسەتخورلۇق ھۈنەردىن كۆپ يازار تاپقان،
تىلى تاتلىق، دىلى ئاچچىق، توقۇلما سۆزگە بەك چاققان.
تىنىم تاپماي ياساپ پاكىت توقۇيدۇ ياخشىغا بۆھتان،
سىرىنى قىلچە سەزدۈرمەي قۇرار ھەر كىمگە تور ـ قاپقان.
كىشىگە شۇنچە ئۆچمەنلىك ئىچىدىن قاينىغان تۇرسا.

ئاداشتى ئەقلىدىن بىرسى ئەمەل ـ ئابرويى ئۆسكەندە،
توقۇپ بەدنام ئازار قىلدى بىراۋنى لالما شەرمەندە.
«جەرىمانە» دېگەن ئاپەت بۇ جانغا بولدى ئىسكەنجە،
نە قانۇن، نە سىياسەتلەر قىلىندى ھەمدە دەپسەندە.
تەۋەككۇلغا سۈرۈپ بۇيرۇق كىشىنى خارلىغان تۇرسا.

يەنە بىرسى قۇرۇپ بەزمە كاۋاپ يەيدۇ ئىچىپ شەربەت،
بولۇپ مەست تانسا ئوينايدۇ، ئىسىدە يوق ئۇنىڭ خىزمەت.
خۇما كۆزلۈك «پەرى» لەردىن ئۈزگە تۇتتى يار - ئۇلپەت،
ھەشەمەتلىك ئاشۇ سورۇن ئۇنىڭغا بولدى بىر جەننەت،
پەخىرلەنمەمدۇ ئۇ باشلىق دىلى شاد - يايرىغان تۇرسا.

نىچۈن ساپدىل كىشىلەرنىڭ يۆلەنچۈك - غەمگۇزارى يوق؟
نادانلارغا خىرىدار كۆپ، بىلىملىكنىڭ بازارى يوق؟
ساپال قىممەت ئىكەن شۇنچە كۈمۈشنىڭ ئەتىۋارى يوق!
قىقىلدى چەتكە قابىللار دىيىلدى «ئىقتىدارى يوق»،
بىلىملىكلەر «ئەمەلدار» نىڭ دىتىغا ياقمىغان تۇرسا.

جانابى باشلىقىم ئەلگە راسا قىلدىڭ يوغانلىقنى،
سىنىڭ دەستىڭدە ئەل - يۇرتمۇ ئەجەب تارتتى ئۇۋالىقنى.
زامانىم ئەسلى ياقتۇرماس چىرىك ئىستىل، قوپاللىقنى،
ئىتىڭنىڭ چۇلۋۇرىنى تارت! توگەت ئەمدى نادانلىقنى.
خەلققە ھەمنەپەس بولماق - ساڭا چوڭ ئىمتىھان تۇرسا.

غەيرەت غوپۇر

## شېئىرلار

پىغان

كىرىپ كەتسەم.
ئۇپۇقتا ياسالغان قەبرىگە...
شېئىرلىرىم
ئاي بولۇپ چىقسا،
داۋا بولسا نۇرلىرى
كۆكۈمدا پىچىرلاشقان
ئاشىقلار دەردىگە...

بوۋايغا مەرسىيە

ئالتۇن كۆمۈلگەن يەرنى
دەپ بەرمەي بوۋاي
ئۆلۈپ كەتتى،
ساقىيىپ قالسام، ئەگەر دەپ.
مىراس ناخشىنى تۇۋلاپ،
پەرزەنتلىرى

قالدى گۆركىرەپ،
ياڭرىدى ماتەم
مۇھەببەتنى سۆزلەپ.

شائىر ناخشىسى

يىللار!
بولساڭمۇ گۆركار
كۆمۈپ بولالمايسەن مىنى،
ئەكسىچە
شېئىرلاردىن قەبرە ياساپ
كۆمگەيمەن سىنى.

تارىخ ئەسلىمىسىدىكى شائىرغا

ئىزلىرىڭدىن
تېپىۋالدىم كونا بىر كىتاب،
سۆزلەپ بەردى سىنى،

ئىسەدىدىم
چۈشۈڭگە كىرىپتىكەنمەن سېنىڭ
ئوقۇسام
كېتىۋاتىمەن ھالسىراپ.

### ئانامغا

(1)

ئانا
ئاق سۈتۈڭنى كۆرگەندە
جەننەت ئېرىقىدىكى سۈت
كېتەرمۇ تاتىرىپ؟!

(2)

كۆزۈڭدىن تارالغان نۇرلار
قىزارتىۋەتتى قۇياشنى
يارالسا بۇندا
سانسىز ئاق ئاسمان...

(3)

ئۈزۈۋېلىپ
يۇلتۇزلىرىنى ئاسماننىڭ
ئاستىڭ
تۇمار قىلىپ بوينۇمغا.

(4)

چېكەڭدىن تارالغان يوللار
تۇتاشتى
ئاسمان يوللىرىغا،
ھېلىغىچە
يۈرىمەن ھاپاشلاپ ناخشامنى
سوئالىمغا تاپالماي جاۋاب...

### قىزلارغا

(1)

پەرىسەن
كىشىلەر تۇيغۇلىرىدا
بىراق،
كۆز - كۆز قىلىپ ۋەسلىڭنى
چىراغ بولۇپ ياندىڭ
شۆھرەتپەرەسلىك كوچىلىرىدا.

(2)

سۆيگۈڭنى
سورىسا سەندىن
كىرىپىكىڭنى يۇمدۇڭ ئەركىلەپ.
سىرىدىشى تۇرۇپ گۈلنىڭ ئەجەب
نازلىنىسەن نېمىنى تىلەپ؟!...

ئەمەت جاپپار

## جەڭچى مۇھەببىتى

### تېنىم يۈتكەن ۋەتەندىن

گۈزەل گۈلشەن سېنىڭ بىرلە ئانا مېھرىگە مەن قاندىم،
يېڭى دەۋران باھارىدىن سامادا شوخ قانات قاقتىم.
تېنىم يۈتتى ئۇلۇغ دىيار - ۋەتەننىڭ بوز تۇپاسىدىن،
غۇرۇرۇم ئەڭ ئېگىز چوققا جاھانغا تىك تۇرۇپ باقتىم.
كۆڭۈل - كۆكسۈم ۋەتەن - ئەلنىڭ چېكى يوق كەڭرى سەيناسى،
پۈتۈن ئالەم سىغار بۇندا ئۇنىڭغا مەن قۇچاق ئاچتىم.
بېشىمدىن تا ئاياغىمغا تەزەر سالساڭ ئەگەردە سەن،
كۆزۈڭدە ئەل، ۋەتەن ئەكسى ئۇنىڭدىن جانۇ - تەن تاپتىم.
قىلىنچ ئۇرسا رەقىب مېنىڭ رەت مويۇمدىن تەۋرىمەس بىرسى،
رەقىب ئالدىدا مەن خۇددى پولات تاغدەك تازا قاتتىم.

ئەگەر خەلقىم ماڭا بەرسە ئىشارەت ياكى بىر بەلگە،
بولۇپ تەييار كۆكۈللەرگە سىمابتەك شۇ ھامان ئاقتىم.
ۋەتەن ئەلگە تەسەددۇقتۇر ھاياتىم، ياشلىقىم، بارىم،
ئەلەم - تۇغنى تۇتۇپ مەھكەم نىشانغا ئات سېلىپ چاپتىم.

### مۇھەببەت

«غەيرىتى بار سانايدۇ يۇلتۇز،»
سۆيەر مەردنى چاچلىرى قۇندۇز،
قىش - ياز تۇرار قارىغاي ياپيېشىل،
چۈمكىسىمۇ ئەتراپىنى قار - مۇز.
جەڭچى تۇرار قارىغايدەك ئەبەت،
بولغاچقا چىن يۇرتقا مۇھەببەت.

### ھۆرمەت

ھۆرمىتىمنى ئىنئام قىلدىم ساڭىلا،
چېھرىڭدىن نۇر، ئاغزىڭدىن گۈل تۆكۈلدى.
تېپىلمايدۇ قىلچە داغ - كىر كۆكلۈڭدىن،
ئىشقىڭ مېنىڭ يۈرىكىمگە قۇيۇلدى.

### كۆكۈل

نەچچە يىلدىن تاغدا تۇرۇپ،
چوققىلارنى تۇتتۇم ماكان.
سەن شەھەردە باغچىلاردا،
سەيلى قىلىپ يۈرىسەن ھامان.

دېمە مېنى كۆكلى چۆلكەن،
ساڭا شۇنى قىلاي بايان،
كىرپىك قاقماي چىققاچ كۈن - تۈن،
سەن خاتىرجەم، خۇشال ئامان.

مەيلى ھەر چاغ كەزسەممۇ گەر
چارلاش بىلەن چۆل - باياۋان.
يۈرىكىمگە تولغان پەۋەس،
گۈزەللىك ھەم پۈتكۈل جاھان.

مۇسا ئەھەد

## تۇرپان گۈزەلى

كۈندۈز قۇياش جامالىڭدا ئۇيناتسا زەر نۇر،
كەچلىكى ئاي يوللىرىڭغا يايار ئاق پەرەڭ.
ماراپ تاللىق بارائىلاردىن چېھرىڭنى ھۆكەر،
ئاچار گۈزەل سۇمباتىڭغا بېغىشلاپ گۈل رەڭ.
سەيلى ئەتسەڭ كوچىلارنى ئاھۇدەك مەيىن،
كۆرۈنىسەن كۆزلىرىمگە بولۇپ ئاي تېكىن.

گاھ بېشىڭدا چىمەن دوپپا، باقسام زوق بىلەن،
ئەكس ئېتەر جىلۋىلىرى تۈمەنمىڭ تۈزىنىڭ.
گاھ بېشىڭدا مەرۋايىت بۆك - مەرۋايىت دوپپا.
ئۇندا كۆركەم نازاكىتى جەننەتۇل ئۈزىنىڭ.
قىردىق چېچىڭ قىردىق قىز بوپ ئويىنسا ئۇسسۇل،
ئەسكە سالار بەزمىسىنى توپ - توپ قۇندۇزنىڭ.

ئۈستىبېشىڭ دۇردۇن ئەمەس، كېيگىنىڭ ئەتلەس
بىراق ماڭا دۇردۇندىنمۇ ئېسىل بىباھا.

uyghurkitap.com

ئۇرسا دولقۇن كۆكسۈڭ لەرزان كۆڭلىڭنىڭ ئىچرە،
ئۇتلۇق ھېسلار ھەر يۈرەكنى ئەيلەيدۇ ماگما.
قىلما پىنھان گۈل بويۇڭنى ئەي ساھىبجامال،
قۇچسۇن ۋىسال دەردلىك يۈرەك باققىن بىر قىيا.

ئەللەي بىلەن سىڭگەن كەبى مۇلايىم بىر ھېس،
مېھرىبانلىق ھەم خۇشخۇيلۇق قەلبىڭدە ھەر دەم.
گويا سەھەر سالقىنىدەك بىر تاتلىق ھۇزۇر،
ساددا - ئويناق تىللىرىڭغا بولغان مۇجەسسەم.
يەر يۈزىنىڭ جەننىتىكەن سەن تۇرغان ماكان،
قالدى كۆزۈم ئارقىدا ئاھ، ئەي ماھى سەنەم!

مۇھەممەتجان قاسىم

## بېشارەت

مۇھتاجلىقتا پۇل سورىغان ئاناڭنى
تىللاپ كەتتىڭ ئۆلمەيدىغان قېرى دەپ.
ھېلى ئۇن يوق، ھېلى پۇل دەپ ھەمىشە
كېتەلمەيسەن ئەتراپىمدىن نېرى دەپ.

بىلىپ قويغىن سېنى باققان ئانا ئۇ،
كېچە - كۈندۈز نېرى كەتمەي يېنىڭدىن.
شۇ چاغلاردا ئۇمۇ سەندەك ياش ئىدى،
ئىجتىھادتا قېلىشمايتتى سېنىڭدىن.

قېرىپ بۈگۈن كۈچ - ماغدۇرى كەتكەندە،
بىچارىگە قىلما ئۇنداق ھاقارەت.
ساقلىنىڭغا ئاق كىرىپتۇ ئاز - تولا،
بۇ ساڭىمۇ قېرىلىقتىن بېشارەت.

كامىل رەھىم

## تەلمۈرۈش

بىر سۆز بىلەن يوللىرىمنى قايدۇرۇپ،
ئويلىرىمنى يۆگىۋەتتىڭ سۆيگۈگە.
ئوڭۇم ئازدەك چۈشلىرىممۇ سېنىڭكى
ئېپ يۈرىسەن باغلار ئارا سەيلىدە.

چۈشۈم ھەر تۈن جەننىتىڭدە، ئوڭلىرىم
دوزىخىڭدا تولغىنىدۇ، چاڭقايدۇ.
نېچۈن تەگرىم ماڭا سالغان شۇ ئوتتىن
تېرىقچىلىك يۈرىكىڭگە سالمايدۇ؟

ئوسمان ھوشۇر

## گۈلگە قاراپ

گۈپۈلدەپ گۈل ھىدى كېلەر دىماققا،
رەڭگارەڭ گۈل بىلەن تولغان لالىزار.
كېپىنەك مەستانە - مەسخۇش پۇراققا،
گۈللەرنىڭ بەرگىدە شاد بەزمە قۇرار،
سۆيگەندە گۈللەرنىڭ مەگزىدىن شامال،
گۈل شېخى ناز بىلەن يەڭگىل تەۋرىنەر.

ھەردىلەر ئاۋارە يىغىش بىلەن بال،
ئەجرىدىن نامايان ماھارەت - ھۈنەر.
ئوخشاتقۇم كېلىدۇ رەڭدار گۈللەرنى
زاماندىن شادلانغان گۈل چېھرىلەرگە.
گۈل ھىدى ئاۋۇتقاچ شاد كۆڭۈللەرنى،
ئىشقىم بار گۈل بىلەن تولغان چىمەنگە،
قىلىدۇ كۆڭۈلنى شۇنچىلىك مەپتۇن،
گۈلشەندىن تارالغان گۈل ھىدى - پۇراق،
سايرايمەن بۇلبۇلغا قوشۇلۇپ مەنمۇ،
گۈل مىسال ۋەتەندە ھايات شاد - قوۋناق.

## پىچاق ھەققىدە قىسسە

ئىسمائىل گېلىغا تەگلىگەندىمۇ،
كەسمىگەن ئىكەنمىش ھۆكۈمدىن پىچاق.
ئۇ ئىشقۇ بولۇپتۇ ئاللا ھۆكمىدە،
بار كەسمەس پىچاقلار بۈگۈنمۇ بىراق.

كەسمەيدۇ دات بېسىپ پىچاق شۇ يوسۇن،
بىلمەيمىز، يا ئەيىب تۆمۈرچىدىمۇ.
كەسمىگەن پىچاقنىڭ ئېتى قۇرۇسۇن،
كەسكىنى داتلاشماس غىلاپىدىمۇ.



# قاراغالتۇنلىقتىكى تاڭ

(پوۋېست)*

مۆيدىن سايىت

— ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى يۇقىرىدىكىلەرنىڭ قۇلىقىغا يەتمەيدۇ، دېگىلى بولمايدۇ. بولۇپمۇ قۇدۇقنى سۇ بېسىپ كېتىشكە سەۋەبچى بولغان مەسىلىنى جىددىي بىر تەرەپ قىلماسلىق بولمايدۇ. ئۈچىنچى قۇدۇق ئاساسلىق قۇدۇقنىڭ بىرى. بىر تەرەپتىن، قۇدۇقتىكى سۇنى تېز چىقىرىۋېتىشنىڭ ئامالىنى قىلىڭ، يەنە بىر تەرەپتىن، كامىلنىڭ ماتېرىيالىنى ئەتراپلىق رەتلەپ يوللاپ بېرىڭ. ماتېرىيال يالغۇز سۇ قۇدۇق مەسىلىسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىسۇن.

روزى مۇدىرنىڭ ئېيتقانلىرى دەل ئاسىمنىڭ كۈتكەنلىرى بولغاچقا، گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى.

روزى مۇدىر ئەسلىدە كان پارتكومى بىلەن مەمۇرىيىتىنىڭ بىرىنچى قول باشلىقى ئىدى. ئۇ ئۈچ يىل سەرىپ قىلىپ ئىككىنچى قۇدۇقنى كۆڭۈلدىكىدەك ئۆزگەرتىپ چىققاندىن كېيىن، ۋىلايەتتىكى شۇجى، ۋالىيلارنى ھەم مۇناسىۋەتتى بولسۇن-بولمىسۇن ھەرقايسى ئىدارە-جەمئىيەت مەسئۇللىرىنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلەپچىقىرىشنى باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. مۇراسىم بەكمۇ داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلگەنىدى. ئۆزى رەھبەرلەرنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلغىنىغا رەھمەت ئېيتىپ قىسقىلا سۆزلىگەن، كۆڭلىدىكى گەپلەرنى بولسا شۇ چاغدىكى مۇئاۋىن شۇجىغا سۆزلەتكۈزگەنىدى. مۇئاۋىن شۇجى ئىككىنچى قۇدۇقنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش جەريانىدا روزى شۇجىنىڭ باشتىن-ئاخىر بىرىنچى سەپتە تۇرۇپ قوماندانلىق قىلغانلىقىنى، گاھىدا قۇدۇقتىن چىقماي كۈن-سۈتكىلاپ ئىشلەپ كەتكىنىنى، ئىككىنچى قۇدۇق قۇرۇلۇشى ۋىلايەت بويىچە كۆلىمى زور قۇرۇلۇشنىڭ بىرسى بولغىنى بىلەن دۆلەت ئىقتىسادىنى كوي-پۇڭلاپ تېجەشلىك ئىشلەتكەنلىكىنى، قىسقىسى «نەتىجە» لا بولىدىكەن،

---

*بېشى ئۆتكەن ساندا

روزى مۇدىرنىڭ ھېسابىغا كىرگۈزۈپ سۆزلىگەنىدى. ھەتتا ئۆزىنىڭ «تۆھپە» سىنىمۇ روزى مۇدىرنىڭ ھېساب دەپتىرىگە كىرگۈزۈۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ بۇنداق «مەردلىك» بىلەن قۇربانلىق بېرىشىدە كۆڭلىگە پۈككىنى بار ئىدى. روزى «ئۆستۈرۈلۈپ» ۋىلايەتكە ئېلىپ كېتىلسە، ئۇنىڭ ئورنىدا سۆزسىز مەن ئولتۇرىمەن، نەتىجە ھېسابىمدىكى كەملىكنى ئاشۇرۇپ تولدۇرۇپ ئالىمەن دەپ ئويلايتتى. مۇراسىم ئاخىرىدا لېنتا كېسىلىپ كۆمۈر چىقىشقا باشلىدى. بىر ھەپتىدىن ئارتۇقراق تەييارلىق قىلىپ قۇدۇقنىڭ ئاستىنقى ئېغىزىغا دۆۋىلەپ قويۇلغان كۆمۈر ۋاگون-تۇڭلارغا قاچىلىنىپ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۈزۈلمەي چىققاندا، باشلىقلار رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتىشقانىدى. شۇنىڭدىن ئىككى يېرىم يىل ئۆتكەندە — «ل-ۇشيەن تەربىيىسى» نىڭ ئاخىرىدا روزى شۇجىلىق ئورنىنى كېسەلمەن مۇئاۋىن شۇجىغا، كان باشلىقلىق ئورنىنى ئاسىمغا بۆلۈپ ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ۋىلايەتلىك ئىقتىسادىي كومىتېتقا مۇدىر بولۇپ كەتكەنىدى. مانا بىر يىلدەك بولدى، ئىككىنچى قۇدۇق ھەشەمگە لايىق دارامىتى يوق، گۆشسىز ئىسكىلىتقا ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئاسىم ئارقىلىق ئۆپكىسىنى سىرتىدىن ياغ چاپلاپ قويىرۇق، دەپ كېلىۋاتىدۇ. ئۈچىنچى قۇدۇق بىر ھەپتىلا توختىسا، ئۆپكە ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ.

ئاسىمنىڭ مېڭىشقا تەمشەلگىنىنى كۆرگەن مۇدىر تەكىتلەپ مۇنداق دېدى:

— ئۈچىنچى قۇدۇقنىڭ ئاقسىغىنى سىزنىڭ، بىزنىڭ ئاقسىغىنىمىز. چىقىمغا قارىماي تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈڭلار.

ئاسىم كانغا چۈشكە يېقىن چىقتى. ئۇنىڭ كانغا چىقىپ ئاڭلىغان بىرىنچى گېپى ئىمىن بىلەن كامىل سۇ پومپىسى ئىشلەتمەيلا قۇدۇقنى سۇدىن قۇرۇقداپ بوپتۇ، دېگەندىن ئىبارەت بولدى. ئۇ سايىمدىن بۇ گەپنى ئاڭلىغاندا تېڭىرقاپ تۇرۇپلا قالدى. كېيىن ئاستا ئېسىنى يىغىپ سورىدى.

— قانداق قىلىپ؟

— سۇ قۇدۇقنىڭ بىر چېتىدە تەيپىنبەم ۋاقتىدا كولانغان بىر قۇدۇقنىڭ بوش ئورنى بار ئىكەندۇق، بۇنى كامىل تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ قويۇپتىكەن، سۇنى شۇ يەرگە باشلىۋېتىپتۇ.

— ئۇ ئىمىسقاق كىرمىگەن شۇ گۆرمۇ قالماپتىكەنمۇ؟ سېنىڭ تەلىيىڭ سەل كاج ئوخشايدۇ، بولمىسا ئاران ئېپىنى كەلتۈرگەندە بۇنداق بولۇشىنى كىم ئويلاپتۇ، — ئۇ مۇھىم بىر ئىشنى ئېسىگە كەلتۈرۈپ سايىمدىن سورىدى، — ئىككىمىزنىڭ قىلىشقان گەپلىرى سىرتقا چىقىپ كەتمىگەندۇ؟

— ئۇ توغرىلىق ھېچقانداق پاراڭ ئاڭلىمىدىم.

ئاسىمنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشۈپ، چوڭ بىر تىنىۋالدى.

— ماشىنىغا چىق!

ئۇلار 5 يۈز مېتىر ئارىلىقنى ماشىنىدا بىللە بېسىشتى. گويا زۇۋانى تۇتۇلۇپ قېلىشقاندەك جىم-شۈك ئولتۇرۇشتى. ئىچىگە كىرىۋالغان غەم-ئەندىشە ھەربىرى قە-

ەرلاپ چىقىپ ئارام بەرمەيۋاتقاندا، قانداقمۇ ئاغزىغا گەپ كەلسۇن. ئۇلار كۆڭۈللىرىدە بۇ پالاكەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ چوتىنى بىرى يەنە بىرىنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن سىر تۇتۇپ ئۈنسىز سوقۇپ كەلمەكتە...

ئامىنەمگە دېگەن ئېغىز يېقىن مۇڭداشلىرىغىمۇ دېدى. شۇنداقلا ئىمىن مۇدىرغا دېگەن ئېغىزمۇ باشقىلارغا دېدى. شۇنداق قىلىپ ئاسىم مەخپىي تۇتۇشنى تاپىلىغان سىر ئەتىگەندىن باشلاپلا ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ، پۈتۈن كانغا يېيىلىپ بولدى. سايىم سەھەردىلا ئاسىمنى ساقلاپ يولغا چىقىپ تۇرۇۋالغاچقا، بولۇنىغان سۆزلەر ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ بارمىغانىدى.

— بىر قۇدۇق كاردىن چىقسا ئۇنىڭغا پايدىمىكەن؟!

— بۇ كامىل تېخنىكقا قويۇلغان قاپقانكەن دەڭلار!

— بۇ سۇيىقەستنى پاش قىلىپ يۇقىرىغا خەت تۇتۇش كېرەك!

— قاۋاننى كاندىن يوقاتمىغۇچە ئىشىمىز ئىلگىرى باسمايدۇ!

— سايىمنىڭ كەشىنىمۇ بىللىلا توغرىلاش كېرەك!

گەپلەر ھەر خىل، ئەمما دەزمۇنىمۇ، غەزەپمۇ ئوخشاش ئىدى. بولۇپمۇ ئىمىن بىلەن مىجىت باقى ۋە ئۈچىنچى قۇدۇق باشلىقىنىڭ غەزىپى ئىچىگە پاتماي قالدى. ئىمىن يەنىلا تەمكىن، كەم سۆز ئىدى. ئۈچىنچى قۇدۇق باشلىقى شۇ ھەقتە ئېغىز ئاچقانلىكى كىشىگە قايناپ:

— بۇ بىرنېمىلەر بىزنىڭ قۇدۇقنى سۇغا چۆككۈرۈۋېتىپ، كامىلغا گۆر قىلماقچىكەندە! — دەيتتى بوغۇلۇپ.

كامىل «مەن ئۇنىڭغا نېمە قىلغان؟» دېدى-يۇ، ئارتۇق گەپ قىلمىدى.

— يۇقىرىغا خەت يازىمىز دەپ يۈرمەڭلار، — دېدى ئىمىن خەت يېزىشنى تەشەببۇس قىلغان ئۈچىنچى قۇدۇق باشلىقىغا، — بۇ سىلەر ئويلىغاندەك ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس. ۋىلايەتتە ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى خېلى بار. خەت يازدۇق دەپ ئۆزۈڭلارنىڭمۇ، باشقىلارنىڭمۇ بېشىغا ئىش تېپىپ بەرمەڭلار. پەقەت سۇ قۇدۇقتىكى سۇيىقەستنى، كامىلنىڭ قۇدۇقنى سۇنىڭ خەۋپىدىن قانداق قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىنى ھەم ئۇنىڭ كان بويىچە كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشتا قانداق رول ئويناۋاتقانلىقىنى يازىمىز. قېنى، بېشىمىزغا كەلگەننى كۆرەيلى. يا خەت يېزىشىپسەن، دەپ بىزگە چارىسى بولسا كۆردۇ، ياكى باشقا بىر ئىش بولىدۇ.

سىز بىزنىڭ بۇ ئىشىمىزغا ئارىلاشماي، بىلمىگەن كىشى بولۇپ يۈرۈۋېرىڭ، — دېدى ئۈچىنچى قۇدۇق باشلىقى سەمەت.

تۆمۈرنى قىزدىقىدا سوقۇش ئۈچۈن شۇ كۈنى كەچتە ئىختىيار قىلغانلار ئۈچىنچى قۇدۇق ئىشچىلىرىنىڭ پائالىيەت ئۆيىگە يىغىلىشتى. ئۇ بىر ئېغىز، بۇ بىر ئېغىزدىن دېيىلگەن گەپلەر ئېغىزدىن ئېغىزغا ئۆتكۈچە تولۇقلىنىپ، بىر-بىرىگە يېپىشىپ ھېمىرلىپ پىشىپ قالدى.

— خەتنى كىم يازىدۇ؟ — مىجىت باقى سورىدى:

— مەن يازاي، قاپقانىمۇ بىزنىڭ قۇدۇقتا قۇرۇلغان، قاپقانچىنىڭ غەرىزىنىمۇ، قاپقانغا قاراپ بەرگۈچىنىڭ تاماسىنىمۇ ياخشى بىلىمەن. مەن ئالدى بىلەن بىر مەسىلىنى يېزىپ ئوقۇپ بېرەي، قوشۇدىغان ياكى چىقىرىۋېتىدىغان يېرى بولسا پىكىر قىلىڭلار، — دېدى سەمەت. بۇ پىكىرگە ھەممىسى قوشۇلدى.

سەمەت «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دىن سەل ئىلگىرى كان باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىنى ئەلا پۈتتۈرگەن. داۋاملىق ئوقۇش ئارزۇسى بولسىمۇ، ئالىمانچىلىق ئۇنىڭ ئارزۇسىنى چاك-توپىغا كۆمۈۋەتكەنىدى. ئارىلىقتا ئاتىسى ئىككىنچى قۇدۇق قۇرۇلۇشىدا كۆمۈرۈلۈپ چۈشكەن تاش بېسىۋېلىپ، قازا قىلغانىدى. دادىسىدىن كىچىكلا يېتىم قالغان سەمەت ئىشچىلىق يېشىغا تولماي تۇرۇپلا تۇرمۇش قىيىنچىلىقى سەۋەبىدىن كاندا ۋاقىتلىق بالا ئىشچى بولۇپ ئىشلەپ، ئائىلىسىدىكى ئۈچ جاننى باقتى. ئۈچ يىلدىن كېيىن رەسمىي ئىشچى بولدى. ئۇ زېرەكلىكى، تىرىشچان ھەم ئىشچانلىقى بىلەن ئىشچىلارنىڭ نەزىرىنى ئۆزىگە تارتتى. دەسلەپ گۇرۇپپا باشلىقى، بىرەر يىلدىن كېيىن سىمېنا باشلىقى بولدى. بەش يىلدىن بۇيان قۇدۇق باشلىقى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ ئەمدىلا ئوتتۇز-نىڭ قارىسىنى ئالغان بولسىمۇ، مەسىلىلەرگە قارىشى، ئىشچىلارنىڭ ھال-دادىغا كۆڭۈل بۆلۈشى جەھەتتە خېلى قېتىرقىنىدىغان ئادەم ئىدى. بۇ يىللىرى كان ئىشچىلىرىنىڭ گۆش يېيىشى چوڭ مەسىلە ئىدى. كان رايونىدا گۆش دۇكىنى بولمىغاچقا، ئۇن سەككىز كىلومېتىر يول بېسىپ شەھەرگە باراتتى. بىر يېرىم يۈەن-لىك بىر كىلوگرام گۆش ئۈچۈن 36 كىلومېتىر يول مېڭىش بىر گەپ، قانداق بېرىپ كېلىش چوڭ مەسىلە ئىدى. بېرىشتىغۇ كۆمۈرگە كەلگەن شوپۇرلارغا يېلىنىپ يۈرۈپ ماشىنىغا چىقىۋالغىلى بولاتتى. قايتىپ كېلىشتە ماشىنا-تراكتور تاپماق قىيىن ئىدى. كۆپ ۋاقىتلاردا قاتناش مەسىلىسى سەۋەبىدىن ۋاقتىدا قايتىپ كېلەلمەي ئىشقا تەسىر يېتەتتى. بۇ توغرىلىق ئىمىن مۇدىرمۇ، سەمەت ۋە باشقىلىرى تولا قايناپمۇ كان رەھبەرلىكىنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالمىدى. ئاخىر سەمەت ئۆزى قول سالدى. گۇڭشې-دۈي كادىرلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىشىپ كۆمۈرگە كالا تېگىشىپ، ئىشچىلارنىڭ گۆش يېيىش مەسىلىسىنى قىسمەن بولسىمۇ ھەل قىلدى. قۇدۇقتا بەش كىشىلىك تۇرمۇش ھەيئىتى قۇردى. كالا ئېلىش، سويۇش، سېتىش ئىشلىرىغا مۇشۇ ھەيئەت مەسئۇل بولدى. كالا قۇدۇق بېشىدىلا ئۆلتۈرۈلۈپ، سېتىۋېلىنغان دەسمايىسى بويىچە باھا قويۇلۇپ سېتىلدى. «ئازدىن تەگسىمۇ ھەممىسى تەڭ ئالسۇن» دەيتتى سەمەت. ناۋادا بىرەر ئىشچىغا گۆش يەتمەي قالغان بولسا، ئۇنىڭغا ئۆز ئۈلۈشىنى ئۆتۈنۈپ بېرەتتى. باشقىلارنىڭ «بولدىلا» دېگىنىگە قويماي، ھەر قېتىم قان بېجى تۆلەشنى ئېسىدىن چىقارمايتتى. سەمەتنىڭ ئىشچىلار بىلەن يېقىن-ھەمنەپەسلىكى، ئىشتا ئادىل ۋە ئەستايىدىللىقى ئۇنى ئۈچىنچى قۇدۇقتىلا ئەمەس، كان بويىچە ئىشچى ۋە ئائىلە تەۋەلەر ئارىسىدا چىن، سەمىمىي ھۆرمەتكە ئىگە قىلدى. ئىشنىڭ ئاجايىپ يېرى شۇكى، ئۇنىڭ

«گۈش سېتىشى» نى كان رەھبەرلىرى باشتا «ھايانكەشلىك»، «قانۇنسىزلىق»، «ئىشلەپچىقىرىش كاللىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش» دېدى، ئۇنى تەكشۈردى، لېكىن قولغا چىققۇدەك ھېچنەرسە تاپالمىغاندىن كېيىن سەھەتنىڭ يېنىغا ئىككىلىك خەت بىلەن گۈش ئەكەلگىلى باللىرىنى ئەۋەتىدىغان بولدى.

8

ئىشچىلار يۇقىرىغا كەينى-كەينىدىن ئىككى نۆۋەت خەت يازدى. بىرىنچى قېتىمدا خەتنى بىرنەچچە پارچە كۆچۈرۈپ، ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە ۋالىي مەھكىمە-دىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرگە يازدى. خەت سۇنۇلۇپ ئىككى يېرىم ئايغىچە يا ئاق، يا كۆك دېگەن خەۋەر بولمىدى. ئون كۈندەك ۋاقىت ئۆتكەندە كان بويىچە ئىسسىقلىق گرادۇسى يۇقىرى، چوغى ئۇزۇن تۇرىدۇ، ئىسسىقى، كۈلى ئاز ئىدىك سۈپەتلىك كۆمۈر دەپ قارىلىدىغان بىرىنچى قۇدۇق كۆمۈرى مەخسۇس ئادەم ئاجرىتىپ تاللىتىلىپ، كاننىڭ ئىككى ماشىنىسىدا كېچە-كۈندۈزلەپ شەھەرگە توشۇلدى. مۇشۇ ۋاقىتتا شەھەردە ئۆزىنىڭ ياكى ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيى بار ئىشچى-خىزمەتچىلەر شۇنچە تەلەپ قىلىپ يۈرۈپمۇ كاننىڭ ماشىنىسىدا كۆمۈر ئاپىرىۋېلىشقا ئېرىشەلمىدى. بۇنىڭدىن ئىشچىلار تۇتقان خەتلىرىنىڭ ئۆزلىرى قازغان، ئۆزلىرى تاللاپ توشۇلغان كۆمۈرنىڭ ئاستىدا بېسىلىپ قالغانلىقىنى بىلىپ يەتتى.

— بۇ يەردىن ئورۇمچىگىمۇ كۆمۈر توشۇپ يۈرمەس، ئاپتونوم رايونغىلا يازايلى، — دېيىشتى ئۇلار.

شۇ خەتنى يەنە بىرنەچچە پارچە كۆچۈرۈپ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىدىكى ئاساسلىق رەھبەرلەر نامىغا ئەۋەتتى. بۇ 1980-يىلنىڭ 2-ئايلىرى ئىدى.

ئىككىنچى قېتىملىق خەت سۇنۇلۇپ ئارىدىن بىر ئايدەك ۋاقىت ئۆتكەندە بىر ئەتىگىنى «كانغا يۇقىرىدىن ئادەم كەپتۇ» دېگەن گەپ تارقالدى. كىشىلەر بۇ گەپنىڭ راست-يالغانلىقىنى بىلىپ بولغۇچە تەرەپ-تەرەپكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان يۇقىرى ئاۋازلىق كانايلاردا «بۈگۈن ئەتىگەن سائەت سەككىزدە چوڭ زالدا كان بويىچە چوڭ يىغىن ئېچىلىدۇ. يىغىندا يۇقىرىنىڭ كېنىمىزغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ھۆججەتنى يەتكۈزۈلىدۇ» دېگەن ئۇقتۇرۇش ئاڭلىتىلدى.

قاتلاممۇ قاتلام مەجلىسنىڭ تولىلىقىدىن زېرىكىپ چاقىرتمىغۇچە كەلمەيدىغان بولۇپ قالغان ئىشچىلار بۈگۈن زالغا لىق تولغانىدى. ھەتتا ئائىلە تاۋابىئاتلار، ئارام-پېنسىيىدىكى ھەم مېيىپ-مەجرۇھ ئىشچىلارمۇ كىرىشتى. ئورۇندۇق يېتىشكەنلىرى ئولتۇرۇپ، يېتىشمىگەنلىرى ئۆرە تۇرۇشتى.

زالغا كىرگەنلا كىشى يۇقىرىدىن كەلگىنى قانداقراق كىشىدۇ، دەپ يىغىن سەھ-نىسىگىلا قارايتتى. سەھنىدىكى ئۈچ شىرەنىڭ كەينىدە روزى مۇدىر بىلەن كان مەس-ئۇللىرىدىن بولۇپ بەش-ئالتە كىشىدىن باشقا يۇقىرىدىن كەپتۇ، دېگۈدەك بىرە كىشى

www.uyghurkitap.com



كۆرۈنمەيتتى. ئىشچىلار ھەيران بولۇشتى، بىر - بىرىگە قاراشتى. بىردىنلا زالنى كۈسۈرلاش، پىچىرلاشلار قاپلاپ كەتتى.

ئاسىم روزى مۇدىر بىلەن باش قېقىشىۋالغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ يىغىن مۇنبىرى دەپ ئاتىلىدىغان، تۆت پۇتىلا بار، ھەتتا سىرلاپمۇ قويۇلمىغان، تېگىمۇ بولغىچە غىچىرلاپ كېتىدىغان شىرەنىڭ يېنىغا كەلدى. ئىككى ئالقىنىنى شىرەنىڭ گىرۋىكىگە تىرىۋىدى، ئىككى مۈرىسى قۇلىقىغا تېگەي دەپلا قالدى. ئۇ گويا مەن كىم دېگەن ئەلپازدا كالامپاي گەۋدىسىنى كېرىپ تۇردى. زالغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈۋېلىپ «يولداشلار!» دەپ سۆزگە ئېغىز ئاچتى:

— يۇقىرىغا ۋەكالىتەن يولداش روزى مۇدىر مۇھىم سۆز قىلىدۇ. پارچە پاراگلارنى قويۇپ دىققەت بىلەن ئاڭلايلى. قېنى، روزى مۇدىرنى سۆزگە تەكلىپ قىلايلى، — ئۇ شۇنداق دەپ بولۇپلا چاۋاك ئۇردى. سەھنىدە ۋە پەستە بولۇپ ئۇ يەردىن - بۇ يەردىن سەككىز - ئون كىشىلا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ چاۋاك چالدى. كانايدا «يۇقىرىنىڭ مۇھىم ھۆججىتى» دېگەن ئىدى، «مۇھىم ھۆججەت» روزى مۇدىرنىڭ «مۇھىم سۆزى» بولۇپ قالدى. روزى مۇدىر ئىقتىسادىي كومىتېتقا ۋەكالىتەن راست - يالغىنىنى، ئۇچۇرۇش - ئاگاھلاندۇرۇشنى، تەقدىر - تەنقىدنى ۋە تولا چاينىلىپ تەممۇ، قىممىتىمۇ قالمىغان ۋەدە - پىلانلارنى قوشۇپ - ئارىلاشتۇرۇپ خېلى ئۇزاق سۆزلىدى. ئۇنىڭ شۇنچە كۆپ سۆزىدە ئىشچىلار ئانچە مۇنچە رازى بولغۇدەك ئىككىلا نۇقتا بار ئىدى: بىرسى، كاملىنىڭ پۈتۈن كاننىڭ رەسمىي تېخنىكى دەپ ئېلان قىلىنغانلىقى؛ يەنە بىرسى، سايىمنىڭ ئىككىنچى قۇدۇقتىلا تېخنىك قىلىپ قويۇلغانلىقى ئىدى.

روزى مۇدىر سۆزۈم تۈگىدى، دەپ بولغۇچە پەستىن سەھنىگە قاتلانغان قەغەز ئېتىلىپ، ئۇنىڭ پۇتىنىڭ يېنىغا چۈشتى، ئاسىم ئىتتىك كېلىپ باغاقچىنى قولىغا ئېلىپ ئېچىپ ئوقۇدى. قولى تىترەپ، قەغەز قولىدىن چۈشۈپ كەتكىلى تاس قالدى. روزى مۇدىر خەتنى ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىپ ئوقۇدى. ئۇنىڭمۇ قولى تىترەپ، چىرايى دەسلەپ قىزىرىپ ئارقىدىنلا تاتاردى. خەت قىسقا، ئەمما جانغا تەگكۈدەك كەسكىن، ئۆتكۈر ئىدى:

1 - نېمە ئۈچۈن بۇزۇق باشلىق توغرىلىق ئېغىز ئېچىلمايدۇ؟

2 - بىزنىڭ يۇقىرىغا يازغان خېتىمىزنى كەڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئوقۇپ بېرىڭ، ئۇنىڭ ھەق - ناھەقلىقىنى مۇشۇ مەيداندا ئايرىيمىز!

روزى مۇدىر قايتىدىن شىرەنىڭ يېنىغا كەلدى. قەغەزنى تۇتۇپ تۇرغان قولى سېزىلەرلىك تىترەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بىلەن جاۋاب بېرىشنى، گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەي بىر پەس كاڭگىراپ تۇرۇپ قېلىپ، تەستە ئاغزىنى ئاچتى:

— تۆۋەندىن ئىككى پىكىر چۈشۈپتۇ. بىرىنچى پىكىرگە... — ئۇ تۇيلىنىپ سەل تۇرۇۋالدى، — بۇ، يەرلىك پارتكوم بىلەن ۋالىي مەھكىمە پوزىتسىيە بىلدۈرىدىغان مەسىلە، مەن ئۆزۈمچە بىر نەرسە دېيەلمەيمەن، — جايىنى تېپىپ جاۋاب بەرگەن ئەق

لىدىن سۆيۈنۈپ چىرايىغا قان يۈگۈردى، — ئىككىنچى مەسىلىگە كەلسەم، خەتنى ئالغاچ كەلمىگىنىم ئۈچۈن، ئوقۇپ بېرىش ئىمكانىيىتى يوق، — دېدى.

— خەتنىڭ ئەينەن نۇسخىسى بىزدە بار! — نەچچە ئون ئىشچىنىڭ ئاغزىدىن تەڭلا چىققان بۇ گۈلدۈرمامىدەك سادا زالنى تىترىتىۋەتتى. روزى مۇدىر بىلەن ئاسىمنىڭ يۈرىكى بىر قول تەرىپىدىن قاتتىق مۇجۇلغاندەك قارت قىلىپ كەتتى. روزى مۇدىر ئاسىمغا قاراپ باش قاقتى.

— يىغىن تۈگىدى، — دېدى ئاسىم جايىدا تۇرۇپلا.

غۇدۇڭشىشلار، قىقاس چۇقان، ئىسقىرتىشلار باشلاندى، سەھنىدە روزى مۇدىر بىلەن ئاسىملا قالدى. يا ئۇلار سەھنىدىن چۈشۈپ چىقىپ كەتمىدى. يا ئىشچىلار زالنى بوشاتمىدى. ئىسقىرتىش، مەسخىرىلىك كۈلكە، قىقاس - چۇقانلار قوشۇلۇپ ئەۋج ئېلىپ، زالنى كۆتۈرۈۋەتكۈدەك دەرىجىدە داۋام قىلماقتا ئىدى...

داستىخانغا تىزىلغان نازۇ - نېمەت — بىرنەچچە تەخسە گۆشلۈك قورۇما ۋە قازان كاۋىپى گۆپۈلدەپ تۇرغان مەززىلىك پۇرىقى بىلەن ئادەتتىكى چاغلاردا بولسا ئىشتەي قۇلۇپلىرىنى ئېچىپ، ئاللىقاچان گالدىن كىرىپ بولغان بولاتتى. لېكىن هازىر شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان ئۈچ كىشى بىر بىرىنىڭ مەدەت - زورى بىلەن ئاندا - ساندا تەخسىلەرگە قول ئاپىراتتى. ئۇلار سەي - كاۋاپنى ئەمەس، بۇ نېمەتلەر گويا غەم بولۇپ ئۇلارنى يەۋاتقاندەك ئىدى. گەپ - سۆزلىرىمۇ بىر - بىرىگە يېپىشمايتتى. رۇمكىلارنى بولسا بىر بىرىدىن ئىتتىك كۆتۈرۈشەتتى. ئۇلار ئىچىشتى، ئاز يەپ، كۆپ ئىچىشتى. ئاچچىق ئاچچىقنى باسىدىغانلىقى راست ئوخشايدۇ، ئۇلار ئىچە - ئىچە خېلى قىزىشتى، قىزىشقاندىن كېيىن ئاغزى ئېچىلىپ تىللىرى گەپكە كىرىشتى.

— ئەخمەق، گالۋاڭ، — روزى مۇدىر سايىمغا قاراپ گەپنى قاپ بەلدىنلا باشلىدى، — ئۈچىنچى قۇدۇقتىكى ئىشتا نېمىشقا ئاسىمنى تىلغا ئالىسەن؟

— مەن شۇنچە دېدىم، مېنىڭ خەۋەرلىك ئىكەنلىكىمنى ئۇلار بىلمىسۇن، دەپ. مانا ئەمدى ماڭىمۇ، ئۆزىڭىزگىمۇ ئاۋارىچىلىق كەلتۈرۈۋاتىدۇ.

— ۋىلايەتتىكى باشلىقلار خەتتىكى ئىشلارنى تەكشۈرۈپ بېقىشنى ماڭا تاپشۇرغانىدى، مەن ئېنىقلاشقا كانغا ئادەم ماڭدۇرغىچە ئىشچىلار ئۇ خېتىنى ئاپتونوم رايون باشلىقلىرىغىمۇ ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار بۇ مەسىلىنى ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ، بىر تەرەپ قىلىنىش ئەھۋالىدىن ئۆزلىرىگە دوكلات قىلىشنى يەرلىك پارتكوم بىلەن ۋالىي مەھكىمىسىگە تاپشۇرۇپتۇ. تەلىيىڭلارغا بۇ ئىش يەنە بىزگە تاپشۇرۇلدى. بىزنىڭ هازىرچە ھەل قىلىش پىكرىمىز يىغىندا دېگەنىڭگە ئوخشاش — بىرسى، كاملىنى ئىشچىلىقتىن كان تېخنىكى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش، مۇشۇنداق قىلغاندا ئالدىن كامىل بىلەن ئىمىننىڭ، ئاندىن مىجىت، سەمەت ۋە باشقىلارنىڭ ئاغزى بېسىقىدۇ. يەنە بىرى، — روزى مۇدىر سايىمغا قارىدى، — سېنى ئىككىنچى قۇدۇقىلا تېخنىك قىلىپ چۈشۈرۈش. بىلىشىڭ كېرەككى، بۇ ۋاقىتلىق چارە، كېيىن ئەھۋالغا قاراپ ئەسلىگە ئەكىلىمىز. قېنى كۆتۈرۈۋېتەيلى، —

www.uyghurkitap.com



روزى مۇدىر ئاسىم بىلەن سايىمنىڭ رومكىنى قولىغا ئېلىشىنى كۈتمەيلا گۇپپىدە ئىچىۋەتتى.

ئاسىم رومكىنى تۇتۇپ تۇرۇپ سايىمغا قاراپ:

— سەن بۇنىڭدىن كېيىن قۇدۇقتىن تولا بېرى كېلىۋالما، مەن بىلەنمۇ ئاز مۇناسىۋەتلەش، ئىشخانامغا تولا كىرىۋالما، — دېدى.

دادىسى شۆبە ھەربىي رايوندىكى چاغدا ئەتىۋارلىق بولۇپ، دادىسى يەرلىككە ئالمىشىپ چەت بىر ناھىيىگە يۆتكىلىپ كېتىش بىلەنلا چەتكە قېقىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان سايىم قىزىرىشقا باشلىغان كۆزلىرىنى ئاسىمغا لەپپىدە تىكتى-دە، كۆتۈرۈپلا ئىچىۋېتىپ، رومكىنى شىرەگە تاققىدە قويدى. ئۇنىڭ كاللىسىنىڭ سەل سەگەكلىشىپ قالغانلىقىنى سەزگەن روزى مۇدىر يەنىلا ئاسىم بىلەن ئالدىن كېلىشىۋالغان گېپىنى پەردازلاپ سىلىق قىلىپ:

— ماڭا قارا، سايىم، سەن پەمىڭ بار، خېلى ئىشقا ئەقلىڭ يېتىدىغان، ئىستىقباللىق ئادەم. بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق كىشى سەندىن ئۇ ئىشنى سوراپ قالسا، ئۆزۈم چۈشەي دېسەم قانداق قىلىشنى بىلەلمەي بېشىم قاتتى، شۇڭا كامىلنى دەرھال چۈشۈپ ئىشنى ئوڭشىارمىكىن، دەپ ئاسىم شۇجىنىڭ نامىدا ئېيتقاندىم، ئەسلىدە بۇ ئىشتا ئاسىم شۇجىنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى، دېسەڭلا بولىدۇ، — دېدى.

مەلۇم تەمەدە ئىنسانىي غۇرۇر-ۋىجدانىنى باشقىلارنىڭ ئايىغىغا پايانداز قىلىپ سېلىپ بەرگەن، ھەتتا خوجايىنىنىڭ يۇقىرى ئۆرلىشى ئۈچۈن پەلەمپەي بولۇپ يېتىپ بەرگەن، ئاخىرىدا جىمى بالا-قازا بىلەن بىرگە تۆۋەنگە ئىتتىرىلىش زەربىسىگە دۇچار بولغان ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنىڭ ھېلىقى يۈزسىز خوجايىنىغا ھېچ بولمىغاندا مۇلەيىمەي قالمايدۇ. سايىم ئۆزىنىڭ بەخت-ئىقبالىنى ئالدىدا تۇرغان بۇ ئىككى خوجايىنىنىڭ ئىلتىپاتىدىن كېلىدۇ، دەپ قارىغانىدى. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئەھۋال ئۇمىد، تەمەسىنىڭ ئەكسىچە بولۇۋاتىدۇ. ئۇلار ھەتتا ئۇنىڭغا بىر ئېغىز گەپ قىلىۋېلىش پۇرسىتى بېرىدىغاندەكمۇ ئەمەس. دەردىنى قوشۇپ ئىچىگە يۇتۇش ئۈچۈن ئۆزىلا قۇيۇپ كەينى-كەينىدىن ئىككى رومكا كۆتۈرۈۋەتتى. روزى مۇدىر بىلەن ئاسىم بىر-بىرىگە قارىشىپ قويدى. ئۇلار سايىمدىن ۋەدە ئالماقچىمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇنى بىزنىڭ دېگىنىمىزدەك قىلماي ئامالى يوق، دەپ قارايتتى.

داستىخان يىغىلدى. روزى مۇدىر ئاسىمنىڭ ئۆيىدە قونىدىغان بولۇپ تۇرۇپ قالدى، سايىم چىقىپ كەتتى، ئۇنى ھېچكىم ئۇزىتىپ قويمىدى.

ئۈچ كىشىلىك سورۇن يىغىشتۇرۇلۇۋاتقان شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە باشقا بىر جايدىمۇ دەل شۇ مەسىلىنىڭ قارشى يۈزىنىڭ مەنزىرىسى سېزىدىپ بولۇنۇپ، قەغەز، قەلەم يىغىشتۇرۇلۇۋاتاتتى.

— كامىلنى كۆتۈرۈپ سايىمنى چۈشۈرسەكلا، ئۇلارنىڭ ئاغزى بېسىقىدۇ، دېيىشىدۇ...

— پېچەكنىسى قۇربان قىلىپ، توپنى قوغدىماقچى.

— مەن بۇ تەرەپكە كېلىۋاتقاندا، سايىمنىڭ ئاسىمنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېتىۋاتقى-

نىنى كۆردۈم.

— روزى مۇدىرمۇ چۈشتىن بۇيانلا ئاسىمنىڭ ئۆيىدە.

روزى مۇدىر، ئاسىملار كېيىنكى قەدەمنى قانداق بېسىش توغرىلىق مەسلىھەت زىياپىتىگە ئولتۇرۇشقاندا، مىجىت باقى، سەمەت ۋە بىرىنچى، ئۈچىنچى قۇدۇقنىڭ ئىش نۆۋىتى كەلمىگەن سېپنا باشلىقلىرى ھەم ئىككىنچى قۇدۇقنىڭ بىر قىسىم سېپنا باشلىقلىرى ئەتىگەنكى چوڭ يىغىندىن كېيىن تەبىئىيلا بىر پىكىرگە كېلىپ، كەچتە ئۈچىنچى قۇدۇقنىڭ پائالىيەت ئۆيىگە يىغىلىشقاندى. بۇ يىغىلىشنىڭ مەقسىتىنى بىلگەن كامىل:

— بولدى قىلامسىلەر ياكى يەنە خەت تۇتامسىلەر، بۇ ئۆزۈڭلارنىڭ ئىختىيارىڭلار. مېنىڭ ئىشىم باشقا گەپ. ئۇلار مېنى «تېخنىك» دەپلا قويساق، گېپى توگەيدۇ، دەپ ئويلاشقان ئوخشايدۇ. تېخنىك بولۇش مېنىڭ تەمەيىم ئەمەس. گەپ ھەقىقەتنىڭ ئاياغ-ئاستى قىلىنىۋاتقانلىقىدا بولۇۋاتىدۇ. ھەقىقەت ئۈچۈن، سىلەر ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن ئېيتىشقىنىم ئېيتىشقان. قانداق قىلىشنى ئۆزۈم بىلمەن، — دەپ، بۇ سۆھبەتكە قاتناشمىغاندى. ئىشچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئەخمەق ئېتىلىۋاتقىنىغا غەزەبلەنگەندى. شۇڭا سۆھبەتكە يىغىلىپلا ئەنە شۇنداق جىددىي پىكىرلىشىپ كەتتى.

سەمەت مەسىلىلەرگە قارىشىنىڭ ئەتراپلىقلىقى، مۇلاھىزىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن بۇ قېتىمقى خەتنى قايسى مەزمۇننى ئاساس قىلىپ يېزىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئولتۇرغانلارنى قايىل قىلدى.

— بۇ قېتىمقى خېتىمىزدە ئالدىنقى خەتتىكى مەزمۇنلارنى تەكرارلاپ يۈرمىسەكمۇ بولىدۇ. ئۇ مەسىلىلەرنى روزى مۇدىرنىڭ قانداق ۋە قانچىلىك دائىرىدىلا بىرتەرەپ قىلىپ، بىزنىمۇ، يۇقىرىنىمۇ ئالداپ، سۇيىقەستنى يوشۇرۇپ قالغانلىقىنىلا يازىمىز، ئەگەر توغرا تاپساڭلار، — دېدى سەمەت، — بۇ قېتىمقى خەتنى نەچچە نۇسخا قىلساق، ئالدىنقى خەتنىمۇ شۇنچە پارچە كۆچۈرۈپ قوشۇپ بىللە ئەۋەتىمىز.

پىكىر بىرلىككە كەلدى. سەمەت بۈگۈن ئاخشاملا يېزىپ، ئەتە مۇشۇ ئولتۇرغانلارغا ئوقۇپ بېرىدىغان، تولۇقلانغان ھامانلا تەييار قىلىپ ماڭدۇرۇۋېتىدىغانغا كېلىشىپ تارقاشتى.

بۇ تاغلىق كان رايونىنىڭ بىرىنچى ئېيىدا زىمىستان قىش ئەدەپ كېتىدۇ. تاغ تەرەپتىن كېلىدىغان زەھەرلىك ئاچچىق سوغۇق شامالغا كەڭ يېيىلغان دەريا مۇزلۇقىنىڭ تارقىغان قەھرى قوشۇلۇپ، سوغۇق ئەۋجىگە چىقىدۇ. بولۇپمۇ مۇزنىڭ يېرىلىشىدىن ھاسىل بولىدىغان، گويا يەرنىڭ تېگىدىن كېلىۋاتقاندەك ئاڭلىنىدىغان غارس-غۇرس قىلغان ئاۋازلار قىش كېچىسىگە قورقۇنچلۇق سۈر بېرىدۇ. ئىشچىلار كاننىڭ قىش سوغۇقىغا كۆنۈك. سوغۇق ھەرقانچە قاتتىق بولسىمۇ، ئىشقا كۆپىنچە ئادەتتىكى ئىش كىيىمى بىلەنلا ماڭىدۇ. قۇدۇققا بارغۇچە تاغ تەرەپكە — شامالغا قارشى ئۆرىدەپ ماڭىدىغان بولغاچقا خېلى توڭلىسىمۇ، تۇمشۇقىنى چاپىنىنىڭ ياقىسى بىلەن دالدىلاپ، گاھىدا يېنىچە، گاھىدا كەينىچىلەپ مېڭىپ كېتىۋېرىدۇ. قۇدۇق بېشىغىلا بېرىۋالسا بولدى، قۇدۇق ئىچى قىشتا

www.uyghurkitap.com



ئىسسىق، يازدا سالقىن بولىدۇ.

سۆھبەتتىن يانغانلارنىڭ كۆپىنچىسى پەسكە — ئۆيلىرى تەرەپكە، بىر قىسمى يۇقىرىغا — قۇدۇق تەرەپكە مېڭىشتى.

جاھاندا بەزى ئىشلارنىڭ تاسادىپىيلىقى ئاجايىپ بولىدۇ. سەن بۇ دوقمۇشتا ئۇنىڭدىن قاچساڭ، ئۇ دوقمۇشتا ئۇنىڭغا يانداشىپ قالىسەن. بۇنىڭغا ياقاڭنى تۇتۇپ «تۆۋە» لا دېيسەن، ئويلاپ ئەقلىڭنى يەتكۈزەلمەيسەن.

ئاسىمنىڭ ئۆيىدىكى «زىياپەت» تىن قايتقان سايىمنىڭ دوقمۇشقا كېلىشى سەمەتنىڭ ئۈچىنچى قۇدۇقتىن يېنىپ مېڭىشىغا توغرا كېلىپ قالدى. سايىم بىرى ھاراقنىڭ، يەنە بىرى، دەرد-ئەلەمنىڭ ئاچچىقىدا سەل خاموش-گاراڭ ئىدى. شۇڭا ئالدىن چىقىپ قالغان ئادەمنىڭ كىملىكىنى پەرق ئېتەلمىدى.

— سايىمۇسىز؟ قانداق، كېپەكلار تۈگىدىما؟ — سايىمغا يانداشىپ قالغان سەمەت ئۇنىڭدىن سورىدى. ئىككىسىنىڭ ئۆيى مۇشۇ دوقمۇشنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىدى. يۈزىگە ۋىژژىدە تەگكەن كېچىنىڭ سوغۇق شامىلى، مۇزغا دەرەڭگە ئاتقاندەك تەگكەن سوئال ئۇنى خاموشلۇقتىن سەل سەگىتىپ قويدى.

— قايسى گەپنى دېيسەن؟ — سايىم خۇدۇكسىراپ سورىدى.

— قانداق گەپلىكىنى ئۆزۈڭلار بىلىسىلەر!

سايىم تېخىمۇ خۇدۇكسىندى، گەپ قىلىش ئورنىغا خىيالغا پېتىپ قالدى. سەمەت ئۇنىڭغا قايتا گەپ قىلماي، دوقمۇشتىن بۇرۇلۇپلا ئۆيى تەرەپكە كەتتى.

بەخت-ئامەتنى روزى مۇدىر بىلەن ئاسىمدىن كېلىدۇ، دەپ ئىشىنىپ، ئۇلارنىڭ پېشىگە چىڭ يېپىشقان سايىم ئىشەنچىسىگە گۇمان مىتىسى چۈشكەندىن كېيىن كۆپ ئويلايدىغان بولۇپ قالدى. سايىمنىڭ بۇرنىدىكى چۇلۇكنىڭ چۇلۇۋۇرى روزى مۇدىرنىڭ قولىدا ئىدى. ئاسىم كاندا پەيدا بولغان كۈندىن تارتىپ سايىم بۇرنىدىن چۇلۇككە يەنە بىر چۇلۇۋۇرنى چېتىپ، ئۇچىنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزغانىدى. ئۇ بۇ ئىككى چۇلۇۋۇر بىلەن ئۇلاردىن ئايرىلمايدىغاندەك قىلاتتى. ھازىر ئۇ چۇلۇۋۇرلار ئۇزۇن ئىككى بادرىغا ئۆزگىرىپ قالدى. ھەرقانچە قىلسىمۇ ئۇلارغا يېقىنلىشىشقا كۆزى يەتمەيدىغان بولۇپ قالدى. چۈنكى بادرا ئۇنى كەينىگە داجىتىپ تۇرىدۇ. مانا ئەمدى يەنە بادرا ئۇزارغاندەك بولۇپ، ئارىلىق بارغانسېرى يىراقلاشماقتا ئىدى.

سايىم بۈگۈن داداملىدىن خەت كېلىپ قالدىمىكىن، دەپ خەت-چەكلەر سېلىپ قويۇلغان ساندۇقچىدىكى كونۋېرتلارغا قاراۋېتىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەت-چەكلەر ئىشخانىسىدىن سەمەتنىڭ نامىغا كەلگەن بىر كونۋېرتقا كۆزى چۈشۈپ قالدى. شۇئان يۈرىكى جىغ قىلىپ كەتتى. ئەتراپقا بىر قارىۋېتىپ، كونۋېرتنى يانچۇقىغا سېلىپلا ماڭدى. بۇنىڭدىن بىر ئاي بۇرۇنقى ھېلىقى چوڭ يىغىندىن كېيىنلا ئىشچىلارنىڭ يۇقىرىغا ئەرز يازغىنىنى ئاڭلاپ قالغانىدى. ئۇ دالدىراق بىر يەرگە بېرىپ كونۋېرتنى ئاچتى. خەت ماشىنكىدا ئۇرۇلغان بولۇپ، قىسقا ئىدى:

«خېتىڭلارنى تاپشۇرۇپ ئالدۇق. ئۇ مەسىلىنى قاتتىق سۈرۈشتە قىلىپ، تېز بىر

تەرەپ قىلىش ۋالىي مەھكىمىگە ھاۋالە قىلىندى، ۋاقىپ بولۇپ، قېلىڭلار».

سايىمنىڭ يادىغا روزى مۇدىرنىڭ «ئۇ ئىشنى ئاسىمنىڭ بىلىدىغانلىقىنى ھېچكىمـ
گە ئېيتىما» دېگەن سۆزى كەلدى، بۇ گەپچىرە ئۇلارنىڭ پېيىنى تۇيۇپ قېلىپ، ھەممە
بالا - قازانى ماڭا دۆڭگەپ، مېنى ئورنىغا ئىتتىرمەكچىمىكەندە؟ مەن كىچىك بالا ئەمەس
ئەمچەكنى مەممە دېگىلى، قېنى، تەكشۈرەيدىغانلار كەلسۇنچۇ، مەن نىمە دەيدىكەنـ
مەن، ئەمما لېكىنزە... ئۇ خوجايىنلىرىدىن بارغانسېرى كۆڭلى سوۋۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ
تۇرسىمۇ، يەنىلا ئۇلاردىن ئۈمىد ئۈزەلمەي، خىيالى چىگىشلىشىپ قالدى. بۇ بەخت -
ئىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك تەقدىرى چۇلۇۋۇرىنى باشقىلارغا تۇتقۇزۇپ قويغان ھەرقانداق
ئادەمدە بولىدىغان ئىرادىسىزلىك، مەنىۋى ئاجىزلىق ئىدى. بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئىرادىـ
سى شامال تۈگمىنىنىڭ چاقىپەلەكىگە ئوخشايدۇ، شامال يۆنىلىشىگە بېقىپ ھەر تەرەپكە
پىرقىراۋېرىدۇ. ئۇ ھازىر كامىل قاتارلىقلار بىلەن روزى مۇدىر ۋە ئاسىمدىن ئىبارەت
قارىمۇ قارشى ئىككى قۇتۇپلۇق شامالنىڭ دوقۇرۇشىدىن ھاسىل بولغان قاتتىق قۇيۇن
ئوتتۇرىسىدا قېلىپ، قايسى تەرەپكە يۈزلىنىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. ئاخىرى شۇ خىل
ئادەملەرگە ئورتاق بولغان مەنتىقى قانۇنىيەت بويىچە قېنى، قاراپ باقاي دېگەن
خىيال بىلەن كۆڭلىگە تەسەللى تېپىپ، ئىككىنچى قۇدۇق تەرەپكە يول ئالدى.

سايىم ئىككىنچى قۇدۇقنىڭ 5 - نومۇرلۇق ئىش ئورنى ئېغىزىدا يۈز بەرگەن تاش
گۈمۈرۈلۈش ھادىسىسىنىڭ ئۈستىگە چۈشتى. 5 - نومۇرلۇق ئىش ئورنى ئېغىزى ئىككىنچى
قۇدۇق بويىچە ئاساسلىق ئېغىز بولۇپ، ئۈچ ئىش ئورنىنىڭ كۆمۈرى مۇشۇ ئېغىز ئارقىـ
لىق سىرتقا توشۇلاتتى. قاتتىق پارتلاشنىڭ تەسىرىدە ئېغىز ئۈستىدىكى تاشلار گۈمۈرۈـ
لۈپ چۈشۈپ، چاڭ - توزاننى سىرتقا چىقىرىۋېتىدىغان ئىلغار تېخنىكىلىق بىر ئۈسكۈنىـ
نى ئېزىپ ماكچايتىۋەتتى، كۆمۈرنىڭ توشۇلۇش يولى ئېتىلىپ قالدى. ئىككى ئىشچى
يېنىك زەخىملەنگەندىن سىرت باشقا ئادەمگە چوڭ دەخلى يەتمىدى.

— ئىش ئورنىنى ئالدىن تەكشۈرمىگەنلىك مەسئۇلىيىتى — سايىم تېخنىكتا، — سايىم
كېلىۋېتىپ سىپىلا بىاشلىقى ئەركىننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى. ئەركىن ئاسىمنىڭ ئوغـ
لى ئىدى. ئۇ توپلىشىپ تۇرغان ئىشچىلار ئارىسىدا كامىل بىلەن ئىمىن مۇدىرنى كۆردى.
يۈرىكى قارت قىلىپ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. تۇرغانلار ئۇنى كۆرمىدى. ئۇ ئۆزى
توغرىلىق نىمە گەپلەر بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ بېقىش ئۈچۈن يېقىن كەلمەي چەتتەرەك
تۇرۇپ قۇلاق سالدى.

— مەن قۇدۇق باشلىقى بىلەن ئالدىنقى سىپىنا باشلىقىغا بۇ
يەرگە تۈۋرۈك تۇرمـاي تۇرۇپ 5 - نومۇرلۇق ئىش ئورنىدا پارتلىـ
تىش ئېلىپ بېرىشقا بولمايدۇ، دېگەنىدىم، ئۇلار بۇنى سىزگە ئېيتمىدىمۇ؟ — كامىل ئەر-
كىندىن سورىدى.

— ئېيتقان، ئەمما قۇدۇقنىڭ مەسئۇل تېخنىكى بولغان سايىم ئۇنداق دېمىـ
گەن، سۆزلىسىلا

— سايىمكام نىمە دېدى؟ — كامىل يانىدۇرۇپ سورىدى.

www.uyghurkitap.com

ــ ئۇنى كۆرمىدۇق.

ئىمىن مۇدىرنىڭ غۇژۇدە ئاچچىقى كەلدى:

ــ سايىم ھېچنېمە دېمەپتۇ، ئۇنىمۇ كۆرمەپسەن. ناۋادا ئۇ «پارتلىتىڭلار» دېگەن ھالەتتىمۇ، كانىنىڭ تېخنىكى كامىل بولغاندىن كېيىن ئەلۋەتتە كامىلنىڭ ئېيتقىنىنى بويىچە ئىش قىلىش كېرەكقۇ؟!

ــ ...

ــ تۇۋرۇك ئورناتقۇزمىغانلىق مەسئۇلىيىتى قۇدۇق باشلىقىدا، ــ ئىمىن مۇدىر ئەركىنگە قاراپ دېدى، ــ پارتلىتىش ئېلىپ بېرىشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ پارتلىتىپ، قىممەت باھالىق بىر ئۇسكۇنىنى نابۇت قىلغانلىق، ئىككى ئىشچىنى زەخمىلەندۇرگەنلىك، بىر كۇنلۇك ۋەزىپىنىڭ ئورۇندىشىغا تەسىر يەتكۇزۇپ ئىشنى ئاقسىتىقانلىقىنىڭ پۇتۇن جاۋابكارلىقى سەندە!

سايىم گويا يەلكىسىدىن چوڭ بىر يۇك ئېلىۋېتىلگەندەك يېنىكلەپ، چوڭ بىر تىنىۋالدى...

ئۇ شۇ كۇنى پۇتۇن بىر كۇن ئۆيىدىن چىقمىدى. كانغا كەلگەندىن بۇيان ئاتىسىنىڭ يۇز ـ ئابرويىدا، روزى مۇدىرنىڭ قولتۇقىدا جاھاندارچىلىق قىلىپ يۇرگىنىنى، بولۇپمۇ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» جەريانىدا ئىمىن مۇدىر قاتارلىق كىشىلەرگە كۆپ ئۇۋال قىلغىنىنى، ئاسىم كانغا قاچان پەيدا بولدى، شۇ كۇندىن تارتىپ تەقدىرىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئۇنىڭ كەتمىنىنى كامىلنىڭ يىلتىزىغا چاپقان ھەم يەنە چاپماقچى بولغانلىقلىرىنى ئويلىدى، ئۇزۇن خىيال سۇردى. «ئىمىنكامغا، كامىللارغا شۇنچە ئۇۋال قىلدىم، لېكىن ئۇلار ماڭا ھېچقانداق ئاداۋەت ساقلىمايۋاتىدۇ. كۆڭلى ـ كۆكسى نېمىدېگەن كەڭ ئۇلارنىڭ. مەن ئۇلارغا قىلغانىنىڭ ئوندىن بىرىنى روزى مۇدىر بىلەن ئاسىمغا قىلغان بولسام، ئۇلار مېنى نېمە قىلىۋېتەر ئىدى؟! ئاسىم ئۇۋزىنىڭ قىلمىشىنى مېنىڭ زىممەمگە ئارتماقچى، بەلكى تېخى بۇنى مېنىڭ ئۆز ئىختىيارىم بويىچە قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. بۇ نېمىدېگەن كاززاپلىق!» سايىم ئۇلارنى سەلسەگكىشكە باشلىغان ئەقىل تارازىسىنىڭ ئىككى بېشىغا سېلىپ دەڭسەپ باقتى. مەنسەپ ـ مەرتىۋىدە روزى مۇدىر، ئاسىملار ئېغىردەك قىلسىمۇ، ھەققانىيەت، ۋىجدان، پاكلىق جەھەتتە ئىمىن، كامىللار بېسىپ كېتىۋاتاتتى. روزى مۇدىر بىلەن ئاسىمنىڭ ئەمەل ـ مەنسىپىمۇ جايىنى تېپىپ قويۇلمىغان ئىشۇرۇقتەك قىڭغىيىپ قېلىۋاتاتتى. بۇ ئېشۇرۇقنىڭ ھامان ئۆرۇلۇپ كېتىدىغانلىقىغا سايىمنىڭ گۇمانى قالمىدى، ئاتىسىنىڭ مېنى ئورىغا تىقماقچى بولغىنى ئاز كەلگەندەك، بالىسىمۇ مېنى پۇتلىماقچى بولۇۋاتىدۇ. سايىم ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، سىرتقا چالا ئۇيقۇلۇق چىقىپ قېلىپ، تاڭنىڭ سالقىن شامىلىدا سەگىپ ئويغىنىپ كەتكەن ئادەمدەك خىيالدا يۇمۇلغان كۆزىنى ئاچتى. «ئاللىقاچان كۇنىمۇ پېتىپتۇ. بۇ مېنىڭ ئالدىنىپ ـ ئېزىپ يۇرگىنىمنىڭ ئاخىرقى كۇنى بولۇپ قالسۇن، قېنى، تەكشۇرگۇچىلەر كەلسۇنچۇ، ياق، ئۇلار كەلگىچە ئاسىمنىڭ ئويىنىغان ئويۇنلىرىنى، پىلانلىرىنى يېزىپ ئىمىن مۇدىرغا بېرىشىم كېرەك.» ئۇ ئاخىرى

بىر قاراغا كەلدى-دە، يېزىشقا تۇتۇندى.

— كەچ كىرگەندە نەگە بارىسىز؟ — دەپ سورىدى ئايىلى ھويلىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان سايىمدىن.

— ئىمىنكامىنىڭكىگە.

— ئىمىنكام! قايسى ئىمىنكام؟

— ئىمىن مۇدىرچۇ، — سايىم ئاغزىدىن چىققان جاۋاب بىلەن تەڭلا دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى.

خەلچەم ھەيرانلىقتا تۇرۇپلا قالدى. يېقىنقى ئۈچ-تۆت يىلدىن بۇيان يولدىشىنىڭ ئىمىن مۇدىرنى مەنسىپى بىلەن ياكى ئىمىنكام دەپ تىلغا ئېلىپ، باققىنىنى ئاڭلىمىغانىدى. ھېيت-ئايەملەردە ئىمىن مۇدىر بۇلارنىڭ ئۆيىگە ھېيت پەتىسى قىلىپ كىرەتتى، لېكىن سايىم ئۇلارنىڭكىگە كىرمەيتتى، ئايىلىنىڭ كىرگىنىنى ئاڭلاپ قالسا ئاھانەت قىلاتتى، ھەتتا ئىمىن مۇدىرنىڭ قىزىنىڭ ئۆلۈمىدىمۇ كىرمىگەنىدى. بۈگۈن ئەجەب كەچ بولغاندا ئۆزىچىلا كىرىدىغان بولۇپ قاپتۇ؟ ئاسىم قاۋاننىڭ بىرەر قۇتراتقۇلۇقى بىلەن ئۇرۇشقىلى ماڭدىمۇ-يە؟ خەلچەمنىڭ يۈرىكى ئەنسىز سوقۇپ كېتىپ، ئەندىشە بىلەن دەرۋازىغا قاراپ ماڭدى. ياق! ئۇرۇشقىلى ماڭغان ئادەم ئىمىنكام دەمدۇ؟ خەلچەم يەنە شۇنداق ئويلاپ ئولگۇرۇپ، ئىمىن مۇدىرنىڭ ئۆيى تەرەپكە كېتىۋاتقان يولدىشىنىڭ كەينىدىن قاراپ:

— كىرىڭ، بوسۇغىسىدىن «بىسمىللا» دەپ كىرىڭ! — دەپ ئۆزىچە پىچىرلاپ، دەرۋازىدا تۇرۇپ قالدى.

9

كامىل بۇرۇن ئاساسەن بىر قۇدۇق ئىشىغىلا باش قاتۇرغان بولسا ئىككى ئايدىن بۇيان ئۈچ قۇدۇققا تەڭ باش قاتۇرۇپ، كېچە-كۈندۈز جىددىي قاتتىق ئىشلىدى. ئىلگىرى كۆمۈر قېزىشتا ئاساسەن يەرلىك تەجرىبە بويىچە، «كۆز كۆرگەن»، قېلىن، قازماق ئاسان دەپ قارالغان كۆمۈر قاتلىمىنىلا قوغلاشقاچقا، ھەرقايسى قۇدۇقلارنىڭ ئىش ئورۇنلىرى تېخنىكىلىق تەلەپكە ئانچە مۇۋاپىق كەلمەيتتى. قۇدۇقلاردا پات-پات ھادىسە چىقىپ تۇرۇشتىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرىمۇ شۇ ئىدى. نامۇۋاپىق ئىش ئورۇنلىرىنى تېخنىكىلىق تەلەپ ئىزىغا سېلىشمۇ ئاسان ئەمەس ئىدى. كۆمۈر قېزىشنى توختاتماسلىق، بەلكى ئىشلەپچىقىرىشنى كۈندىن-كۈنگە جانلاندۇرۇش ئاساسىدا بىرلەپ-بىرلەپ رەتكە سېلىشقا توغرا كېلەتتى. بۇ ئىشلارنى بىر ئۆزىلا زىممىسىگە ئېلىۋالسا يېتىشەلمەيتتى، شۇنداقلا كۈتۈلمىگەن خەتەرلىك ھادىسىلەرنىڭ چىقىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى، ۋاقىتمۇ كۆپ كېتەتتى. بۇنىڭغا كامىل كۆپ باش قاتۇردى، ئىمىن مۇدىر ۋە مىجىت باقى، سەمەت ھەم سايىملار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ تېخنىكا تايانچلىرىنى تەربىيىلىمەكچى بولدى. لېكىن ھەرقايسى قۇدۇقنىڭ كۆمۈر، تاش قاتلاملىرى ۋە باشقا ئەھۋالى شارائىتى ئوخشاشمىغاچقا، تەربىيىلەشنى قۇدۇقلار بويىچە ئىشتىن سىرتقى

ۋاقىتلاردا ئايرىم-ئايرىم ئېلىپ بېرىشقا توغرا كەلدى. بۇ ئىش كامىلنىي بەك جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. ھېلى بۇ قۇدۇققا چۈشسە، ھېلى ئۇ قۇدۇققا چۈشۈشكە، ھېلى ئۇ قۇدۇقتىكىلەرگە دەرس ئۆتسە، ھېلى بۇ قۇدۇقتىكىلەرگە دەرس ئۆتۈشكە توغرا كەلدى. مۇشۇنداق ئالدىراشچىلىقتا سوتكا-سوتكىلاپ ئارام ئالمىغان كۈنلىرى كۆپ بولدى. تېخنىكا دەرسى قۇدۇق ئۈستىدە ئەمەس، قۇدۇق ئاستىدا، ھەرقايسى ئىش ئورۇنلىرىدا — نەق مەيداندا ئۆتۈلدى. كامىل چەككەن جاپاسىغا، سىڭدۈرگەن ئەجرىگە لايىق مېۋىسىنى كۆردى. تاللانغان تايانچلارمۇ تىرىشىپ ئۆگەندى. ئىش ئورۇنلىرىنىڭ ئادەتتىكى ئىشلىرىنىلا ئەمەس، خېلى مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى قۇدۇق، سىمېنا باشلىقلىرىمۇ بىر تەرەپ قىلىۋېتەلەيدىغان بولدى. نەتىجىدە ئالتە ئايدا تۈگەر دەپ قارالغان ئىش ئورۇنلىرىنى رەتكە سېلىش ئىشى ئىككى ئاي ئىچىدە تاماملاندى.

— مېنىڭ مۇنداق ئىككى تەكلىپىم بار، ئالدى بىلەن سىزگە ئېيتىپ باقاي، — دېدى كامىل بىر كۈنى ئىمىن مۇدىرغا دادىسىنىڭ ئالدىدا تۇرغاندەك سۆزىنى ئەركىن ئازادە قىلىپ، — تەكلىپىمنىڭ بىرىنچىسى، مەن ھەرقايسى قۇدۇقنىڭ تېخنىكىلىق ئىشلىرىغا ئومۇمىي جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلساممۇ، ئۈچىنچى قۇدۇقنى نۇقتا قىلىپ تۇتۇپ، ئۇزۇن، كەڭ لىنىيىلىك كۆمۈر قېزىشنى سىناق قىلىپ باقايمىكىن دەيمەن.

— كەڭ، ئۇزۇن لىنىيىلىك؟ — ئىمىن مۇدىر كامىلنىڭ سۆزىنى تەكرارلاپ سورىدى.

— بۇ، ھازىرقىدەك تار، ئۇششاق ئىش ئورنىنى كۆپ قىلماي، ئىش ئورنىنى كەڭ ئۇزۇن ئېلىپ، كۆمۈرنى تاكى تاشقا ئۇسكىچە قېزىش، كۆمۈردىن تىرەك-تۈۋرۈك قالدۇرماي قېزىش ئۇسۇلى. ھازىر ئىش ئورنى بەك تار بولغاچقا، كۆمۈرنى توشۇپ چىقىشتا ئۆتكەل، ھالقىلار جىق، بىھۇدە سەرپ بولۇۋاتقان ماتېرىياللمۇ، ئادەم كۈچىمۇ تولا. يەنە تېخى چاڭ-توزانلار شامال ئۆتۈشمەيدىغان تار ئىش ئورۇنلىرىغا قاپلىنىپ قېلىپ، ئۆپكىدە توزان تىنىپ قالىدىغان كېسەلنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدىكەن. يەنە بىر تەرەپتىن، كۆمۈردىن تۈۋرۈك قالدۇرۇپ ماڭىدىكەنمىز-دە، كۆمۈر پاك-پاكىز، تەلتۆكۈس ئېلىنماي نۇرغۇن كۆمۈر يەر تېگىدە قالىدىكەن، مەن سىناق قىلىپ كۆرمەكچى بولغان ئۇسۇلدا ئىش ئورنى كەڭ، ئۇزۇن ئېلىنغاچقا، ئىشچىلار ئازادە ئىشلەيدۇ، ئىش ھالقىلىرى ئازىيىدۇ. ھاۋا، غالتەكتە توشۇلماي ۋاگوندا توشۇلىدۇ، ئىشچىلارنىڭ ئېغىر جىسمانىي ئەمگىكى يېنىكلەيدۇ. قايتۇرۇپ قازغاندا كۆمۈردىن تۈۋرۈك قالدۇرمايمىز. بىر باشتىن بۇرغىلاپ، يېنىك-يېنىك پارتلىتىپ كۆمۈرنى تولۇق چىقىرىۋالىمىز.

— ھېچقانداق تۈۋرۈك-تىرەك قويمىغاندا خەتىرى بولماسمۇ؟

— بۇ ئۇسۇل كۆمۈرى قېلىن ياكى ئۆرە، يانتۇ قاتلاملىق، تاش قەۋىتى بوش قۇدۇقلارغا توغرا كەلمەيدۇ. كېنىمىزدا بىرىنچى قۇدۇقنىڭ تاش قاتلىمى بوش، بۇ ئۇسۇلنى پەقەت ئىككىنچى، ئۈچىنچى قۇدۇقتىلا ئىشلەتكىلى بولىدۇ. مەن ئۈچىنچى قۇدۇقتا سىناق قىلىپ كۆرەيمىكىن، دەيمەن. ئىككىنچى تەكلىپىم، ھەرقايسى ئىش تۈرى بويىچە ئىشلىگەن ئىشىغا قاراپ ھەق ئالىدىغان چارىنى قوللىنىپ باقساق دەيمەن.

— ئالدىنقى ئۇسۇلىڭىزنى يولغا قويۇۋېرىڭ، ئەمما نەتىجىسى كۆرۈلمىگۈچە داۋ-
راڭ قىلماي تۇرايلى. ئىككىنچى تەكلىپىڭىزگىمۇ گەپ يوق قوشۇلىمەن. ئەمما بۇ، كان
مەمۇرىيىتى مۇزاكىرە قىلىپ، پارتكوم پوزىتسىيە بىلدۈرىدىغان چوڭ ئىش. مەن تەك-
لىپىڭىزنى ئۇلارغا يەتكۈزىمەن. شۇنداقلا ماقۇللىتىشتا چىڭ تۇرىمەن. — ئەمدى كامىل-
نىڭ كۆزىگە قاراپ بىر ئاز تۇرۇۋېلىپ كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى. — ئەمدى مەنمۇ سىزگە
بىر تەكلىپ بەرسەم نېمە دەيسىز؟
— قانداق تەكلىپكىن، ئاڭلاپ باقاي، — دېدى كامىل دىققەت بىلەن.
— تۇرمۇشىڭىز توغرىلىقمۇ ئويلاپ قويسىڭىز بولاتتى.
— ئويلىمىدىم ئەمەس، ئويلىدىم، ئىككى يىلغا يېقىن «چېنىقىش» تا بولدۇم.
ئەسلى خىزمىتىمگە چۈشكىنىمگە ھېچقانچە بولمىدى، ئىش ھەققىممۇ يېقىندىلا دەرىجى-
گە سېلىندى. ياخشى كۈنلەرمۇ كېلىۋاتىدۇ. بىر مەزگىل ئۆتسە، بۇ ئىشىنىمۇ ھەل
قىلىۋالارمەن، ئىمىنكا، — دېدى كامىل. ئۇنىڭ نېمىنى نەزەردە تۇتۇۋاتقىنىنى سەزگەن
ئىمىن مۇدىر باشقا گەپ قىلمىدى-يۇ، — ھورۇڭلارنى چاقىرماي پىشىۋالدىڭلار، ئىككىڭلار
بىر - بىرىڭلارغا تازا يارىشىسىلەر، — دېدى ئىچىدە.
كامىل كانغا كەلگەندە يېشى 24 تىن ئەمدىلا ئاشقانىدى. مانا 29 ياشنىڭ قا-
رىسىنى ئېلىپ قالدى. بۇ كاننىڭ توپا - توزانلىق شامال - قۇيۇنلىرى ئىچىدە ئۆمىدى-
سىزلەنمەي، ئوتتەك قىزغىنلىق، تەۋرەنمەس ئىشەنچ - ئىرادىسى بىلەن دېڭىز ئاستى-
دىن دۇر - گۆھەر ئىزدىگۈچى غەۋۋاسلاردەك قارا ئالتۇنلۇق دېڭىزغا شۇڭغۇپ چۆكۈپ
ئىشلىدى. كۈندىن - كۈنگە دوست ھەمراھلىرى كۆپەيدى، تەقدىرىنىڭ بارغانسېرى. كان
ئىشچىلىرىنىڭ تەقدىرى بىلەن بىرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. بۇ كىشىلەر
بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە سېلىق سۆز، مۇلايىم ئىدى. كاندىكى ياش ئىشچىلار ئارى-
سىدا ئادەت بولۇپ كەتكەن كەيىپ - ساپا، ئىچىملىككە بېرىلىش ئۇنىڭدا يوق، بوش
ۋاقىت تاپسىلا ئۆگىنەتتى، ئىزدىنەتتى. قۇدۇقتىن چىققان ھامان باش - كۆزىنى يۇيۇپ-
تازىلىنىپ، كىيىمنى ئاددىي بولسىمۇ ياراشتۇرۇپ، ۋاقتى - ۋاقتىدا يۇيۇپ، ياقىسىنى كىر
قىلماي پاكىز، رەتلىك كىيىپ يۈردى. ئۇنىڭ مىجەز - خۇلق، تەبىئىتىدىكى بۇ ئېسىل-
لىككە بوي - قامىتىنىڭ ياساپ قويغاندەك كېلىشكەنلىكى، ئوتكۈر زېرەكلىكى، قايناپ
تۇرىدىغان ئويناق، چوڭ قاراقلىق كۆزى، قويۇق قوشما قېشى كاندىكى ياش قۇرامىغا
يەتكەن قىزلارنىڭ سىنچى كۆزلىرىنى ئۆزىگە تارتىپ تۇراتتى. بۇ شەھلا كۆزلەر ئارى-
سىدا ئىمىن مۇدىرنىڭ ئايىلى ئامىنەمنىڭ جىيەنى — كان ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇت-
قۇچىسى سۇمبۇل چاچ رەيھانەمنىڭ تىنىق ئاسماندەك بىر جۈپ زەڭگەر كۆزى كامىل-
نى ئۆزىگە تارتقانىدى. كامىل ئەينەكتەك سۈزۈك بىر جۈپ كۆزدە ئۆزىنىڭ ئەكس
شولىسىنى كۆرۈپ، بۇ قىزنىڭمۇ سىماسىنى ئۆز كۆزى ئارقىلىق كۆڭۈل قېتىغا چۈشۈ-
رۈۋالغانىدى. كاندا تەڭ ياشلىق بىرقانچە رەيھانەم بولۇپ، بۇ رەيھانەمنى باشقىلىرى-
دىن پەرقلەندۈرۈپ بەزىدە رەيھان مۇئەللىمە دېسە، بەزىدە كۆرۈنۈشىنى سۈپەتلەپ
سۇمبۇل چاچ رەيھانەم دەپ ئاتىشاتتى. بۇ ئىككىسىنىڭ پىنھان - خىلۋەتلەردە بىر-

بىرىگە ئوت يېقىشىپ تۇرۇشقانلىرى بىرنەچچە قېتىم ئىمىن مۇدىرنىڭمۇ، ئامىنەمنىڭمۇ كۆزىگە چېلىقىپ قالغانىدى.

— سېنىڭ سۇمبۇل چېچىڭ بىزنىڭ قوشما قاشنى باغلىۋالدىمۇ، قانداق؟ — دېگەنىدى ئىمىن مۇدىر ئايالىغا ئۇلارنى شۇ ھالەتتە بىرىنچى قېتىم چېلىقتۇرغىنىدا.

— باغلىۋالسا نېمە بوپتۇ، بولسا سالما بولۇپ چىرمىۋالسۇن، — دېگەنىدى، ئامىنەممۇ بوش كەلمەي.

ئامىنەم بىر كۈنى جىيەنىدىن گەپ كوچىلاپ پەردە - شەپ بىلەن سوراپ باقتى.

— شۇنداقتەك تۇرىمىز، قوشۇلامسىلەركىن، — دېدى، رەيھانەم قىزىرىپ تۇرۇپ.

— قوشۇلمامدىغان، سىڭلىم شۇنداق بولىدىغان بولساڭلار نىكاھىڭلارنى ئىمىن ئاكىڭىز ئۆزىلا ئوقۇپ قويىدۇ، — دەپ ئامىنەم بۇ ئىشنى چاقچاققا يۆلەپ بىكىتىۋەتكەنىدى.

كامىل تەكلىپلىرىنىڭ ئىمىن مۇدىر تەرىپىدىن تولۇق قوللاشقا ئېرىشكىنىدىن خۇش بولدى، كۆڭلى تېخىمۇ كۆتۈرۈلدى. بىرىنچى تەكلىپى توغرىلىق ئۈچىنچى قۇدۇق باشلىقى بىلەن ھازىرلا سۆزلەشمەكچى بولدى...

بىرىنچى تەكلىپىنىڭ كامىلنىڭ يېتەكچىلىكىدە سىناق قىلىنىۋاتقىنىغا ئىككى ئاي بولۇپ قالدى. ئىش ئۈنۈمىدىن كامىلمۇ، ئىشچىلارمۇ خۇشال. ئىمىن مۇدىر بىرىنچى ئېيىدا كۈندە دېگۈدەك قۇدۇققا چۈشۈپ ھەر بىر ئىش ھالقىلىرىنى چوڭقۇر كۆزىتىپ تۇردى. كامىل ھەر بىر سىمېنا ئىشقا چۈشۈشتىن بىرىر سائەت بۇرۇن قۇدۇققا چۈشۈپ ھەر بىر ئىش ئورۇنلىرىنى تەكشۈرۈپ، ئالدىنقى سىمېنىدىكىلەرنىڭ دىققەتسىزلىكتىن كەتكۈزۈپ قويغان يېرى بولسا كېيىنكى سىمېنىدىكىلەرگە ئۇنى قانداق تۈزىتىشنى، يەنە قانداق قىلىشى كېرەكلىكىنى تاپشۇراتتى، ئۈستۈنكى تاش قاتلاملىرىنى ئۇزۇن سايلىق بولقىسى بىلەن ئۇرۇپ - چېكىپ باقاتتى. تاش قاتلاملىرىدا ئازراقلا بوشاش ئېھتىمالى سېزىلسىلا ياغاچ تۈۋرۈك قويدۇراتتى. پوكۇلدىغان تاش قاتلىمىنىڭ دائىرىسى كىچىك بولسا تۆمۈر ئىلمەك بىلەن تارتىپ - چوقۇپ چۈرۈۋېتەتتى. كۆمۈر قاتلىمىنىمۇ بولقىسىدا ئۇرۇپ ياكى ئىنچىكە بۇرغىدا بۇرغىلاپ كۆرۈپ باقاتتى. كۆمۈر بوش بولسا ئەڭ ئاستىن قىسمىنى بۇرغىلاپ، ئازراق دورا قاچىلاپ ئېتىشنى، چىڭ-زىچ، قاتتىق بولسا سەل ئۈستۈندىن بۇرغىلاپ پارتلىتىشنى تەكىتلەيتتى. ئىمىن مۇدىر دەسلەپتە ئانچە خاتىرجەم بولالمىغانىدى. ھېچبىر چاتاق ھادىسە يۈز بەرمەي، سىناقنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلۈشكە باشلىغاندىن كېيىن ئىككى - ئۈچ كۈندە، كېيىنچە ھەپتىدە بىر قېتىملا چۈشىدىغان بولدى. ئەمدى ئىككىنچى تەكلىپنى چىڭ تۇرۇپ چوقۇم ماقۇللىتىش كېرەك. ئىمىن مۇدىر شۇنداق ئويلىدى - دە، ئىشخانىسىدىن چىقىپ ئاسىمنىڭ ئىشخانىسى تەرەپكە ماڭدى. ئاسىم كامىلنىڭ كۆمۈرنى باشقىچە ئۇسۇلدا قېزىش سىنىقى قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ:

— ھە، يەنە يېڭى ئىش تېپىپتىمۇ؟ چاتىقى چىقمىسىلا بولىدىغۇ، — دەپلا قويدى. بولمايدۇ، دەپ توساي دېسە، كان تېخنىكىسى جەھەتتە ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ، ئاغزىدا چاتاق چىقماسلىقنى تىلىگەندەك قىلغان بىلەن كۆڭلىنىڭ نېرى - نېرىسىدا - ئاچچىق

ئۇچىيىدە «بولسا بىرەر چاتىقىڭ چىقىسىدى» دەپ تىلەپ تۇردى. چاتاق چىقىش تۇ-
گۈل بارغانسېرى ئۇنۇمى روشەن كۆرۈلۈشكە باشلىغاندىن كېيىن ۋىلايەت رەھبەرلىرى-
نى ئۇچراتقانلىكى پۇرسەتنى قولدىن كەتكۈزمەي «كونا ئەنئەنىۋى يەرلىك ئۇسۇلدا
كۆمۈر قېزىشنى زامانىۋى ئۇسۇلدا قېزىشقا ئۆزگەرتتۇق، بۇ ئۇسۇلنى ھازىر كان بو-
يىچە ھەممە قۇدۇقلارغا كېڭەيتىپ ئومۇملاشتۇرماقچى بولۇۋاتىمىز» دەپ دوكلات قىلىپ،
كامىلنىڭ چاپىنىدا تەرلەپ ماختىنىدىغان بولدى. ئەمما بۇ ئۇسۇلنىڭ ئۇچىنچى قۇ-
دۇقتىن باشقا قۇدۇققا توغرا كەلمەيدىغانلىقىنى بىلمەيتتى.

كان پارتكومىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا ئىمىن مۇدىر سۆزلىدى:

— بۇ تەكلىپ ئۈستىدە كاننىڭ مەمۇرىي يىغىنىدا ئىككى قېتىم مۇزاكىرە ئېلىپ
بېرىلدى. بىرىنچى نۆۋەتتە بىر قىسىم يولداشلارنىڭ قانداق بولاركىن، دېگەن ئەنسە-
چىسىزلىكى بىلەن ماقۇللانمىدى. ئىككىنچى قېتىملىقىدا ئەتراپلىق پىكىرلىشىش، يېڭى
ھۆججەت، ماتېرىياللارنى كۆرۈش ئارقىلىق كۆپ سانلىق ئاۋاز بىلەن ماقۇللاندى. بىر
قىسىم يولداشلار كان پارتكومى ۋە يۇقىرى نېمە دەيدىكىن، دېيىشتى، ئەمما قارشى
چىقمىدى. لېكىن كان پارتكومىغا كەلگەندە ئايرىم كىشىلەرنىڭ «پۇلنى گەۋدىلەندۇر-
گەن بولۇپ قالمىزمۇ، قانداق» دەيدىغان ئەندىشىلىك توسالغۇسى تۈپەيلىدىن ھازىر-
غىچە بۇ تەكلىپنى يولغا قويالمايۋاتىمىز. بۇ يەردە ئولتۇرغان كونا يولداشلارنىڭ ياد-
دا باردۇ، 1964 - يىلى سانائەتنىڭ «70 ماددا» سىنى كېيىنمىزدا سىناق قىلغاندا
دەل مۇشۇ ئۇسۇلنىڭ ئۆزىنى يولغا قويغانىدۇق. كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش كۆنلەپ يۇقى-
رى ئۆرلىگەنىدى. كېيىنمىزمۇ خېلىلا قەد كۆتۈرۈپ قالغانىدى. كېيىنكى مالىيمانچىلىق-
تا بۇ ئۇسۇل تاشلاپ قويۇلدى، ھەتتا قارىلاندى:— سايىم قۇلىقىغىچە قىزىرىپ، قىمىر-
لاپ قالدى. شۇ قېتىمقى قارىلاشتا سايىم ھۆججەتچى سەركەردىلەرنىڭ بىرى بولغانىدى.
ئىمىن مۇدىرنى «لىيۇشاۋچىنىڭ زەھەرلىك مېلىنى كۆچەپ بازارغا سالغان گۇپپاڭچى»
دەپ تارتىپ چىقىرىپ پىپەن، كۈرەش قىلغانىدى:— ئاردىن ئون نەچچە يىل ئۆتكەن
بۈگۈنكى كۈندە ئۇ ئۇسۇل كامىل تەرىپىدىن تەكلىپ تەرىقىسىدە بىزگە سۇنۇلدى. بۇ
ئۇسۇلنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئىشچىلارمۇ تەقەززا. ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇش يولىدىكى
ئۈنۈملۈك ياخشى ئۇسۇلنى نېمىشقا دادىل قوللىمايمىز؟ نېمىشقا «ئىنقىلاب» يىللىرى-
دىكى قارىلاشلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلىمىز!؟— ئىمىن مۇدىرنىڭ
كېيىنكى گېپى ئاسمىغا قاتتىق تەگكەن چېغى، جايىدا ئولتۇرالماي قىمىرلاپ كەتتى.

— مېنىڭ قوشۇلمىغىنىم توسقۇنلۇق قىلغىنىم ئەمەس، بۇ يەردە ئىككى مەسىلە
بار: بىرى، سىياسەتنى گەۋدىلەندۈرمەي، پۇلنى گەۋدىلەندۈرگەن بولۇپ قالمىزمىكىن؛
يەنە بىرى، سىناق قىلساقمۇ يۇقىرىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ ئاندىن بىر نەرسە دېسەك،—
ئاسىم ئارانلا شۇ باھانىنى قويالىدى.

— مېنىڭچە، ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇش مەقسىتىدە يولغا قويۇلىدىغان چارە-
ئۇسۇل سىياسەتكە زىت كەلمەيدۇ،— ئىشلەپچىقىرىشقا مەسئۇل خادىم گەپ باشلىدى،—
بۇ ئۇسۇل يولغا قويۇلسا دۆلەتكىمۇ، كانغىمۇ، ئىشچىلارغىمۇ پايدىسى بار. دۆلەت پايە-

دىسىنى كۆزلەش قايسى سىياسەتكە توغرا كەلمەيدىكەن؟ يۇقىرىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش - ئالماسلىقىقا كەلسەك، يولغا قويماقچى بولغىنىمىز مەقسەت ئەمەس، ۋاستە - ئۇسۇل، مېنىڭچە، بۇ كاننىڭ ھوقۇق دائىرىسىدىكى ئىش. مېنىڭچە يۇقىرىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالمىز دەپ كەينىگە تارتىپ سۆرەلمىلىك قىلىپ يۈرمەيلى.

— مەنمۇ ئىمىن مۇدىرنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلەيمەن،— ئولتۇرغانلار بىردەكلا ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدى، ھەممىدىن بۇرۇن ئاسىم بۇرۇلۇپ قارىدى، كۆزى ئالاقىزادىلىكنى ئىپادىلەپ چەكچىيىپ كەتتى. پىكىر بەرگۈچى سايىم ئىدى.

سۇ قۇدۇق ۋەقەسىدىن كېيىن كىشىلەر ئاسىمنىڭ ئاغزىغا قاراپ كەتمەيدىغان، گېپىنى يۈز تۇرانە قاتتىق - قاتتىق قىلىۋېرىدىغان، گېزى كەلگەندە ئايىماي قويماي دەۋېرىدىغان بولغانىدى. مانا، ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن، ئىشەنچلىك ھەمدەملىرىنىڭ سەركىسى ھېسابلىنغان سايىممۇ پۈتۈنلەي يۈز ئۆرۈپ ئىمىن بىلەن كامىلنى قوللاپ چىقىۋاتىدۇ. ئۇلار سايىمنى ئۆزىگە تارتىپ تىل بىرىكتۈرۈۋالدىمۇ نېمە؟! راستلا شۇنداق بولىدىغان بولسا... ئاسىم خىيالىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى.

— پەقەت بىر كىشىدىن باشقا كۆپچىلىك يولداشلار كامىل تېخنىكنىڭ تەكلىپىنى يولغا قويۇشقا قوشۇلۇۋاتىدۇ،— دېدى ئىمىن مۇدىر ئاسىمنىڭ تىكىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ.

ئىمىن مۇدىرنىڭ «بىر كىشى» دېگىنى كىم؟ بۇ — ئاسىم ئىدى. ئۇ يىغىندا يېتىم قالدى. ئاخىرقى كوزۇرنى تاشلاپ كۆرمەكچى بولدى.

— بۇ ۋىلايىتىمىزدە ھېچقانداق ئورۇن يولغا قويۇپ باقمىغان ئۇسۇل. ئالدى بىلەن باشقىلار سىناپ كۆرۈپ باقسا، ئاندىن...

— بۇ ئۇسۇلنىڭ ۋىلايىتىمىز تەۋەسىدە تېخى يولغا قويۇلماسلىقى ئىددىيىدە ئازاد بولماي، كونا مۇقامغا يېپىشىپ قالغانلىقىدىنلا بولۇۋاتىدۇ. باشقا جايلار ئاللىقاچان سىناپ كۆرۈپ ئۈنۈمىنىڭ مېغىزىنى چېقىۋاتىدۇ،— دېدى ئىشلەپچىقىرىشقا مەسئۇل خادىم ئاسىمنىڭ سۆزىنى ئۈزۈۋېتىپلا.

— كېنىمىز ۋىلايەت بويىچە چوڭ كان، كونا كان. شۇڭا باشقا كانلار ئۈچۈن ئۈلگە يارىتىپ ئالدىن سىناپ باقايلى،— دېدى بىرەيلەن.

— بىزدە ئۇنداق شەرت پىشىپ يېتىلمىدى،— ئاسىم تەرسالىق قىلىشقا باشلىدى.

— پىشىپ يېتىلمىگەن قانداق شەرتكەن ئۇ؟ — ئىشلەپچىقىرىشقا مەسئۇل خادىم ئاسىمغا ئۇدۇل قاراپ تۇرۇپلا سوئال قويدى.

— يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇۋالساڭلار مەيلى، مەن ئۆز پىكرىمدە قالىمەن، ئەممازە كېيىن بىرەر مەسىلە چىقسا ئۆزۈڭلار مەسئۇل،— دېدى ئاسىم يىغىننىڭ تۈگىگەنلىكىنى ئېيتىپ، ئاندىن ئۇدۇل ئىشخانىسىغا ماڭدى. بۇ ئىشتىن روزى مۇدىرنى يەنە ۋاقىپلاندۇرۇپ قويماقچى بولدى.

— سىناپ بېقىشتا چىڭ تۇرۇۋالغان بولساڭ، قېنى كۆرۈپ باقايلى، دەپ قويۇڭ. ئۇ ئىش توغرۇلۇق ۋىلايەت رەھبەرلىرىدىن يوليورۇق سورىسام، يۇقىرىدىن شۇنداق

قىلىڭلار، دەيدىغان ئۇقتۇرۇش يوق، جايلار ئۆز ئەھۋالىغا ئاساسەن سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇۋاتىدۇ، دەيدۇ، ئىشقىلىپ يولغا قويۇلۇۋېتىپتۇ. شۇڭا بىزمۇ بۇ مەسىلىدە ناھايىتى سەگەك، ئېھتىياتچان بولۇشىمىز كېرەك، قارشى چىقىپمۇ تۇرۇۋالمايلى، ئالدىراپ ئۈزۈل-كېسىل قوللاپمۇ كەتمەيلى. مۇشۇنداقراق تۇرساق ئۆزىمىزگە پايدىلىقتەك تۇرىدۇ،— دېدى روزى مۇدىر ئاسىمنىڭ تېلېفوندىكى گېپىنى ئاڭلاپ ۋە ئاخىرىدا،— كۆسەي ئۇزۇن بولسا قول كۆيمەيدۇ ئەمەسمۇ،— دەپ كۈلۈپ كەتتى.

## 10

كۆمۈرنى كەڭ، ئۇزۇن لىنىيىلىك قىلىپ قېزىش ئۇسۇلى يولغا قويۇلۇۋاتقىنىغا ئالتە ئاي، ئىشىغا قاراپ ھەق ئېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇۋاتقىنىغا تۆت ئاي بولۇپ قالدى. كېيىنكى تۈزۈمنىڭ ئىجرا قىلىنىشىدا تەجرىبىسىزلىكتىن دەسلەپكى چاغلاردا بەزى نامۇۋاپىق بولۇپ قالغان ئەھۋاللار سېزىلدى، پىكىرمۇ كۆپ بولدى. يەنە كاملىنىڭ تەكلىپى بىلەن ھەرقايسى قۇدۇقلاردا قۇدۇق باشلىقى، سېمېنا باشلىقلىرى ۋە گۇرۇپپا باشلىقلىرىدىن بىر گۇرۇپپا تەشكىل قىلىنىپ، ھەر بىر ئىش تۈرى-ھالقىلار بويىچە سەككىز سائەت، بىر ئادەم بىرلىك قىلىنغان ۋەزىپە نورمىسى بېكىتىلدى، بۇنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىشكە پۈتۈن ئىشچىلار قاتناشتۇرۇلدى. كېيىنكى ئايدىن باشلاپ ھەرقايسى قۇدۇق، سېمېنا ۋە گۇرۇپپىلار ئارا شۇنداق بىر تەبىئىي، قىزغىن، ئاجايىپ داغدۇغىلىق مۇسابىقە دولقۇنى كۆتۈرۈلدىكى، گۇرۇپپا باشلىقلىرىنىڭ ئىشچىلارنى ئىشقا قوزغىشىغا، كۆچمە بايراق ھەققىدە تالاش-تارتىش قىلىشلارغا ھاجەت قالمىدى. ئىشچىلار ئارىسىدىلا ھە دېسىلا ئىشقا چىقمايدىغان، يالغان ئاغرىق بولۇپ يېتىۋالىدىغان ئەھۋاللار ئۆزلۈكىدىن تۈگىدى. ئاندا-ساندا كېلىپمۇ كۆمۈرنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ سوتكىلاپ تۇرۇپ كېتىدىغان ماشىنىلار قايسى قۇدۇقتىن كۆمۈر ئالىمەن دېسە كەلگەن ھامان كۆمۈر بېسىپ كېتەلەيدىغان بولدى. كۆمۈرنىڭ سۈپىتىمۇ ياخشىلاندى. كاندىكى بۇ يېڭى دولقۇننىڭ خەۋىرى شوپۇرلار ئارقىلىق يېڭىلىق ئىزدەپ يۈرگۈچى مۇخبىرلارنىڭ قۇلىقىغىمۇ يەتكەن بولسا كېرەك، ھەرقايسى گېزىت، رادىئو ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرلىرى ئۈزۈلمەي كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار ئالدى بىلەن كان پارتكومىغا كېلىشەتتى-دە، ئاساسىي ئەھۋالنى ئىگىلەپ بىرىنچى قول ماتېرىيالغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، بېشىغا چىراغ ئورنىتىلغان بىخەتەرلىك قالپىقى، ئۇچىسىغا ئىش كىيىمى، پۇتىغا قىسقا قونجلۇق ئۆتۈك كىيىۋالغان ئاسىمنىڭ باشلىشىدا ھەر بىر قۇدۇق بېشىنى ئارىلاپ قويۇپ، ئۇنىڭ ۋاگوندا كۆمۈر ئىتتىرىۋاتقان ياكى ۋاگوندىكى كۆمۈرنى تۆكۈۋاتقان ۋە ياكى قۇدۇقتىن مىتىن تۇتۇپ چىقىۋاتقان كۆرۈنۈشتە بىرنەچچە سۈرەت تارتىپ كېتىپ قېلىشتى. بۇنى كۆرگەن ئىشچىلار:

— قاراڭلار، ماۋۇ يالغانچىنى...!

— نەچچە ۋاقىتتىن بولمايدۇ دەپ، ئەمدى گېزىتكە چىقىدىغاندا ئىشنىڭ ئىگىسى بولۇۋالغىنىنى... — دېيىشىپ مۇخبىرلارنى رەڭۋازلىقتا، ئاسىمنى نومۇسسىزلىقتا ئەيىبلەپ قېلىشقانىدى.

مۇخبىرلار كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا «تاشقايىنام كۆمۈركېنىدىكى قايىنام تاشقىنلىق» دەپ چوڭ خەتلىك ماۋزۇ قويۇلغان زىيارەت خاتىرىسى شەكلىدە يېزىلغان ئۇزۇن بىر

ماقالە گېزىتتە بېسىلىپ چىقتى. ئۇنىڭدا ئاسىم «يېتەكلىگەن» پارتكومنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە كاندا ئەۋج ئالغان ئىشلەپچىقىرىش دولقۇنى، ۋەزىپىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى بۇرۇنقى ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى بىلەن سېلىشتۇرۇلغانىدى، گېزىتتە يەنە، ئاسىم ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەۋاتقان كۆرۈنۈشتىن تارتىلغان سۈرەتلەردىن بار ئىدى.

ئۇ ماقالىنى رادىئو ئىستانسىسى بىرقانچە قېتىم ئاڭلاتتى. گېزىتنى كۆرگەن، رادىئودىن خەۋەرنى ئاڭلىغان ئىشچىلار ئىش ئورۇنلىرىدا، ئۆي - ياتاقلىرىدا غۇدۇراشقان بولسىمۇ، يەنە ئۇلار:

— بوپتۇلا، شۇ قاۋان خۇش بولۇپ قالسۇن، بەلكى شۇ باھانە بىلەن يۇقىرىغا ياراپ قېلىپ يۆتكەپ ئەكەتسە، ئۇنىڭدىن قۇتۇلامدۇق قانداق، - دېيىشتى، بەزى ئىشچىلار بۇ ناھەقچىلىقنى ئىمىن مۇدىر بىلەن كامىلغا ئايرىم - ئايرىم ئېيتقاندا، ئۇلار خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا:

— ئىشلىگىنىڭلارغا لايىق ھەق ئېلىشىڭلارغا پۇتاق چىقارمىسىلا مەيلى ئەمەسمۇ، — دەپلا قويدى.

ئىشچىلار ھەر ھالدا ئىشلىگىنىگە يارىشا ھەق ئېلىۋاتاتتى. شۇنچە يىللاردىن بۇيان ھەرقانچە ئىشلىسىمۇ بۇنچىلىك ھەق ئېلىپ باقمىغان ئىشچىلار رازى بولۇشۇپ ئىشقا ئۆزىنى ئۇرۇپ ئىشلەۋېرىشتى. دىگەندەكلا ئاسىمنىڭ ئىنساپى ئۆزۈنغا بارمىدى. بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى قۇدۇق بىلەن ئىككىنچى قۇدۇقنىڭ تۆتىنچى سىمېنىسىنىڭ يەتتىنچى ئاينىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى تەستىقلاشقا سۇنۇلغان ئىش ھەققى مەكاپات كۆرسەتكۈچىنى كۆرگەن ئاسىم قايناپ كەتتى.



— بۇنچىۋالىمۇ پۇل ئالغان بارمۇ؟ مەلۇمات يالغان! ئۆزۈڭلار تەكشۈرۈپ ئۆلچەپ كۆرۈڭلار — دېدى ئۇ مالىيە خادىمىغا.

— ئىش ئورنىنى ئۆلچەشنىڭ ھاجىتى يوق، كۆرسەتكۈچ سېتىلغان كۆمۈر تالونلىرىغا ئاساسەن تولدۇرۇلۇپتۇ.

— تالونغا بەك ئىشىنىپ كەتمەڭ، ئىش ئورۇنلىرىغا مېنىڭ سېلىپ ئۆلچەڭلار، — دېدى ئاسىم تەتۈرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ.

— تالونغا ئىشەنگىلى بولمىسا، تالون بويىچە قىلىنغان نەق كىرىمگە ئىشەنگىلى بولار، — مالىيە خادىمى ئاسىمنىڭ ھەر قېتىملىق ئوخشاش تەتۈرلۈك قىلىشىنى بىلىپ ھېسابات دەپتىرىنى ئالغاچ كىرگەنىدى، دەپتەرنىڭ بىرىنچى، ئۈچىنچى قۇدۇقتا ۋە ئىككىنچى قۇدۇقنىڭ تۆتىنچى سىمېنىسىغا تەۋە بېتىنى ئاچتى، — مانا بۇلار ئۇلارنىڭ يېرىم ئايلىق چىقارغان كۆمۈرىدىن قىلىنغان كىرىم. كىرىم - چىقىم ھېسا-

باتنى قۇدۇقلار ئەمەس، كان مالىيە بۆلۈمى باشقۇرىدۇ، — دېدى ئۇ ئاچچىق بىلەن.

تالاش-تارتىش ئۈستىگە كامىل بىلەن ئۈچىنچى قۇدۇق باشلىقى سەمەت كىرىپ قالدى.

— بولدى، مېتىر سېلىپ ئۆلچەيلى، باشلىقلار ئىشلەپچىقىرىش، مالىيە بۆلۈملىرىنىڭ كادىرلىرى ئۈستىدە تۇرۇڭلار، — دېدى سەمەت ئاسىمنىڭ كۆرسەتكۈچكە ئىشەنمەيۋاتقانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن.

— ھازىرچە ئەسلىدىكى ئىش ھەققىنى تارقىتىپ تۇرۇڭلار، مۇكاپات قىسمىنى ئىش ئورنىنى ئۆلچىگەندىن كېيىن بىر نېمە دەيلى، — دېدى ئاسىم.

— ياق، ئىش ھەققىمىزنى مۇكاپات پۇلى بىلەن بىرگە ئالىمىز، ئەتىلا ئۆلچەڭلار! — سەمەت گېپىنى تۈگىتىپلا ئىشىكنى زەردە بىلەن يېپىپ چىقىپ كەتتى.

— بۇنداق قىلساق ئانچە ياخشى بولماسمىكىن، — دېدى كامىل دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ تۇرۇپ.

— ھە، نېمىشقا ياخشى بولمايدىكەن؟

— كېنىمىزنىڭ شارائىتى، ئۈسكۈنە-سايمان بىلەن تەمىن ئېتىلىشى ناچار. ئىككىنچى قۇدۇقنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئىشچىلارنىڭ كۈنلۈك ۋەزىپىسى ئېغىر، ئەمما ئىش ھەققى ئىنتايىن تۆۋەن بولۇپ كەلگەن، ھەر قانچە تىركەشسىمۇ قولىغا تۈزۈك پۇل تەگمىگەن. ئاقىۋەتتە ئىشچىلار ئىشتىن، ھەتتا كاندىن بەزىنىپ، روھى چۈشۈپ كەتكەن. ئىشقا چىققانلار چىقىپ، چىقمىغانلىرى بىلەن كاننىڭ كارى بولمىغان. چىققانلىرىمۇ كۆرۈنۈشكىلا چىقىپ، ئىش ئىلگىرى باسمىغان، بۇنىڭغا قارىتا تۈزۈك بىر ياخشى چارە قوللىنىلمىغاچقا، ئىش ئۈنۈمى كۈندىن-كۈنگە تۆۋەنلەپ كېتىپ، دۆلەتكە پايدا يەتكۈزۈش تۈگۈل ئۆزىنىمۇ باقالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغان. بۇنىڭ بىلەن ئىشچىلارنىڭ روھى، غەيرىتى تېخىمۇ بوشاپ كەتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا بىز يېڭى ئىش ھەققى چارىسىنى يولغا قويۇۋىدۇق، ئىشلەپچىقىرىش ئىلگىرىدە ئۆرلەپ، ئەمدىلا ئۆزىمىزنى ئوڭشۇۋېلىش ئىمكانىيىتى يارىتىلىۋاتقاندا بۇ چارىنى ئەمەلدىن قالدۇرساق، ئىشچىلار لەسسىدە بوشاپ، كۆمۈرنىڭ چىقىشى ھازىرقى سەۋىيىدىن چۈشۈپ كېتەمسىمۇ؟!

— تۆۋەنلەپ كەتسە، سىلەر نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەم؟

— ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، مېنىڭ ۋەزىپەم قۇدۇق ئىشلىرىغا تېخنىكىلىق جەھەتتىلا يېتەكچىلىك قىلىش. ئىشچىلارنى ئىشقا ئۇيۇشتۇرۇش، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەرخىل چارە-تەدبىرلەرنى تېپىپ چىقىش ھەرقايسىڭلارنىڭ، ئالدى بىلەن سىزنىڭ، ئىمىنكامنىڭ ۋەزىپىسى. ھېلىمۇ ياخشى ئىمىنكام بار ئىكەن...

— ئىمىنكاك قۇدۇققا چۈشۈشنىلا بىلىدۇ، سىياسەت دېگەن نەرسىنى بىلمەيدۇ. شۇڭا سېنىڭ تەكلىپىڭنىڭ قانداق سىياسىي ئاقىۋەتكە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بىلمەيلا قوللىغان.

— توغرا، تەكلىپنى مەن بەردىم، بىرىنچى بولۇپ ئىمىنكام قوللىدى. مەمۇرىيەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ۋە پارتكومنىڭ يىغىنىدا ماقۇللىنىپ، چوڭ يىغىندا ئۆزىمىز ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇ قارارىدىن يېنىۋالىمىز دېسەك، يەنە شۇنداق يىغىن ئېچىپ كۆپچىلىكنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈش كېرەك،— دېدى كامىل. ئۇ يەنە ئەنە شۇ ياخشى چارىنىڭ شاراپىتىدىن گېزىتتە رەسىمىڭىز بىلەن چىقىپ ماختىنىۋالدىڭىز، ئۇ چاغدا خاتا ئەمەس، ئەمدى خاتا بولۇپ قالدىمۇ، دېمەكچىدى، دېمىدى.

ئاردىن يېرىم ئاي ئۆتۈپ كەتتى. يا ئىش ئورنى ئۆلچەنمىدى، يا ئىش ھەققى، مۇكاپات پۇلى تارقىتىلمىدى. بىرىنچى قۇدۇق مۇكاپات پۇلى بىلەن بىرگە ئالىمىز دەپ ئىش ھەققىنى ئالغىلى ئۇنىمىغاندىن كېيىن باشقىلارمۇ ئالمىدى. ئالغانلىرى كۆپ پۇلنى ساقلاشتىن قورقۇپ، يەنە مالىيىگە قايتۇرۇپ بەردى.

ئىشچىلار ئارىسىدا غۇلغۇلا، نارازىلىقلار بارغانسېرى كۈچەيدى.

— گېزىتتە ھەممە ياخشى ئىشنى ئۆزى قىلغان بولۇپ چىقىۋالدۇ، ئەجەب پۇل بېرىدىغاندا يېنىۋالدىكىنا؟! ئۇ قاۋان ئەمەس، كەينىگە جىيغايدىغان تۆگىكەن، تۆگە.

— گېزىتتە بۇ «ئىشلەپچىقىرىشنى ئۆرلىتىشنىڭ ياخشى چارىسى» دەپتىغۇ، ئۇ گېزىت كۆرمەمدىكىنا!

غۇلغۇلا، پاراڭ ئۇلغايغانسېرى نارازى كەيپىياتنى تېخىمۇ ئېچىتىپ، ئىشچىلارنىڭ قورسىقى كۆپۈشكە باشلىدى. بولۇپمۇ ئۈچىنچى قۇدۇق ئىشچىلىرى ئىمىن بىلەن كامىلنىڭ توسقىنىغا قارىماي بەلگىلىمىدىكى ئىش ھەققى بىلەن مۇكاپات پۇلىنى تەلەپ قىلىپ كان ئىشخانا بىناسى ئالدىغا توپلىنىپ كېلىۋالدى. بۇنى ئاڭلىغان باشقا قۇدۇقتىكى ئىش نۆۋىتى كەلمىگەن ئىشچىلارمۇ بىر-بىرلەپ كېلىپ قوشۇلۇشتى. كۆمۈرگە ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان ماشىنا، تىراكتور شوپۇرلىرى ماشىنا-تىراكتورلىرىنى توختىتىپ قويۇپ، بەزىلىرى يېقىندا، بەزىلىرى يىراقتا قاراپ تۇرۇشتى. بۇ كۆرۈنۈش سىرتتىن قارىغان كىشىگە بۇ يەردە بىرەر چوڭ غەۋغا كۆتۈرۈلگەن ئوخشايدۇ، دېگەن تەسىراتنى بېرەتتى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئادەم، گەپ ئۇلغايغىلى تۇردى.

— بولدى. سىلەر ئىشىڭلارغا بېرىۋېڭلار، ئەتىلا ئۆلچەيلى،— دېدى ئىشنىڭ يوغىناپ كېتىشىدىن قورققان ئاسىم بىنا دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا چىقىپ.

ئىشچىلار ئۇنى دېيىشىپ، بۇنى دېيىشىپ، تارقاشتى. ئاسىم بىناغا كىرىپلا ئىشخانا مۇدىرىغا:

— چۈشتىن كېيىن پارتكوم ۋە مەمۇرىيەتنىڭ بىرلەشمە يىغىنىنى ئاچىمىز، مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرگە تېز ئۇقتۇرۇش قىلىۋېتىڭ،— دېدى.

يىغىنغا كېلىدىغانلار كۆپ بولمىسىمۇ، ئىش ئورنى تارقاق بولغاچقا، ئۇلار خەۋەر تېپىپ كېلىپ بولغىچە سائەت تۆت بولۇپ قالدى. ئاسىم جىددىي قىياپەتتە سۆز باشلىدى.

— مەن باشتىلا پۇلنى گەۋدىلەندۈرسەك بولمايدۇ، دېگەنىدىم، ئېيتقىنىمدەك بولدى. ئىشچىلار پۇلنىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىپ پارتىيە سىياسىتىنى بىر چەتكە قايرىپ

قويۇپ، ئالتوپىلاڭ كۆتۈرۈشكە باشلىدى، ھازىر ئوچۇقتىن-ئوچۇق كان پارتكومىغا قارشى چىقىش بولۇۋاتىدۇ، بۇ پارتىيىگە قارشى چىققانلىق دېگەن گەپ. بۇنىڭدا بەزى كىشىلەر پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ قۇتراتقۇلۇق قىلىۋاتىدۇ،— ئۇ كامىلغا شۇ سەن، دېگەندەك قىلىپ قاراپ قويىدى،— بۇ جاۋابكارلىق چوقۇم سۈرۈشتە قىلىنىدۇ، توپىلاڭنىڭ پىلانىنى پىلانلىغۇچىسىنى چوقۇم تېپىپ چىقىمىز!

— بىر قۇدۇقنى سۇغا باستۇرۇۋېتىپ، جاۋابكارلىقنى باشقا بىرسىگە ئارتىپ ئۇنى ئۆچۈرۈۋېتىشنى پىلانلىغان سۇيىقەستچى سۈرۈشتە قىلىنماي، ئىشچىلار نەچچە يۈز مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى كۆمۈرلۈكتە جېنىغا كېلىپ تۇرىدىغان خەۋپ-خەتەر ئاستىدا چاڭ-توزان يەپ، جاپا تارتىپ ئىشلەپ ياراتقان مەھسۇلاتىغا مۇناسىپ ھەققانى ئىش ھەققىنى تەلەپ قىلسا، بۇنىڭ جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىنىدىكەنا!؟— كامىل ئورنىدىن قوزغالماي، ئولتۇرغان پېتى ئاسىمنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، ئۇ ئەمدى ئاياپ ئولتۇرغۇچىلىكى قالمىدى، دەپ ئويلىغانىدى،— سىز ھېلى ئىشچىلار «كان پارتكومىغا قارشى چىقتى، بۇ پارتىيىگە قارشى چىققانلىق» دېدىڭىز، يېڭى ئىش ھەققى چارىسىنى كان پارتكومى قارار قىلغان. ئۇنى ئىجرا قىلماسلىققا توغرا كەلسە يەنىلا كان پارتكومى قايتا مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلىشى كېرەك ئىدى، لېكىن سىز پارتكومنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۇ قارارنى ئۆزىڭىزلا بۇزدىڭىز. ئىشچىلار كان پارتكومىغا ئەمەس، سىزگە نارازى، مەن سىزدىن سوراي، ھەممە ئىشتا ئۆزىڭىزنى كان پارتكومىغا ۋەكىللىك قىلىمەن، دەپ ھېسابلامسىز؟

— نېمە دېمەكچىسەن؟ سېنىڭ پارتكومنىڭ قارارلىرى توغرىسىدا ئۇنداق-مۇنداق پىكىر قىلىش ھوقۇقۇڭ يوق.

— شۇنداق، مېنىڭ پارتكومنىڭ قارارلىرىغا قوشۇلۇش-قوشۇلماسلىق سالاھىيىتىم يوق، لېكىن بۇ يىغىن مەمۇرىي خاراكتېر ئالغان يىغىن، مەن يىغىنغا سىزنىڭ ئوقتۇرۇشىڭىز بويىچە قاتنىشىۋاتىمەن. دېمەكچىمەنكى، سىز سۇ قۇدۇق مەسىلىسىنىمۇ كان پارتكومىغا ۋەكالىتەن قىلدىڭىزما؟

ھېچكىم كامىلنى مەسىلىنى بۇنچىلىك كەسكىن، ئوچۇق، جىددىي قىلىپ قويىدۇ، دەپ ئويلىمىغانىدى. بولۇپمۇ ئىمىن مۇدىر ئۇنىڭ ھازىرقى يۈز خاتىرىسىز كەسكىنلىكىگە ھەيران قالدى. ئىچىدە بارىكاللا ئوقۇدى، سەمەت ئىچىدە «تازا رەسۋا بولدۇڭغۇ قاۋان» دەپ قويىدى. سايىممۇ كامىلنىڭ ئاغزىغا تىكىلىپلا قالدى. ئاسىم بولسا تىكەنگە دەسسىۋالغاندەك قىمىرلاپ ئولتۇرالماي كەتتى، بۇغداي ئۆڭ چىرايى قارىداپلا كەتتى، مەجلىسخانىنى سۈرلۈك جىملىق قاپلىدى.

— ئەگەر مۇكاپات تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرىمىز دېسەك، بۇ بۇندىن كېيىنكى ئىش،— ئىمىن مۇدىر جىددىيلىكنى پەسەيتىش ئۈچۈن تەمكىن تۇرۇپ يۇمشاق ئىبارە بىلەن سۆزلىدى،— ئالدى بىلەن بۇرۇنقى قارارىمىز بويىچە ئىشچىلارنىڭ ئۆتكەنكى ئىش ھەققى، مۇكاپات پۇلىنى بېرىۋېتىپ، ئاندىن يېڭى قارار چىقارساق، كۆپچىلىك ماقۇللىغان قارارنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن بۇزمىساق!

www.uyghurkitap.com



— قارارنى كىم ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن بۇزۇپتۇ؟ بىز ئۇنى سىناق تەرىقىسىدە يۈرگۈزۈپ باقتۇق. ھازىر ئىشچىلار پۇلىنىڭ كەينىگە كىرىپ باشقا بىر يولغا مېڭىشىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇنى ۋاقتىدا توسمىساق بولمايدۇ، — ئاسىم «كاپىتالىزم يولى» غا دېمەكچى ئىدى، گەپىنىڭ بەك چوڭ بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتتى-دە، تىلىنى تارتتى.

— مانا ماۋۇ كېيىنمىز توغرىلىق ھېلىقى ماقالە بېسىلغان گېزىت، ماقالىدا كېيىنمىزدا يولغا قويۇلغان مۇكاپاتلىق ئىش ھەققى تۈزۈمىنىڭ ياخشىلىقى كۆرسىتىلگەندىن باشقا، بېشىغا بېرىلگەن «تەھرىر سۆزى» دە بۇ چارىنىڭ ئەۋزەللىكى، كېڭەيتىشكە بولىدىغانلىقى ئالاھىدە تەكىتلەپ، كۆرسىتىلىپتۇ، — سەمەت گېزىتنىڭ بىرىنچى بېتىنى كۆپچىلىككە ئېگىز كۆتۈرۈپ كۆرسەتتى، — گېزىتنى بىرلىكتە ئوقۇپ باقساق.

— گېزىتكە چىقىپتۇ، دەپ ئۇنىڭدىكى ھەممە گەپكە ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ، — دېدى ئاسىم كۆپچىلىكنىڭ ئوقۇيلى، دېيىشىدىن ئەندىشە قىلىپ ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ھاپىلا-شاپىلا.

— ئۇنداقتا باشلىقنىڭ ئۇ ئۇسۇلنى «بىرىنچى بولۇپ قوللاپ، ئۆزى بىۋاسىتە تۇتۇپ يولغا قويغان» لىقىنىڭ يالغانلىقى راست بولۇپ قالدى-دە، — دېدى مەجىت باقى مەسخىرىلىك كۈلۈپ تۇرۇپ.

كۆپچىلىكمۇ پىخىلدىشىپ كۈلۈپ كېتىشتى. بۇ كۈلكىلەر ئاچچىق مەسخىرە بىگىزى بولۇپ ئاسىمنىڭ يۈرىكىگە سانجىلغاندەك بولدى. يىغىن ئاچىمەن دەپ بۇلارنى چاقىرىپ قويغىنىغا پۇشايمان قىلدى. «كاننىڭ پارتىيە، مەمۇرىي ئىشلىرىغا مەن مەسئۇلغۇ، بۇلارنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرۇشقا نېمە بوپتىكەن؟» ئۇ شۇنداق ئويلىدى-دە، ھوقۇقنى ئىشقا سالدى:

— كاننىڭ ھەرقانداق ئىشىدا ئەڭ ئاخىرقى قارارنى چىقىرىش مېنىڭ ئىشىم. چۈنكى يۇقىرىنىڭ ئالدىدا مەن جاۋابكار بولىمەن. ھازىرقى خاتا يولغا سۆكۈت قىلىشقا بولمايدۇ، شۇڭا ھېلىقى سىناق ئىشىنىڭ قارارى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. مۇكاپات بېرىلمەيدۇ، يىغىن ئاخىرلاشتى، — ئۇ گېپىنى دەپ بولۇپلا قەلەم، خاتىرىسىنى يىغىشتۇرۇپ ئورنىدىن تۇردى...

## 11

ئاسىم نېمىسىگە ئىشىنىپ ئۆز بېشىمچىلىق قىلىدۇ؟ ھوقۇققا ئىشىنىپمۇ؟ بۇ ئىشەنچ باشقا نەرسە ئەمەس، يۇقىرىدا روزى مۇدىردەك ئوخشاش نەپەس، ئوخشاش خاھىشتىكى يۆلەنچۈكلىرى باردۇ. ئۇنداق بولمىسا ئىشچىلارنىڭ ئىككى قېتىملىق خېتىنىڭ بىرەرسىگىمۇ تۈزۈكرەك جاۋاب كەلمەسمىدى. ياق! ھوقۇق ئويۇنچۇق ئەمەس. خەلق بۇنداق ئادەملەردىن ھامان بىر كۈنى ھېساب ئالىدۇ!

— كاملىكا، نېمە بولدى؟ ئارتۇق ئىشلىگەن ھەققىمىز بىلەن مۇكاپات پۇلىمىزنى بېرىدىغان بولدىمۇ؟ — كۆمۈرنى تۆكۈپ بولۇپ، بوش ۋاگوننى ئىتتىرىپ كېلىۋاتقان

ياش بىر ئىشچى سورىدى. كامىل شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ قۇدۇق بېشىغا كېلىپ قالغانلىقىنى بىلدى.

— ھېچنېمە بولمىدى، ئۇكام، — كانىغا كەلگەندىن بۇيان كۆرگەن-بىلگەنلىرىنى پىتكىر تارازىسىدا ئۆلچەپ كېلىۋاتقان كامىل ياش ئىشچىنىڭ سوئالىغا قىسقىلا جاۋاب بەردى-دە، ئۇلۇغ-كىچىك تىنىۋېتىپ قۇدۇققا چۈشۈپ كەتتى.

ئىشچىلارنىڭ سوۋۇپ قېلىۋاتقان قىزغىنلىقىغا ئۈستىلەپ مۇز تاشلاندى. چىقىۋاتقان كۆمۈر كۆرسەتكۈچى شاپپىدە پەسلەپ كەتتى. بۇنىڭغا ئىمىن، كامىل ھەم سەمەت، مىجىت باقىلار چىدىيالمىدى. ئىشچىلار ئارىسىدا غۇلغۇلا-نارازىلىقلار يەنە ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى.

— بۇرۇن سۇ قۇدۇق مەسىلىسى ۋە ھېلىقى يېغىن توغرىلىق يۇقىرىغا خەت تۇتىمىز دېسەڭلار توسقانىدىم، ئەمدى يازساڭلار بىرىنچى بولۇپ مەن قول قويىمەن، — دېدى ئىمىن تاقەتسىزلىنىپ تۇرغان قۇدۇق، سېمېنا باشلىقلىرى ۋە ئىشچىلارغا. — خەتنى يەرلىك پارتكوم شۇجىلىرىغا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا ئەۋەتەڭلار. بۇ قېتىمقى خېتىڭلارغا كۆڭلۈڭلاردىكىدەك جاۋاب بېرىلىشىگە ئىشىنىمەن، ئۈمىد بار.

قۇدۇق باشلىقلىرى، ئىشچىلار ئىمىن مۇدىردىن سۆيۈنۈپ كېتىشتى ۋە شۇئان خەت يېزىشقا تۇتۇندى. خەت يېزىلدى، خەتتە ئاسىمغا مۇناسىۋەتلىك كونا-يېڭى مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى يېزىلدى. خەت مەزمۇن يېقىدىن ئاسىمنى پاش قىلىش خاراكتېرىدە بولدى. خەتتە يەنە بىر مەزگىل يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ئىشلەپچىقىرىش دولقۇنىدا كامىل بىلەن ئىمىن مۇدىرنىڭ ئوينىغان رولى ئالاھىدە كۆرسىتىلىپ، ئىشچىلارنىڭ ئۈمىد-تەلىپىمۇ يېزىلغانىدى.

— خەتنىغۇ ئوبدان يېزىپسىلەر، ئەممازە ئىشلەپچىقىرىشىمىزنىڭ يۇقىرى ئۆرلىشىدە كامىلنىڭ ئوينىغان رولى بىلەن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىگىنىنى يازماپسىلەر. ئۇنىڭ سىلەر ئۈچۈن قانچىلىك غەم يەپ، جاپا چەككىنىنى ئۇنتۇپ قاپسىلەر. بۇ تەرەپىنىمۇ قالدۇرماي يېزىش كېرەك ئىدى، — دېدى ئىمىن خەتنى كۆرۈپ بولۇپ. سەمەت، مىجىت باقى بىر-بىرىگە مەنىلىك قاراپ قويۇشتى.

— ئۇنىمۇ يازىمىز، يازماي كۆڭلىمىز ئۇنامدۇ، ئاسىم توغرىسىدا يازغانلىرىمىز بوپتىمۇ؟ — مىجىت باقى سورىدى.

— ئوبدان بوپتۇ دېدىمغۇ، تېز ماڭدۇرۇۋېتىڭلار. بىر نۇسخىسىنى ھېلىقى ماقالىنى باسقان گېزىتكىمۇ ئەۋەتىپ بېرىڭلار. سىلەرگە دەيدىغىنىم ئىرادەڭلارنى بوشاشتۇرماي ئىلگىرىكىدەكلا قاتتىق ئىشلەڭلار. ئارتۇق ئىش ھەققىڭلار، مۇكاپات پۇلۇڭلار چوقۇم ھەل بولىدۇ. ھەل بولۇشىغا ئىشىنىڭلار، ھەممىنى قوشۇپ ئالىسىلەر. بۇنى ئىشچىلارغا بىزمۇ دەيلى، سىلەرمۇ دەڭلار، — دېدى ئىمىن مۇدىر.

ئىشچىلار ئىمىن بىلەن كامىلغا ئىلگىرىمۇ ئىشەنگەن، ھازىرمۇ ئىشەنچىسىنى بوشاشتۇرۇپ قويغىنى يوق. «ئۇلار بىزنىڭلا غېمىمىزنى يەيدۇ، بىزگە ھەرگىز يالغان سۆزلىمەيدۇ. بىزنى ئالدىمايدۇ.» ئىشچىلار شۇنداق سۆزلەر بىلەن ئۆز ئارا بىر-بىر-

گە مەددەت، تەسەللى بېرىشىمۇ، ئىش يەنە يۈكسىلەلمىدى، بەلكى باشلىنىشى ئېتىۋېتىلگەن سۇ بارغانسېرى ئازلاپ، ئېقىشى ئاستىلىغاندەك، ئىشنىڭ ئۈنۈمى كۈندىن-كۈنگە تۆۋەنلىگىلى تۇردى.

ئىشچىلار يۇقىرىغا خەت يازغان كۈنى ئاخشىمى ئىمىن مۇدىر ئۆيىدە ئۇزاق ئويلاندى. بۇ قېتىمقى خەتنىڭ چوقۇم رولى بولىدۇ. ئاسىمنى يۆتكىۋېتىشى مۇمكىن. ناۋادا يۆتكەلمەي قالسىچۇ؟ مەن بىر تەرەپتىن ياشىنىپ قالدىم، يەنە بىر تەرەپتىن كان باشلىقى بولۇپ تۇرۇۋەرگۈدەك بىلىم، قابىلىيەت مەندە يوق. دەقىيانۇس زامانىدىكى تەجرىبە بىلەنلا ئىش كۆرىدىغان زامان كەتكەن. ئەڭ ياخشىسى، ئورنۇمنى كامىلدەك ئىقتىدارلىق، جىگەرلىك يىگىتكە بوشىتىپ بېرىشىم لازىم. ئاسىم كاندا قېلىۋەرگەن ھالەتتىمۇ ئۇنىڭغا كامىل تېتىيدۇ، ئىككى ئېغىز گەپنى جايىدا قىلالايدۇ. ئۇ بىلمىگەننى كامىل بىلىدۇ، ئەمما كامىل بىلگەننى ئۇ بىلمەيدۇ. كان ئىشىدىن قىلچە ساۋاتى يوق. بۇ جەھەتتە كامىلنىڭ ئاغزىغا قارىماي ئامالى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە كامىلنىڭ ئالدىدا تىلى تۇتۇق ... ئۇ شۇلارنى ئويلىدى-دە، ئۆزىنىڭ بالدۇرراق پېنسىيىگە چىقىش تەلىپى بىلەن كامىلنى كان باشلىقى قىلىپ ئۆستۈرۈشنى ئويلىشىپ كۆرۈش توغرىسىدا يۇقىرىغا خەت يازدى. خەتنى ئەتىسىلا يەرلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىگە ئۆز قولى بىلەن ئاپىرىپ بەردى.

ئارىدىن بىرەر ئايدەك ۋاقىت ئۆتكەن بىر كۈنى ئەتىگەن سائەت 10 لاردا كاننىڭ خىزمەت بىناسى ئالدىغا بىر جىپ كېلىپ توختىدى. تېخى جىپنىڭ ئىشىكى ئېچىلماي تۇرۇپلا ئاسىم بىلەن كان پارتكوم ئىشخانا مۇدىرى ماشىنىنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى. ماشىنىدىن چۈشكەن ئۈچ كىشىنى قىزغىن كۆرۈشۈپ ئىشخانىسىغا باشلاپ كىرىپ كېتىشتى.

— كاننىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ۋە باشقا ئەھۋاللىرىنى ئۇقۇشۇپ كۆرەيلى، دەپ كەلدۇق، — دېدى كەلگۈچىلەردىن كەپكە كىيىۋالغان سېمىزرەك كىشى.

— ئەھۋال تونۇشتۇرۇشنى قانداق دائىرىدە قىلىمىزكى؟ — ئاسىم كەلگەنلەرنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باقماقچى بولۇپ سورىدى. ئۇ ئەھۋال ئىگىلىگىلى كەلگەنلەرنى كۆپ كۆرگەن. ئەگەر رەسمىيەت ئۈچۈنلا كەلگەن بولسا ئۆزىنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلاپلا بولدى قىلىدۇ. باشقىچە بولسا مەقسىتىنى ئايان قىلىدۇ، دەپ ئويلىدى. كەلگەنلەرنىڭ ئىككىسى ئۇنىڭغا تونۇشلۇق: بىرسى يەرلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىدىكى پىچىقى كېسەر مۇھىم خادىم، ئۇيغۇرچىنى سۇدەك بىلىدىغان جاڭ، يەنە بىرسى ۋالىي مەھكىمە ئىشخانا مۇدىرى خالىق. بۇ سېمىز كەپكىلىكى كىمكى؟ روزى مۇدىرمۇ ئۇنىڭ كىملىكى توغرىسىدا ئېنىق بىر نەرسە دېمىدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومدىن كەپتۇ، دەپلا قويدى. تۈنۈگۈن خىزمەتتىن چۈشەرگە يېقىن روزى مۇدىر ئاسىمغا تېلېفون بېرىپ، بۈگۈن بىرنەچچە كىشىنىڭ كانغا كېلىدىغانلىقىنى، ئۇلارغا ئەھۋالنى پەملەپ تونۇشتۇرۇشنى، مۇمكىن بولسا ھېلىقى بىرنەچچە كىشى بىلەن ئۇچراشتۇرماسلىقىنى، «سەگەك» رەك بولۇشنى تاپىلىغانىدى. شۇڭا ئۇ ئەتىگەندىن باشلاپلا ئىشخانىسىدا دېرىزىدىن يولغا قاراپ تۇرغانىدى.

— ئالدى بىلەن ئۆزىڭىز تونۇشتۇرۇپ بېقىڭ، — دېدى كەپكىلىك كىشى.

ھە، بۇلارمۇ بۇرۇنقىلارىغا ئوخشاش رەسمىيەت ئۈچۈنلا كەلگەندەك قىلىدۇ. ئاسىم خۇش بولدى، لېكىن «ئالدى بىلەن» دېگەن سۆز يادىغا كېلىپ چىرايى سەل ئۆزگەردى. باشقىلاردىنمۇ سوراپ كۆرىدىغان ئوخشىمامدۇ؟

ئاسىم كاننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ سانىنى دەپ بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. ئېيتىلغان سان-سىفىرلار ئالدىنقى يېرىم يىلنىڭ بولۇپ، كېيىنكى ۋە ھازىرقى سانلارنى دېمىدى. سۇ قۇدۇق مەسىلىسى بىلەن ئىشچىلارنىڭ «پۇل دەۋاسى» قىلىپ تۇرۇۋالغانلىقى توغرىسىدا زادىلا ئېغىز ئاچمىدى.

— بۇ سان-سىفىرلار قاچاندىن قاچانغىچە؟ — دەپ سورىدى كەپكىلىك كىشى.

— ئالدىنقى يېرىم يىلدىكى سانلار، كېيىنكى ئىككى ئايلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى تېخى خۇلاسىلەنمىدى.

— بىز تۆۋەندىكىلەر بىلەنمۇ سۆھبەتلىشىپ باقساق، ھەرقايسى قۇدۇق، سمېنا باشلىقلىرى ۋە ئىشچىلاردىن بولۇپ ئوندەك ئادەم يىغىپ بەرسىڭىز، — دېدى كەپكىلىك كىشى.

ئاسىمنىڭ باياتىن پوكۇلداپ تۇرغان يۈرىكى جايىغا چۈشتى. «ئۇلايا شۈكرى، ئەھۋال ئىگىلەيدىغان ئادەملىرىنى مەن يىغىپ بەرگۈدەكمەن.»

— ئادەملەرنى ھازىرلا يىغىپ بېرەمدۇق ياكى...

كەپكىلىك كىشى سائىتىگە قاراپ قويۇپ دېدى:

— ئادەملەر يىغىلىپ بولغىچە چۈشمۇ بولىدۇ، چۈشتىن كېيىنلا سۆزلىشەيلۇق.

— ئىمىن مۇدىرمۇ قاتناشسۇن، — دېدى تەشكىلات بۆلۈم خادىمى جاڭ.

— شارائىتىمىز دېگەندەك ياخشى بولمىغاچقا، ئاشخانىمىزنىڭ تامىقى سەل ناچارراق، ئارام ئالغاچ چۈشلۈك تاماقنى بىزنىڭ ئۆيدە يەيلى، — دېدى ئاسىم. تۈنۈگۈن بۇلارنىڭ كېلىشىدىن خەۋەر تېپىپلا تاماق مەسىلىسىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ تەييارلىقمۇ قىلىپ قويغانىدى.

— ئاشخانىنى كۆزدىن كۆچۈرگەچ شۇ يەردە يەيلى، كاننىڭ مېھمانخانىسى باردۇ؟ — دېدى كەپكىلىك كىشى.

بۇلار قونامدۇ قانداق؟ ئاسىم ئويلاپ قالدى. ئاندىن ئۇ ئىشخانا مۇدىرىنى بىر چەتكە تارتىپ چۈشتىن كېيىنكى سۆھبەت يىغىنىغا چاقىرىدىغان ئادەملەرنى دەپ بېرىپ، ھازىرلا ئاشخانىغا بېرىشنى تاپىلىدى. ئاسىم ئىلگىرىكى تەجرىبىسى بويىچە ئىككى قوللۇق تەييارلىق قىلىپ، ئەتىگەن ئاشخانىغا كىرىپمۇ ئۈلگۈرگەنىدى.

چۈشتىن كېيىنكى سۆھبەت يىغىنى ئىككى سائەتكە يېقىن داۋام قىلدى. سۆھبەتتىكى گەپ-سۆزلەر ھەر ھالدا ئاسىمنىڭ كۆڭلىدىكىدەك بولدى. سۆھبەتكە تەكلىپ قىلىنغان ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاسىمنى كادىرجاڭ، شۇجى دېيىشىپ،

ئىشلەپچىقىرىش ۋە بىخەتەرلىكتىن تارتىپ تۇرمۇشقىچە ئۇنىڭ بىۋاسىتە قول سېلىپ چىڭ تۇتقانلىقىنى ئېيتىشتى. پىكىرلەر ھەم قىسقا، ھەم بىرىنىڭكىنى بىرى تەكرارلاشلا بولدى. بۇ يىغىندىمۇ 7-، 8-ئايلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى، سۇ قۇدۇق مەسىلىسى ھەم «پۇل دەۋاسى» توغرىسىدا ھېچنەرسە دېيىلمىدى. ئاسىمنىڭ ئەندىشە قىلىدىغىنى ئىمىننىڭ كامىل، سەمەت ۋە مەجىت باقىلارنىڭ چاقىرىلمىغانلىقىدىن ئېغىز ئېچىپ قېلىشى ئىدى. ئەمما ئىمىن مۇدىر سۆھبەتتە باشتىن-ئاخىر ئېغىز ئاچماي خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى. ئۇمۇ كەلگەنلەرنىڭ غەرىزىنى بىلىپ بېقىپ بىر نېمە دېمەكچى ئىدى، لېكىن بىلەلمىدى. كەلگەنلەرمۇ ئۇنىڭدىن گەپ سوراپمۇ قويمىدى. بۇلارمۇ ئاسىم بىلەن بىر سەنەمگە دەسسەيدىغانلاردىن ئوخشايدۇ. ئەمما ئاردا بولغان بىر سۆز ئىمىنىمۇ، ئاسىمنىمۇ ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئىككىنچى قۇدۇقتىن كەلگەن بىر سىمېنا باشلىقى سۆھبەت يىغىنىغا كامىل، سەمەت ۋە مەجىت باقىلارنىڭ قاتناشماي قالغانلىقىنى پوسوقىدە چىقىرىپ قويدى.

— ئۇقتۇرۇش قىلىنغان، بۇنىدىن كېيىن كېلىپ قالار، — دەپ قويدى كان پارتكوم ئىشخانا مۇدىرى.

— ئۈچىنچى قۇدۇق باشلىقى سەمەتما؟ — دەپ سورىدى كەپكىلىك كىشى خاتىرىسىنى ۋاراقلاپ كۆرۈپ.

«ئۇنى قانداق بىلىدىغاندۇ؟» ئاسىمنىڭ يۈرىكى ئاغقاندەك بولدى. ئىشچىلارنىڭ ئەرزىدىن بۇ كىشىنىڭ خەۋىرى بار ئوخشايدۇ، دېدى ئىچىدە ئىمىنمۇ، سەمەتنىڭ يېزىلغان خەتنىڭ ئاخىرىغا ئۆز ئىسمىم، ئادرېسىنى يېزىپ قويغانلىقىنى ئۇ بىلەتتى.

بۇرۇن كانغا ئەھۋال ئىگىلىگۈچىلەر، ئۇقتىدا تۇرغۇچىلار كۆپ كەلگەن. بەزىلىرى بىرەر سائەتلا تۇرسا، بەزىلىرى ئىككى-ئۈچ كۈن، ھەپتە-ئايلار ھەتتا يىللاپمۇ تۇرغان، قاتلام دەرىجىلەر بويىچە تۇركۇملەپ سۆھبەت يىغىنلىرى ئاچقان، ئارىلاپ قۇدۇققا (ئاساسەن ئىككىنچى قۇدۇققا) چۈشۈپ، ئىشچىلار ئارىسىغا «چۆكۈپ»مۇ باققان، لېكىن كان ئىشلىرىدا ئىشچىلارنىڭ ئۈمىد-ئارزۇ قىلغىنىدەك بىرەر ئۆزگىرىش ئالامىتى كۆرۈلمىگەن. يەنىلا «ئاتام ئېيتقان بايىقى» بويىچە بولۇۋېرەتتى. «ئەھۋال ئىگىلىگۈچى» ۋە «تەكشۈرگۈچىلەر» كۆپىنچە باش كۆز مەزگىللىرىدە كېلەتتى-دە، ئالدى بىلەن ئۆزلىرىگە، ئاندىن باشلىقى، ھەم ئۇرۇغ-تۇغقان، يېقىنلىرىغا كۆمۈرنى كۆڭلىدىكىدەك تاللىتىپ-تاشقىتىپ بىرەر ماشىنىدىن ماڭدۇرۇۋېتىپلا خىزمەتنى تۈگىتەتتى. شۇڭا بۇنداق كېلىپ-كېتەرلەرگە ئىشچىلار ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەيتتى. «كادىر كەپتۇ دېسە، كۆز بولدى، قىش كېلىدۇ ئەمەسمۇ» دېيىشىپ قوياتتى. ئەمما بۇ قېتىمقىلارنىڭ كېلىشى ئىشچىلارغا سەل باشقىچىرەك بىلىندى. بۇ تېخى كۆمۈر ئېلىشقا ئالدىرايدىغان چاغ ئەمەس، بىرسى ئۈرۈمچىدىن كەپتۇ. يازغان ئەرزنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغىلى كەلدىمىكىن دېسە، ئۇنداق پۇراق يوق. كېلىپلا ئاسىمنىڭ ئاغزىغا قارىدى. سۆھبەت يىغىنىغا چاقىرىلغانلارمۇ ئىمىندىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ «ھە-ھۇچى» لىرى. بۇلارنىڭ پائالىيىتىمۇ سۆھبەت يىغىنىچە بو-

رۇنقىلارنىڭ ئىزىدا مېڭىپ، بىر مۇقامغا دەسسىگەندەك ئۆتتى.

سۆھبەت يىغىنىدىن كېيىن ئەھۋال ئىگىلىگۈچىلەر كان مېھمانخانىسىدىكى بىر ياتاقتا ئەھۋاللارنى مۇلاھىزە قىلىشقا كىرىشتى.

— سىزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىڭىز ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم بەردى. بۇ بىر كادىرنى چۈشىنىشتە ھەرقانداق ئارخىپ ماتېرىيالى ۋە باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشىدىن كۆپ ئىشەنچلىك، — دېدى تەشكىلات بۆلۈم خادىمى جاڭ.

— ئىمىن مۇدىر بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرمەي، خىيال قىلىپ قالدى، — دېدى خالىق.

— بۇنداق ئەھۋالدا سىز بولسىڭىزمۇ تېڭىرقاپ، خىيالغا پېتىپ قالسىز دەڭا، — دېدى كەپكىلىك كىشى. ئۈچى تەڭلا كۈلۈپ كېتىشتى.

ئۇلار ئىگىلىگەن ئەھۋال ۋە ھېس قىلغانلىرىنى ئىشچىلارنىڭ خېتىدىكى مەسىلىلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ مۇلاھىزە قىلغاندىن كېيىن، بۈگۈن ئاخشام ۋە ئەتە ئېلىپ بارىدىغان پائالىيەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، خىزمەت تەقسىم قىلىۋېلىشتى. خالىق بۈگۈن ئاخشام ئاسىم ۋە كان پارتكوم ئىشخانا مۇدىرى بىلەن، ئەتە چۈشكىچە مالىيە ۋە ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمى كادىرلىرى بىلەن ئايرىم-ئايرىم سۆھبەتلىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش، مالىيە ئەھۋالىنى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ئىگىلەيدىغان بولدى.

ئىككىنچى كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىنلا ئىمىن، كامىل ھەم سەمەت، مىجىت باقى، ئاسىم قاتارلىق ئون نەچچە ئىشچى-كادىر ئۈچىنچى قۇدۇقنىڭ پائالىيەت ئۆيىگە يىغىلىشتى.

— سىلەرنىڭ بىرىنچى قېتىم يازغان خېتىڭلارغا ئاساسەن تەكشۈرۈپ، مەسىلە خەتتە دېيىلگەندەكلا بولسا قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش يەرلىك پارتكومغا تاپشۇرۇلغانىدى، ئەمما يۇقىرىغا يوللانغان بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالى بىلەن ئەمەلىيەتتىكى بىر تەرەپ قىلىش ئوخشىمايدىكەن، — دېدى كەپكىلىك كىشى ئىشچىلارنىڭ ئىنكاسىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن.

— ئۇ مەسىلىنى يەرلىك پارتكوم ئىقتىسادىي كومىتېت رەھبەرلىكىگە تاپشۇرغانىدى، ئۇلار سىلەرنىمۇ، يۇقىرىنىمۇ ئالداپتۇ، — دېدى تەشكىلات بۆلۈم خادىمى جاڭ.

— ئۈچىنچى قۇدۇقتىكى مەسىلىنى سىز دەپ بېقىڭا، — دېدى كەپكىلىك كىشى سايىمغا قاراپ. ئولتۇرغانلار سايىمغا تىكىلىشتى. سايىمنى سۇر بېسىپ ھودۇقتىمۇ ياكى كۆڭلىگە باشقا بىر خىل ئويلار كەچتىمۇ، پېشانە-چېكىسىگە بۇژۇلداپ نەم ئۆرلەپ چىقتى، كەپكىلىك كىشىگە قاراپ پەس ئاۋازدا:

— مەن ئۇ ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا يېزىپ ئىمىن مۇدىرغا بەرگەنىدىم، — دېدى. ئۇ قۇلىقىغىچە بەقەمدەك قىزىرىپ كەتتى.

ئىمىن مەيدە يانچۇقىدىن تۆت پۈكلەنگەن قەغەزنى ئېلىپ ئېچىپ، كەپكىلىك كىشىگە بەردى، ئىشچىلارنىڭ دىققىتى خەتكە بۇرالدى. كەپكىلىك كىشى خەتكە قادالدى. ئىشچىلار خەتنىڭ نېمە مەزمۇندا يېزىلغانلىقىنى بىلمىگەچكە تاقەتسىزلىنىپ،

كەپكىنلىك كىشىگە تىكىلىشتى، ئۇنىڭ چىرايىدىن بىرەر ئالامەتنى بىلىشكە تىرىشتى. كەپكىنلىك كىشىنىڭ خەتنى ئوقۇغانسېرى قوشۇمىسىنىڭ تۈرۈلۈپ، جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقىنىغا دىققەت قىلىشتى. ئىمىن سايىمىنىڭ خەت يازغانلىقى توغرىسىدا ھېچكىمگە تىنمىغانىدى. ئىشچىلارنىڭ بەزىسى سايىمغا قارىسا، بەزىسى ئىمىنگە قارايتتى. ئىمىن مۇدىر بولسا مەنىلىك كۈلۈپ قوياتتى.

— يازغانلىرىڭىزدا ئاشۇرۇۋېتىلگەن ياكى بولمىغان ئىشلار يوقتۇ؟

— ئەينەن ئەھۋالنى يازدىم.

— ئىشىنىمىز. ئۆزىڭىزنىڭ بىر مەھەل ئالدانغىنىڭىزنىمۇ يېزىپسىز. ئالدىنىش چوڭ مەسىلە ئەمەس. ئولتۇرغانلىرىمىز ئىچىدە بىرەر قېتىمدىن بولسىمۇ ئالدانمىغانلىرىمىز يوقتۇ. گەپ ئالدانغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ ئويغانماسلىقتا. سىز ئويغىنىپسىز، پاش قىپسىز. ناھايىتى ياخشى، — كەپكىنلىك كىشى خەتنى تەشكىلات بۆلۈم خادىمىغا كۆرۈپ بېقىڭ، دەپ بېرىپ، گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۇنداق ئادەملەرنىڭ مەيلىچە بولسا سىزنى، بىزنى ئەمەس، خەلق-خەلقلەرنى ئالدايدۇ. ئۇلار شۇ يول بىلەن نەپكە ئېرىشىپ ئۆگىنىپ قالغان. ئەمدى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان يېڭى ئىش ھەققى ۋە مۇكاپات تۈزۈمىگە كەلسەك، بۇ ھەقتە سىلەرگە شۇنى دەيمىزكى، ئىشلىگەن چىشلەش سوتسىيالىزمنىڭ ئىش ھەققىدىكى ئاساسى، توپ پرىنسىپلىرىنىڭ بىرسى. بۇ پرىنسىپ بۇرۇنمۇ كۆپ ئېيتىلغان، ئەمما ئېغىزدىلا بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلىنمىغانىدى. ئۈچىنچى ئومۇم يىغىنىدىن كېيىنلا بۇ پرىنسىپقا جان كىردى. خەلق نۇرغۇن ئورۇنلار ئۇنى يولغا قويۇپ، زور ئۇنۇمگە ئىگە بولۇۋاتىدۇ. سىلەرمۇ يولغا قويۇپ ئوبدان قىلغان ئىكەنسىلەر. بىراق كېيىن توسالغۇغا ئۇچراپتۇ. ھازىر بۇ تۈزۈم-پرىنسىپقا توسقۇنلۇق قىلىش خۇددى ياچمۇەكنىڭ ھارۋىنى توسماقچى بولغىنىدەك ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئەخمىقانە ئىش! — كەپكىنلىك كىشى كامالغا قاراپ دېدى، — يولداش كامال، سىز كانغا كەلگەندىن بۇيان چەتكە قېقىلىپ، كۆپ دىشۋارچىلىققا ئۇچراپسىز. شۇنداقتىمۇ ئىرادىڭىزنى بوشاشتۇرماي، ئىمىن مۇدىر ۋە ئىشچىلار بىلەن ھەمدەم بولۇپ، كان ئۈچۈن كۆپ باش قاتۇرۇپسىز، كۆپ خىزمەتلەرنى ئىشلەپسىز. بۇنىڭ ئۈچۈن سىزگە چىن رەھمىتىمىزنى ئېيتىمىز. سىز ئىشچىلارنىڭ غېمىنى يېگەن بولسىڭىز، ئىشچىلار سىزنىڭ غېمىڭىزدە بولۇپ، سىز ئۈچۈن سۆزلەپ يۇقىرىغا ئۈچ قېتىم خەت تۇتۇپتۇ. بۇ جەھەتتە ئىشچىلارغىمۇ رەھمەت ئوقۇيمىز. بېشىغا بېسىم-بالا تېپىشۋېلىشتىن قورقماي، يېزىلغان خەتلەرگە ئىسمىم، ئادرېسىنى دادىللىق بىلەن ئوچۇق يازغان يولداش سەمەتكىمۇ رەھمەت دەيمىز. يالغۇز باش چۆكۈرۈپ ئىشلەشنىلا بىلىدىغان، ھېلىقىدەك ناھەقچىلىققا قارشى كۆرەش قىلىشنىمۇ بىلىش كېرەك. كاننىڭ ئاساسىي رەھبەرلىكىنىڭ ئىشلىرىغىمۇ دىققەت قىلدۇق. يېڭى پەيدىگە دەسسەشنى زادىلا ئۆگەنمەپتۇ...

ئىشچىلار قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، كۈلگەندىمۇ زوق بىلەن، ئىچ-ئىچىدىن خۇشاللىقى تېشىپ، قانغۇچە كۈلۈشتى. كۈلكىگە كەپكىنلىك كىشىمۇ، تەشكىلات بۆلۈمى خادىمى جاڭمۇ قوشۇلۇپ تەڭ كۈلۈشتى...

* *

تاڭ شەپىقىگە چۆمۈلگەن كۆنچى دەرياسى قىزغۇچ-يېشىل رەڭدە ھەسەن-ھۆسەندەك جۇلالىنىپ، سىلىق-لەرزان ئاقاتتى. تاغنىڭ تاڭ سالقىنى يۈزۈمگە سۆيۈپ مېنى سەگىتكەن بولسا، دېمىقىمدىن كىرگەن ساپ ھاۋاسى ماڭا ھۇزۇر بېغىشلىدى؛ ئوتقاشتەك شەپەق مېنىڭ بۇ كان رايونىدىن خوشلىشىدىغان كۈنۈمنىڭ سەھەرىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. كۆمۈر تارتىش جازىلىرى ئۈستىدىكى لامپۇچكىلار تاڭ شەپىقىگە سىڭىپ كېتىۋاتقان چولپان يۇلتۇزىغا ئوخشاش پارلىدايتتى. كېچىچە كىرپىك قاقمىغىنىمغا يارىشا ماقالە كۆڭلۈمدىكىدەك يېزىلدى.

— ھە، مۇخبىر يىگىت كېچىچە ئۇخلىمىدىڭىزغۇ دەيمەن، — مەن كان مەنزىرىلىرىگە تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك زوق-ئىشتىياقىم بىلەن بېرىلىپ قاراپ، ئىمىن مۇدىرنىڭ دېرىزە ئالدىغا كېلىپ قالغىنىنى سەزمەيلا قاپتىمەن. ئىتتىك بېرىپ ئىشىكنى ئاچتىم.

— كېچىچە ئۇخلىمىدىم. ئۆتكەن قېتىم كەلگىنىمدە خەۋەر، ماقالىلەر يېزىپ كەتكەنىدىم. بۇ قېتىم ئىشچىلارنى، قىزدۇق ئىچىنى بىر ھەپتە ئارىلاپ يۈرۈپ، كۆڭلۈمدە شەكىللەندۈرگەن ئوبرازلارنى كېچىچە سىزىپ سۈرەتلەشتۈرۈپ چىقتىم.

— مەن بۇ سۈرەتلىرىڭىز ئىچىدىن كامىلنىڭ گەۋدىسىنى تولۇق ھەم ئوچۇق كۆرسەم بەك رازى بولاتتىم. ئەنە قاراڭ، — ئىمىن مۇدىر كاننىڭ يۇقىرى تەرىپىنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ دېدى، — كامىل بىلەن رەيھانەممۇ كېلىۋاتىدۇ.

مەن بۈگۈن سەھەردىلا قايتىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ، ئۇلار بىلەن ئاخشاملا خوشلاشقانىدىم. يەنە مېنى ئۇزىتىپ قويغىلى كېلىۋېتىپتۇ-دە.

— ئىمىنكا، كامىل مۇدىر بىلەن قالتىس ماسلىشىپ كېتىپسىلەرغۇ دەيمەن، — دەپ سورىدىم مەن.

— ماسلىشىشىمىزدا گەپ يوق، لېكىن بۇ ماسلىشىش ئۇزاققا بارمايدۇ، دەڭا.

مەن ئىمىن مۇدىرنىڭ گېپىنى چۈشىنەلمەي ھەيران قېلىپ سورىدىم:

— نېمىشقا ئۇزاققا بارمايدۇ؟

— ھەي ئۇكام، قېرىدۇق، يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن ئارامغا چىقىپ كېتىمەن. مېنىڭچە بولسا، بۇ يىگىت بىلەن ئىككى يىل ئەمەس، يەنە يىگىرمە يىل بىرگە ئىشلىسەممۇ قانمايدىغاندەك قىلىمەن. بۇ بىر تاتلىق خىيال دەڭا. تەشكىل يەنە ئىككى يىل تۇرۇپ بەرسىڭىز، دېدى. بولمىسا بىرىنچى مۇدىرلىق ئورنۇنى مۇشۇ تاپتىلا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، يېتىشمىگەن يېرىگە ياردەملىشىپ بەرسەممۇ بولاتتى. ھازىرمۇغۇ ھەممە ئىشنى تاشلاپ بېرىپ ئۆزۈم ئارامغا چىققاندەكلا بولۇپ قالدىم. ئىشچىلار ئۇزاقتىن بۇيان ئۆزلىرى بىلەن تەڭ نەپەسلىنىدىغان باشلىقنىڭ بولۇشىنى كۆپ ئارزۇ قىلاتتى، ئەمدىلا كۆڭلىدىكىدەك ئادىمىگە ئېرىشتى.

كامىل بىلەن رەيھانەممۇ كەلدى. بىز سالام-سائەت قىلىشىپ بولۇپ، يەنە قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق...

ئىشچىلار يېڭى بىر كۈننىڭ بىرىنچى سىمېنىسىغا ئىش ئۆتكۈزۈۋالغىلى تەرەپ-تەرەپتىكى قۇدۇقلارغا قاراپ ئالدىراش كېتىۋېتىشقان چاغدا مەن ئىمىن مۇدىر، كامىل ۋە رەيھانەلەر بىلەن ياخشى ئىستەك-ئۈمىدلىرىمىزنى ئېيتىشىپ خوشلاشتىم.

مەسئۇل مۇھەررىر ئارسلان.

ئەركىن نۇر

# نەسىرلەر

## كۆز كېچىسى

ئانام ئۆيدە «تېلېۋىزىيە گېزىتى» كۆرۈپ ئولتۇراتتى.

مەن ھويلىدىكى سۇپىدا — باراخسان ئالما ئاستىدا ياپراقلار ئارىسىدىن كۆزنى ئەسكە سالىدىغان يۇلتۇزلارغا بېقىپ خىيال سۈرۈپ ياتماقتىمەن. يېنىمدا بىزنىڭ مۈشۈك قولاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ، نېمىنىدۇر تىڭشىماقتا.

قويىنۇمغا بىر ئالما پوككىدە چۈشتى، مۈشۈك چۆچۈپ كەتتى. ئۇ ئېھتىيات بىلەن ئاستاغىنە كېلىپ ئالمىنى پۇراپ بېقىپ، قايتىپ بېرىپ ئورنىدا ئولتۇردى. ئىشىكىمىز ئالدىدىن ئۇيان-بۇيان ئۆتۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئاياغ تىۋىشى، سالقىن شامالنىڭ ياپراقلارنى ئەركىلىتىشىدىن چىققان نازۇك شىۋىرلاشلار پات-پاتلا ئاڭلىنىپ قالاتتى.

تۇيۇقسىز، كىمدۇر بىرى ئىشىكنى چەكتى، مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئىشىكنى ئاچتىم، ھېچكىم يوق.

مەن يەنە ئورنۇمغا كېلىپ ياتتىم. خورەك ئاۋازى كەلدى. يانغا قارىسام مۈشۈك تاتلىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئۆيدە تاراس-تۇرۇس قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى، ئانام تېلېۋىزورنى باشقا قاناللارغا يۆتكەۋاتقان بولسا كېرەك. ئىشىك يەنە چېكىلدى. دادام ئوۋدىن قايتتىمىكىن؟ ئىشىكنى ئاچتىم، نەچچە مىڭ كۆزنى پارقىرىتىپ تۇرغان گۈگۈزمىدىن بۆلەك ھېچنەرسە كۆرۈنمىدى.

## كۆل

ئۆيۈمىزنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى بۆككىدە قەدىمىي ئورمانزار چېتىدە بىر كۆل بار.

بۇ كۆلنىڭ قاچان ۋە كىملەر تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغانلىقىنى كىشىلەر بىلمەيدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇ كۆلنىڭ تېگى يوق بولۇپ، بىر پەرىزات ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ، قاپقىقى مەھكەم ئېتىلگەن قۇتىسىنى مۇشۇ كۆلگە تاشلىۋەتكەنمىش. ئەگەر كىمدە-كىم بۇ قۇتىنى سۇ ئاستىدىن سۈزۈپ چىقالىسا، شۇنىڭ مۇراد-مەقسىتى ھاسىل بولارمىش.

شۇنىڭدىن كېيىن نۇرغۇنلىغان شىر يۈرەك ئادەملەر بۇ ئىشقا قول سالغان بولسىمۇ، تا ھازىرغىچە ئۇنى سۈزۈپ چىقىش ھېچكىمگە نېسىپ بولماپتۇ. بۇ كۆل ناھايىتى چوڭقۇر، تىرەن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ جېنىغا زامىن بوپتۇ. بۇنىڭ بىلەن كۆل سۈيى بارا-بارا سېسىپ يېنىغا كەلگۈسىز بولۇپ كېتىپتۇ.

قېرىلار ۋە قېرىش ئالدىدا تۇرغان كىشىلەر بۇنى ئوبدان بىلگەچكىمىكىن، بۇ كۆلگە يېقىن يولىغۇسى كەلمەيدۇ. لېكىن بەزى شەيتان، بەڭباش بالىلار كۆل بويىغا كېلىپ-كېتىپ تۇرىدۇ.

ئۇلار ئېمىلەرنىدۇر دېيىشىدۇ، ئاندىن قىزىدىشىپ بەس-بەستە تالىشىدۇ... بەلكىم ئۇلارنىڭ سۇغا چۆمۈلگۈسى ياكى بوۋىلىرىدىن ئاڭلىغان ھېلىقى قۇتىنى سۈزۈپ چىقىپ، ئىچىدىكى نەرسىنى كۆرۈپ باققۇسى باردۇ.

ئۇلار، بۇ قۇتىنى ھېچكىمنىڭ مەڭگۈ سۈزۈپ چىقالىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلمەمدىكىن؟ ئېھتىمال، بىلىشمىسە كېرەك. شۇنداق بولغاچقا ئۇلار ئۆزىچە خۇددى مۇشۇ كۆلدەك چوڭقۇر خىيالغا چۆككىنىچە گويا دەردمەن كىشىدەك چوڭ-كىچىك تىنىپ قويۇشىدۇ...

ئۆيۈمنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى بوكىكىدە قەدىمىي ئورمانزارلىق چېتىدە ئاجايىپ سىرلىق بىر كۆل بار. بۇ كۆل ھازىر تەبىئىي قوغداش رايونى قىلىنغان بولسىمۇ، كېلىپ-كېتىپ تۇرىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ.

بۇ شەھەرگە چەت جايلاردىن كېلىپ قالغان بەزى سەھرالىقلارنىڭ ئەڭ ئاۋۋال مۇشۇ كۆلنى كۆرۈپ باققۇسى كېلىدۇ. چۈنكى بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئېغىزىدىن چۈشمەيدىغان ھېلىقى قۇتا ئىختىيارسىز ئۇنىڭ مەيلىنى تارتقان بولىدۇ. بىراق، سەھرالىقلار ئۆزى قوپال، كالامپاي بولسىمۇ ساپ تازا ھاۋادىن نەپەسلىنىپ چوڭ بولغاچقا، ئۇلار كۆل بويىغا يېقىن بارا-بارمايلا كۆلنىڭ سېسىق ھىدىدىن كۆڭلى ئېلىشىدۇ-دە، قۇيرۇقىنى ئېكىنۈۋېتىدۇ.

شۇنداق قىلىپ سەھرالىقلار ئۈچۈن كۆل ئاستىدىكى قۇتا ۋە قۇتا ئىچىدىكى نامەلۇم نەرسە مەڭگۈ يىرگىنچلىك ئەسلىمە بولۇپ قالىدۇ.

ئۆيۈمنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ئانچە يىراق بولمىغان بوكىكىدە قەدىمىي ئورمانزارلىق چېتىدە تىرەن بىر كۆل بار.

بۇ كۆل ھېلىھەم، تەۋەككۇلچىلەرنى ئۆز باغرىغا چاقىرىپ تۇرىدۇ، مانا مەنمۇ ئەنە شۇلارنىڭ بىرى سۈپىتىدە كۆل بويىغا كەلدىم. كۆل سۈرلۈك، ۋەھىمىلىك ئىدى، ئۆلۈم كۆز ئالدىمغا كەلدى، لېكىن ئۆلۈم توغرىسىدا ئويلاشتىن باش تارتىپ، قەتئىي نىيەت بىلەن ئۆزۈمنى كۆلگە چولتوڭگىدە تاشلىدىم. دەسلەپ قىزىقچىلىقتا كۆلنىڭ سېسىقچىلىقىمۇ بىلىنمەپتۇ. كۆلنىڭ ئاستىغا شۇڭغۇۋېتىپ بۇ كۆلنىڭ سېسىقچىلىق تۈپەيلى خۇددى كونا تەرەت ئازگىلىدەك مىژ-مىژ قۇرتلاپ كەتكىنىنى ھېس قىلدىم. سېسىق، بەدبۇي پۇراقلار ئىچىدە يەنە تېخى ئەرۋاھلارنىڭ يىغا-زارى ئۇۋۇدىسى بۇزۇۋېتىلگەن ھەرىلەردەك ئۇچۇپ كېلىپ، قۇلاق-مېڭەمنى غاجىلاۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۆز-ئۆزۈمگە تەسەللى بېرىپ، چىدام بىلەن ئاستىغا شۇڭغۇۋەردىم. خېلى ئۇزاق ئۆتكەندىن كېيىن، كۆلدىكى پۇراق ۋە ئاۋازلار ئاستا-ئاستا ئاجىزلاپ قالدى، ئۇنىڭ ئورنىغا خۇش پۇراق ھىد ۋە يېقىملىق كۈي ئالماشتى...

بۇ ھىد ۋە كۈي بارغانچە قويۇقلاشماقتا، كۈچەيمەكتە ئىدى. پەممىچە، بۇ ھىد ۋە كۈي كۆلنىڭ ئەڭ چوڭقۇرىدىن (بەلكى ھېلىقى قۇتا بار جايدىن) كېلىۋاتاتتى. مەن ئەمدى ئەسكى، سېسىق كۆلدە ئەمەس، چەكسىز ھۇزۇر-لەززەت دېڭىزىدا چۆمۈلۈۋاتاتتىم.

مەن ئاخىر سىيلاشتۇرۇپ يۈرۈپ بىر نەرسىنى تېپىۋالدىم. ئېنىقكى، بۇ دەل ھېلىقى قۇتا ئىدى.

مەن قۇتىنى مەھكەم تۇتۇپ سۇ يۈزىگە قاراپ ئۆرلەشكە باشلىدىم.

بىر پەستىلا بايىقى خۇش پۇراق ۋە كۈيلەر تۈگەپ، بۇرۇنقى سېسىق پۇراق ۋە ئەرۋاھلارنىڭ يىغا-زارى تەكرارلاندى، تەكرارلانغاندىمۇ ئادەم چىدىغۇسىز دەرىجىدە...

تۇنجۇقۇپ نەپەسىم قىسىلدى، زادىلا بەرداشلىق بېرەلمىدىم، بولالمىدىم. مەن هالسىزلاندىم، بىھوشلۇق ئىچىدە، خەيرىيەت، مەن ئەمدى ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇم، دېگەن خىيالنى ئارانلا قىلىپ ئۈلگۈردۇم. ياق مەن ئۆلمىدىم، بەلكى چۆچۈپ كۆزۈمنى ئاچتىم، قارىسام بۇ چۈشۈم ئىكەن. مەن يا كۈلۈشنى، يا يىغلاشنى، يا قايغۇرۇشنى، يا خۇشال بولۇشنى بىلمەي، لېۋىمنى قاتتىق تامشىپلا قويدۇم.

## تۇمۇچۇق

هويلىدىكى ئۆجمە شېخىغا ئېسىلغان قەپەس، قەپەستىكى ئۆگىتىلگەن تۇمۇچۇق. مانا بۇلار مېنىڭ ئەڭ ئەتىۋارلىق نەرسىلىرىم.

مەن تۇمۇچۇقنى بالا چاغلىرىدىن باشلاپلا بېقىپ كەلگەن. ئۇ چاغلاردا يەنە بىر تۇمۇچۇق قەپەس ئەتراپىدا ئۇچۇپ يۈرۈپ تىنىماي سايرايتتى. قەپەستىكى تۇمۇچۇقمۇ ئۆزىنى قەپەسنىڭ شادىلىرىغا ئۇرغىنىچە جور بولاتتى. مەن ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قالاتتىم.

كېيىن قىرانىمغا يەتكەندە بىر قىزغا ئاشىق بولۇپ قالدىم. شۇندىلا مەن ئۆزۈم قانداقتۇر بىر گۇناھلىق ئىش قىلىپ قويغاندەك ھېس قىلدىم. تۇمۇچۇقلارنىڭ سايراشلىرى ئەمدى يۈرىكىمنى ئېزىپ، ئازابلايدىغان بولۇپ قالدى. ئاخىرى مەن ئۇنى قويۇۋەتتىم. بىر جۈپ تۇمۇچۇق خۇددى مەن بىلەن خەيرلىشىشكە كۆزى قىيمىغان ياكى ئېمىدۇر دېمەكچى بولسىمۇ ئېيتالمايۋاتقاندەك باش ئۈستۈمدە بىرنەچچە ئەگىپ، ئاندىن ساماغا كۆتۈرۈلۈپ غايىب بولدى. مەنمۇ ئۇلار بىلەن تەڭلا ئۇچۇپ كەتكەندەك يەڭگىل بوپ قالدىم.

ئۇزاق ئۆتمەي، مەشۇقۇم (ئۆز ۋاقتىدىكى تۇمۇچۇقۇم) ماڭا شاراب ئورنىدا ئوغا بەردى، بەخت مەندىن يۈز ئۆردى، ھاياتتىن بەزدىم، دۇنيادىن رەنجىدىم، ئالەم مەن ئۈچۈن تار قەپەسكە ئايلاندى.

شۇندىن كېيىن ئۆجمە شېخىدىكى قەپەس كۆزۈمگە زادىلا سىغمايدىغان بولدى. مەن ئۇنى ئېلىپ تاشلاش نىيىتىگە كەلدىم. چۈنكى ئۇ ئۇنىڭسىزمۇ قۇپقۇرۇق بىكار تۇراتتى. دەل شۇ مەھەلدە، ئويلىمىغان يەردىن تۇمۇچۇقۇم قايتىپ كەلدى. لېكىن ئۇ يالغۇز ئىدى. ئۇ ئۇچۇپ كەلگىنىچە ئۇدۇللا ئۆزىنى قەپەسكە ئاتتى. ئۇنىڭ پاخپىيىپ سەتلىشىپ كەتكەن ئىككى تال پېيى توزۇپ كەتتى، ئۇ، تولىمۇ زەئىپ، روھسىز كۆرۈنەتتى. قارىغاندا، ئاچ قالغان بولسا كېرەك، مەن ئۇنىڭغا سۇ، دان بەردىم. بىراق ئۇ ياتقان جايىدىن قىمىرلىماي، ھەتتا ياش لىغىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىنى مىتمۇ قىلىپ قويماي بىر ئۇقتىغا تىكىلىپ ياتاتتى. ئۇنىڭ شۇ قارىشىدىن يۈرىكىم مۇجۇلدى: ئۇنىڭغا نېمە بولدىكىن؟ ئۇمۇ خۇددى ماڭا ئوخشاش ۋاپاسىزلىققا يولۇققانمىدۇ ياكى جورىسى ئۆلۈپ كەتكەنمىدۇ؟...

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتتى، لېكىن تۇمۇچۇقۇمنىڭ جورىسىدىن ئەسەرمۇ يوق، تۇمۇچۇقۇم سۇمۇ ئىچمەي، دانمۇ يېمەي ياكى بىرەر قېتىم سايراپمۇ قويماي جىمجىت ياتقىنى ياتقانىدى. بەلكىم كېسەل تەگكەن بولسا كېرەك. مەن ئۇنى زور بولغاندا داۋالىماقچى بولۇپ قولۇمغا ئالدىم. قورايدەك ئورۇق، مۇزلىغان تەن! ئۇنىڭ بېشى شىپپىدە توۋەنگە چۈشۈپ پولاڭلاپ قالدى. ئۇ ئۆلۈپتۇ، ئاللىمىقاچان جىمجىت، شەپىسىزلا ئۆلۈپ كېتىپتۇ. قولۇمغا بىر تامچە ياش تېمىپ چۈشتى. لېكىن ئۇ تۇمۇچۇق كۆزىدىن تامغان ياشمۇ ياكى ئۆزۈمنىڭ، ئايرىيالمىدىم.

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن.

ئازاد ئابدۇللا

# ئىككى شېئىر

## يېڭى تۇرمۇش

ئاتىلار ئادىتىگە بولۇپ ۋارىس
يېڭىدىن بىر ھۇجرىغا چىراغ ياقتۇق.
يار بىلەن كېلەچەككە قەدەم تاشلاپ،
ھاياتقا ئۈمىد بىلەن كۈلۈپ باقتۇق.

مۇبارەك ئېيتىپ كەلدى دىلكەشلىرىم
تەبرىكلەپ يېڭى تۇرمۇش يېڭى يارنى.
جەم بولۇپ ناخشىمىزنى باشلىۋەتتۇق
قانمىدۇق ھەر كۈن چېلىپ يېڭى سازنى.

ئۇنتۇلماس چىن مۇھەببەت تۇيغۇلىرى
تۆرىدىن ئورۇن ئېلىپ قەلبىمىزنىڭ.
جىلۋىسى دەۋرىمىزنىڭ گۈزەل شۇنچە،
بۇلىقى بىزنىڭ يېڭى كۈلكىمىزنىڭ.

مۇڭلىنىپ مىسكىن ئۆتمۈش قالدى ئارتتا
ئۇنىڭغا بىز خاتىمە بېرىپ كەتتۇق.
قانمىدۇق يېڭى تۇرمۇش، يېڭى يارغا،
قىز-يىگىت بەختىمىزدىن كۈلۈپ كەتتۇق.

## ئەپسۇس

كۆز ئويىنىتىپ، ئەگىپ قېشىمىدىن
جىلۋە قىلىپ كەتمىدىڭ زىنھار.
ئايلاندۇرۇپ، رام قىلدىڭ مېنى،
ياكى ئەپسۇن ئوقۇدۇڭمۇ يار.

نېسىپ بوپتۇ ئاخىر جامالىڭ،
ھەمراھ قىلىپ تاللىدىم سېنى.
يىراق - يېقىن دوستلىرىمدىن ھەم
«سۆيگۈنۈم» دەپ قىزغاندىم سېنى.

ئەپسۇس، بىراق يىل، ئايلار ئۆتمەي
ئۆگەيلىدىڭ يالغۇز بالامنى.
خارلىدىڭسەن «قېرى دەللە» دەپ،
ئانىي تېپىپ، ئاجىز ئانامنى.

سۈكۈت قىلسام ئېچىشتۇردۇڭ زەپ
تۇز سەپكەندەك مېنىڭ يارامنى.
ئوڭشالمىدىڭ قانچە ئېيتساممۇ،
يوقات ئەمدى، كۆزدىن قاراڭنى.

ئابلەت سادىق

## ئېسىمدە

ئېسىمدە، دىلبىرىم، ئاداققى ئاخشام
بۇقۇلداپ تىۋىشسىز تۆككەنىدىڭ ياش.
بۈگۈنكى ئازابنى تۇيغاندەك يۈرەك،
سوقاتتى ھەسرەتكە بېرەلمەي چىداش.

ئاغزىڭنى ئۆمەللەپ قانچە-قانچە رەت،
«ئۇنتۇما» دېگەننى بىلدۈرگەنىدىڭ.
سەنمۇ ھەم ئۇنتۇما دېگىنىم ئۈچۈن،
قولۇڭدا لىۋىمنى جىملىگەنىدىڭ...

ئويلىسام، ئۇ سۆزلەر ئۆچۈپتۇ بۈگۈن،
ئايازدا، چېچەكلەر تۆكۈلگىنىدەك.
ئون بەش كۈن يورۇتۇپ كۆكتە تولۇن ئاي،
ئون بەش كۈن ئۇپۇققا مۆكۈنگىنىدەك...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەركىن داۋۇت

# يۇرىكىم ئوت، ۋۇجۇدۇمۇ ئوت

## ئوت ئۇرۇلدى

چۈشتى يەرگە قۇياشنىڭ نۇرى،
سۆيدى ئۇنى، چېچىلدى تال ـ تال.
قىزىپ كەتتى زېمىن تونۇردەك،
ئوت ئۇرۇلدى بەدەنگە يال ـ يال.

يالقۇنىدا كۆل بولدى سەللەم،
مېنى ھەيران قالدۇردى بۇ ھال.
كۆز ئالدىمدا پارلىدى كۈلۈپ
نۇرغا چۆمگەن بۈيۈك ئىستىقبال.

## ئۈمىدلىرىم

ئۈمىدلىرىم خۇددى تامچىدەك
سىڭىپ بارار زېمىن قوينىغا.
ۋىلىق ـ ۋىلىق كۆلەر بوۋاقتەك
ئېسىلغانچە ئۇنىڭ بوينىغا.

جىلۋىلىنەر بەزىدە نازلىق،
كۆگۈللەرنى رام قىلىپ شۇنچە.
كۆن نۇرىدا رەڭلىنىپ سەر خىل
ئېچىلغاندەك گويا گۈل ـ غۇنچە.

يېتەكلەيدۇ مېنى مەنزىلگە
نىشانەمنى كۆرسىتىپ ھەر چاغ.
يېقىنلىشىپ كېلەر بارغانچە
يىراقتىكى كۆز يەتكۈسىز تاغ.

نۇرىيە ئىلاخۇن

## يۇرت مېھرى

مەن ئىلىنىڭ سەھراسىدا تۇغۇلۇپ،
سەھرالىقتا خاس مىجەزدە يېتىلدىم.
گۈل يۇرتۇمنى كۈيلەپ ياڭراق ناخشامدا،
بۇلبۇللارنىڭ بەزمىسىگە قېتىلدىم.

كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن شۇ ماكانىنىڭ
چېچەكلىرى بىزەك تاقتى كۆكسۈمگە.
ئۆستۈم ئاددىي پەردازلەردىن بىھاجەت،
ئالدىم ئالتۇن قۇياشتىن رەڭ ھۆسنۈمگە.

يۇرت ئىشقىدا پەرۋانىمەن بىر ئۆمۈر،
تۇتىيادۇر ماڭا چىمدىم تۇپرىقى.
ئويغىتىدۇ ھېسلىرىمنى باشقىچە،
ئۇخچۇپ ئاققان تاغ سۈيىنىڭ شوخلۇقى.

ئاق لىچەكلىك چوققىلارغا قارىسام،
چاقنىتىدۇ كۆزنى قۇياش جىلۋىسى.
ئاستى گۈزەل، مۇنبەت ئېتىز، چىمەنزار،
تىلنى يارار، مەي باغلىغان ئالمىسى.

گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق جەننەتكە،
ئوخشىتىمەن ئاق ئۆرۈكلۈك باغلارنى.
غۇلاچ كېرىپ قۇچاقلايمەن ھەيۋەتلىك،
يېشىل كىمخاپ پۈركەنگەن شۇ تاغلارنى.

ساپ ھاۋاسى تەنگە ھوزۇر، يېقىملىق،
تۈگىمەيدۇ تەرىپىنى سۆزلىسەم.
ئەجادىمنىڭ ئۇ، خورىماس مەنبەسى،
تۈمەن داستان پۈتەر مەڭگۈ كۈيلىسەم.

تىلغا ئېلىپ داڭلىنىۋدەك نامى بار،
بەكمۇ گۈزەل ئانا يۇرتۇم — دىيارىم.
پەخرىم مېنىڭ ئاشۇ سەھرا، كەڭ دالا،
چىقار بۇندا يۇرسەم يۈرەك خۇمارىم.

ئابدۇخەلىل ئابدۇخېۋىر

## چايقىلىدۇ زۇمرەت، كەڭ دېڭىز

### كەچ سۈرىتى

ھارغىن قۇياش باش قويدى ئاستا
تىك چوققىلار كەينىگە مۆكۈپ.
ئۇپۇق لېۋى ئاجايىپ زىبا،
بولدى ئەتلىك قويغاندەك سۈرۈپ.

بۇلۇتلارنىڭ مەگزىدە شۇئان
قىپقىزىل ئوت كۆيمەكتە، يېنىپ.
ئاق پەردەك نەپىس ئاق تۇمان
يەر باغرىدا يۇرەر لەيلىشىپ.

ئەڭ ئاداققى نۇرلار خەنجىرى،
يۇرەر ئىدىم، باغلارنى قۇچۇپ.
جىلۋە قىلار دەرەخ ياپرىقى،
نۇر بەھرىدە ھۆسنىگە تولۇپ.

كۆك تاناپتەك ياپپېشىل يولدا
كېلەر شۇندا دېھقان شادلىنىپ.
ئۇ كېلىدۇ ئېتىزدىن كاتتا
ئېشىكىگە «بەخت»نى ئارتىپ.

### شۇڭا يېغلايمەن

دومىلايدۇ كىرپىكىمدە ئىسسىق ياش،
جۇپ مەگزىمدىن ئېقىن ياساپ توختىماي.
قەترە ياشتا جىلۋە قىلار مۆگىسىراش،
تۇن ھۆسنىدە پارلىغاندەك تولۇن ئاي.

يۈرىكىمنى قۇچقان ئاچچىق تۇيغۇلار،
ئارامىمنى بۇزار ھارماي تىنىمسىز.
كۆزلىرىمدىن قاچقان شىرىن ئۇيقۇلار،
ھەسرەت باسار مېنى كېلىپ شەپىسىز.

نېمىشقىمۇ ياش تۆكمەيمەن مەن شۇتاپ،
ھەسرەتلەرنىڭ چاڭگىلىدا قىينىلىپ.
ھەقلىقماڭا ياش تۆكۈشۈپ ھالسىراش،
ياشلىق مەندىن كەتكەچكە تېز خوشلىشىپ.

ئېچىنىشلىق ھېسلار ئارا زارلايمەن
كېچىلەرنى دائىم ئويغاق ئۆتكۈزۈپ.
ياشلىق كەتتى قۇرۇق، شۇڭا يىغلايمەن،
قويغان كەبى مال - دۇنيانى يۈتتۈرۈپ.

مۇھەممەتتۇرسۇن ئەبەيدۇللا

## ۋىسال كۈيى

تولۇن ئاي چۇشۇۋاپتۇ كۆلچەكلەرگە،
شولىسى گىرۋەكلەردە چىمىرلايدۇ.
يۇلتۇزلار ئاڭا شۇنچە ئاشىقىمكىن،
تەلمۈرۈپ ئەتراپىدا قىمىرلايدۇ.

شاماللار ئوينىشىدۇ شوخلۇق قىلىپ،
ئەگكەنچە چېۋىقلارنىڭ بەللىرىنى.
ئەندىكىپ قېچىشىدۇ يوپۇرماقلار،
شوخلۇقتىن سۆيۈۋېلىپ بىر - بىرىنى.

باغلاردا چېكەتكىلەر قىلار نەغمە،
بۇلاقلار شىرىلدايدۇ ئاڭا تەگكەش،
كۆز قىسىپ مارىلايدۇ كۆلەڭگىلەر،
بارمىكىن يار قەلبىدە ھەسەت - كۆنلەش.

كۆرۈنۈپ قالار غىل - پال قىلىپ بەزى،
چولپاننىڭ ئەينىكىدەك گۈزەل ماھى.
باش قويغان بۇلۇتلارمۇ چوققىلارغا،
ۋادىلار ئەسنىشىدۇ جۆيلۈپ گاھى.

ياندىشىپ تاش ئۈستىگە شۇنچە يېقىن
سوزۇلغان يىراقلارغا چەكسىز ئورمان.
ئورماننىڭ سايىسىدا خىلۋەت يەردە
ياڭرايدۇ ۋىسال كۈيى شۇنچە لەرزان.

www.uyghurkitap.com

## ئاي زېمىنغا چاچىدۇ جۇلا

ئاي زېمىنغا چاچىدۇ جۇلا،
گۈل بەرگىدە زەر- ياقۇت شەبنەم.
كېلەر باغدىن چېكەتكە ئۈنى،
ماڭا ئۈلپەت خۇشاللىق بۈدەم.

كەل نىگارىم تۇتقۇن قولۇمنى،
ئويناپلى بىز باغلارنى كۆرۈپ.
نەۋ باھارنىڭ مەيىن شامىلى
قېنىۋالسۇن لەۋلەرنى سۆيۈپ.

يۇلتۇزلارمۇ ئۇزۇندىن بۇيان
تەلمۈرىدۇ نە ئۈچۈن بۇ ھال؟
ئىشقىمىزدىن قوشاقلار توقۇپ،
سورايلى بىز ئۇلاردىن ئەھۋال.

شۇ ئۇزاقى ھىجرانلىق كۈنلەر
نېمە قىسمەت سالمىدى باشقا؟

يالقۇن ئەزىزى

## بىر تامچە ياش

ئايدىڭ كېچە سۈس قىمىرلار كۆكتە يۇلتۇز،
شامال سوققان قوڭغۇراقتەك تىترەر تېنىم.
يەلكىمىنى دولقۇنلىتار ئەسلىمەمنىڭ،
چىرىپ كەتكەن تومۇرۇمدا سوغۇق قېنىم.

خىياللارغا شەپە بېرىپ ئاق يېغىندىن،
لەيلەپ يۈرەر ھەسرەت بولۇپ ئاپئاق تۇمان.
تىۋىنىمەن ئاھ! ئولتۇرۇپ قارا يەرگە،
شىۋىرلايدۇ بوش ۋە ئاجىز قويۇق ئورمان.

ئارمانلىرىم تۆكۈلمەكتە شەبنەم بولۇپ،
چۈشلىرىمگە يۆگەشمەكتە چەكسىز خىيال.
توڭۇپ كەتكەن ئاق قوشقاچتەك تىترىمەكتە،
قەيەردىدۇ، قەيەردىدۇ گۈزەل ۋىسال.

بوغۇچلاندى ئۈمىدىمنىڭ قاناتلىرى،
يەردە ياتقان كۆلەڭگەمۇ كەتتى ئۆڭۈپ.
پارە- پارە بولدى دىل- يۈرەك،
تولدى كۆزلەر ئەلەملىك ياشقا.

ئاچتى بىزگە مېھرىلىك قۇچاق،
بەكمۇ ئىللىق كەڭ قوللۇق زامان.
ئۇزۇن- ئۇزۇن چۈشلەردىن كېيىن،
ئويغىنىپ بىز ئۇچراشتۇق ئامان.

كۆڭۈللەردە قالمىدى ھېچ داغ،
تاڭ يامغۇرى كەتكەچكە يۇيۇپ.
يەنە قايتا ياشاردى كۆكلەپ
قاقشال دەرەخ نۇرغا تويۇنۇپ.

كەل نىگارىم، تۇتۇپ قولۇمنى
سەيلى قىلغىن باغلارنى كۆرۈپ.
نەۋ باھارنىڭ مەيىن شامىلى،
قېنىۋالسۇن لەۋلەرنى سۆيۈپ.

تولۇن ئاينىڭ ئاپئاق كۈچسىز نۇرى ئىچرە،
ئاسمى دولقۇن بۇرۇغۇنلارغا بىراق چۆكۈپ.

قېتىپ قالغان كۆزۈمدىكى بىر تامچە ياش،
يۇيۇپ ئۆتمەس يۈرەكتىكى ھەيكەللىكنى.
چۈشەكىگەن مانانلىق بىر كۈز كېچىسى،
گۈلدىن- گۈلگە چېچىۋەتتىم قەسىمىمنى.

بېغىشىدىن ئاجراپ كەتكەن تەنھا يۈرەك،
ئالقىنىمدا تىپىرلايدۇ ئۈنسىز پەقەت.

## كۈي كۈيلە مەن ئۈچۈن بولسىمۇ بىر ئاز

كۈي كۈيلە مەن ئۈچۈن بولسىمۇ بىر ئاز،
ئۈن-تۈنسىز ئاشىقمەن سېنىڭ كۈيۈڭگە.
ئارمانلار ئىلكىدە قىلىمەن پەرۋاز،
ھېچ بىر ئۈن ئوخشىماس سېنىڭ ئۈنۈڭگە!

تۇمانلىق ئاسماندا ئۈزەر ئاي مۆڭلۇق،
ئاھ! ئاپئاق ۋە كۈچسىز چېچىپ نۇردىنى.
يۈرەكتىن بىر يىغا چىقماقتا يامراپ،
ئاھ! مېنىڭ چوقۇنغان شۇ كىشىم قېنى؟!

كۆي-كۆيلە مەن ئۈچۈن بولسىمۇ بىرئاز،
ئەي ماڭا مەدەتكار ساددا قوشاقچى.
غۇبارسىز مىسرالار يېتىلسە بىر كۈن
ئىشەنگىن مەن سېنى ئىزدەپ بارماقچى!

قەدەم دىربەنزادە (تاجىك)

## بىرگىن — ئولجا، ئەتە — ئوۋچى

سۆيگۈگە قىلىمەن ھەردەم ئىلتىجا،
چۈنكى مەن ھېسسىيات ئاشىقى-ئىنسان.
خارلانغان ھېسلىرىم-مىسكىن لىرىكا،
دەۋرىمىنىڭ ھۆسنىدە تۇرار داغسىمان.

زارلانغان چىن سۆيگۈم تىنىقلىرىدىن
كۆچمىدۇ تارىخنىڭ بېتىگە ناخشا.
«سۆيگۈسىز مۈلك ①خاراب»...دېگەن نىدالار
كېلەچەك ئوغلىنىڭ ئېڭىغا ئولجا!

ئەركىن روزى

## سېنى ئىزدەپ

كۆز يۈگۈرتۈپ كىردىم باغلارغا
سېنى سوراپ گۈلچى مومايدىن.
تەرلەپ-پىشىپ چىقتىم تاغلارغا
سېنى سوراپ كانچى بوۋايدىن.

مەكتەپتىمۇ ئىزلىرىڭمۇ يوق،
مەسچىتكىمۇ باسمايسەن ئاياق.
ئاتلانمايسەن ياكى سەپەرگە،
يىراقلارغا، كۆتۈرۈپ بايراق.

كۈن چۈشمىگەن تامنىڭ تۈۋىدىن
سېنى ئىزدەپ تاپتىم شۇنچە تەس.
باشلىرىڭدا لەيلەيدۇ توزان،
ھورۇنلۇقتىن باسقان سېنى نەس.

بىلىنمەيدۇ ساڭا بۇ نەسلىك،
بىكارچىلىق تۇغار نېمىنى.
مىدىرلىغۇك كەلسىچۇ ئەمدى،
ئەتىنىڭكىمۇ يېگىن غېمىنى.

## نۇرغا ئاشىق بولمايسەن ئەجەب

كۆزلىرىڭدىن تارامىلدى ياش،
ناخشام بىلەن قىلدىم ئىشارەت.
تىزلىنىپمۇ ئەگدىم ساڭا باش،
كېلەچەكتىن بەردىم بىشارەت.

ياشاپ كەلدىم تەرگە چۆمۈلۈپ،
كۆز ئالدىمدىن كەتمىگەچكە سەن.
ئارمانلارغا قالدىم كۆمۈلۈپ،
جان قەدرىمگە يەتمىگەچكە سەن.

تېپىرلىدىم پەقەت سېنى دەپ،
ئۆزۈڭ ئەسلا ئالمىدىڭ ئىلىك.
نۇرغا ئاشىق بولمايسەن ئەجەب،
تېنىمنى مەن قىلسامۇ پىلىك.

بىزار بولدۇم غەمسىزلىكىڭدىن،
قاشىشاقلىقىڭ ياشلار كۆزۈمنى.
ئازابىتمەن پەمسىزلىكىڭدىن،
ئېغىر ئالما يۈرەك سۆزۈمنى.

---

① مۈلك — دىيار.

ئەمنجان تۇرسۇن

## سەن

ئاي چىقمىدى ئاسمانغا جىنىم،
قارا چۈمبەل ئارتتى كەڭ دۇنيا.
ئاي چىقمىسا چىقمىسۇن مەيلى،
سەنلا چىقىپ بول ماڭا ھەمراھ.

## قاچان كۆرۈمەن

بۇ ئالەمدە دوزاخ يوق دەيدۇ،
راست بولمىسا نىچۈن كۆيىمەن.
دوزاخ ئىكەن كۆيدۈرگەن گۈزەل،
جەننىتىنى قاچان كۆرىمەن.

## بوۋاق

ھەر تەرەپكە تىپچەكلەر بوۋاق،
گاھى كۈلۈپ، گاھى ئىڭسەدەپ.
دېرىزىدىن مارىغان ئاينى،
پاك قەلبىمگە قاچان سىڭەر دەپ.

تۇراپ ھەسەن

## ئەتىگەن

مەن ئۇچۈن ياپما يۈزۈڭنى، ئەتىگەن،
ھەم يىراق قىلما ئۆزۈڭنى، ئەتىگەن.

گۈل ئېلىپ كەپسەن قېشىمغا دەستىلەپ،
ئاھ، سۆيەي باسقان ئىزىڭنى، ئەتىگەن.

تولدى كۆلبەم خۇش پۇراققا، «خوش!» دېدىڭ
ئوق قىلىپ چولپان كۆزۈڭنى، ئەتىگەن.
ئۆرگىلەي،
كەپتۇر مۇشۇنداق،
مەنمۇ خۇش
ئاڭلىسام شېرىن سۆزۈڭنى، ئەتىگەن!

ساداقەتجان ھاجى

## شېئىرلار

### يامغۇرلۇق كېچە

يامغۇر ياغقان ئاشۇ كېچىنى
ئەسكە ئېلىپ سۈرىمەن خىيال.
ئىككىمىزگە بولغانتى كۈنلۈك
يول بويىدا ئۆسكەن مەجنۇنتال.

يامغۇر ياغقان ئاشۇ كېچىنى
چىقارمايمەن ئېسىمدىن زىنھار.
چۈنكى شۇ كۈن جانانىم ساڭا
قىلغانىدىم سۆيگۈمنى ئىزھار.

يامغۇر ياغقان ئاشۇ بىر كېچە
غازاڭلارغا تولغانىدى يول.
لېكىن، يامغۇر ئېچىلدۇرغانتى
قەلبىمىزدە بىر جۈپ قىزىلگۈل.

## سېغىنسام سېنى

تۇنلىرى خىيالەن سېغىنسام سېنى،
كىرپىكىم جۇپلەشمەس، جۇپلىشالمەس ھەم.
قەدەھتە چاقنىغان سۈزۈك مەي كەبى
كۆزۈمدە يالتىراپ تۇرىدۇ شەبنەم.

كۆزۈمدە سۆيگۈنىڭ سۈزۈك شارابى،
ۋىسالمۇ ئەمەس ھەم ھىجرانمۇ ئەمەس.
تۇنلىرى خىيالەن سېغىنسام سېنى
سۈزۈك مەي سېھرىدىن كىرپىكلىرىم مەس.

تۇنلىرى خىيالەن سېغىنسام سېنى،
كىرپىكىم جۇپلەشمەس، جۇپلىشالمەس ھەم.
سەن ئۈچۈن ساقلىدىم ئارىسىدا مەي،
ئىنتىزار قەلبىڭگە بولسۇن، دەپ مەلھەم.

كىرپىكىم جۇپلەشمەس، جۇپلىشالمەس ھەم،
سەن ئۈچۈن ساقلىدىم ئارىسىدا مەي.
كىرپىكىم جۇپلەشمەس، جۇپلىشالمەس ھەم،
جانانىم شۇ مەينى ساڭا ئىچۈرمەي!

## خىيالىڭنى بەر

كەل، چېچىڭدىن رەڭ بەر كېچىگە،
كۆزلىرىڭدىن يۇلتۇز تۆكۈلسۇن.
شوخ بۇلاقنىڭ سىرلىق كۈيىگە
يۈزۈڭدىن ئاي چىقىپ چۆمۈلسۇن.

ھىدلىرىڭنى بەرگىن شامالغا،
ياپراقلارغا پۈركۈپ ئوينىسۇن.
خىيالىڭنى بەر مەجنۇنتاللارغا،
سۇ بويىدا مېنى ئويلىسۇن.

## يىراقتىن ياد ئېتىپ تۇرغىن ئەزىزىم

يىراقتىن ياد ئېتىپ تۇرغىن ئەزىزىم
مەنمۇ ھەم سېغىنىپ تۇرارمەن سېنى.
مۇھەببەت ئالدىدا پۈكۈلگەن تىزىم،
ئىلاھىي قولۇڭدا يۆلىگىن مېنى.

يىراقتىن ياد ئېتىپ تۇرغىن ئەزىزىم،
ۋە لېكىن مەندىن بەك يىراقلاپ كەتمە.
ھېچ خاتا چىقمىسۇن مېنىڭ پەرىزىم،
ئېسىڭدىن چىقىرىپ مېنى خار ئەتمە.

يىراقتىن ياد ئېتىپ تۇرغىن ئەزىزىم،
مەيلى مەن غازاڭدەك سارغىيىپ كېتەي،
باھار كەلسە يەنە بىخ ئۇرار ئىزىم،
پەقەت بىرلا قېتىم ۋەسلىڭگە يېتەي.

## تونۇشمىساق بوپتىكەن ئەسلى

سەن ئازابتا، مەنمۇ ئازابتا،
يېتەلمىدۇق ۋىسالغا زىنھار.
بىلگەن بولسام بۇنى ئىلگىرى،
قىلماس ئىدىم سۆيگۈمنى ئىزھار.

سەن ئازابتا، مەنمۇ ئازابتا،
ئاستىمىزدا غازاڭ نالىسى.
سۇندى ئىچمەي ۋىسال جېمىنى،
مۇھەببەتنىڭ زەر پىيالىسى.

باھار بولۇپ ياشنىمىدى ھەم،
بىزگە مەنسۇپ مۇھەببەت پەسلى،
ئازاب چېكىپ قالدۇق بىمەھەل،
تونۇشمىساق بوپتىكەن ئەسلى.

## ئېزىتقۇ خىيال

خىياللاردىن خالى ئىدىم ئىلگىرى،
ئەمدىلىكتە خىيال كىرىپ ئېزىقتىم.
سېھىرلىدى سۇمبۇل چېچىڭ تۇيغۇمنى،
ئېزىقتۇرغان كۆزلىرىڭگە قىزىقتىم.

قىزىقىشتا گۇمانلاندىم دۇنيادىن،
دۇنيامۇ ھەم باقتى ماڭا گۇماندا.
قۇياش بولۇپ چىقتىم، تاغدا ئۇپۇقتىن،
سېنى ئىزدەپ قالمىسۇن دەپ تۇماندا.

ماڭا قاراپ چاچلىرىڭنى تارىدىڭ،
بىراق ئېلىپ قاچتىڭ يەنە كۆزۈڭنى.

www.uyghurkitap.com

مەغرۇرلىنىپ ئەتراپىمغا قارىدىڭ،
ھەم بەختىيار سېزىپ شۇدەم ئۆزۈڭنى.

مەن ئارقاڭدىن كۆلەڭگۈدەك ئەگەشتىم،
ماڭغان چېغىڭ لەرزانغىنە تاشلىنىپ،
بولۇپ قالدىم ھەم دۇنياغا ئىشەنمەس،
مۇھەببەتلىك خىيال شۇنداق باشلىنىپ.

قىزىقىشقا قىزغىنىشىم كۈچەيدى،
كىرپىك بولۇپ توسقۇم كەلدى كۆزۈڭنى.
خوشلاشقۇدەك بولۇپ كەتتىم دۇنيادىن،
سۆيۈپ ئۆتكەن چېغى شامال يۈزۈڭنى.

خىيالىڭغا كىلەمدىكىن ئەي جانان،
بىر سېنى دەپ شۇنداق خىيال سۈرۈشۈم.
قىزغىنىپ بۇ كۆزى يامان دۇنيادىن
نەگە بارساڭ كۆلەڭگۈدەك يۈرۈشۈم.

مەيلى سەزگىن مەيلى سەزمە بەرىبىر،
سېھىرلىدى سۇمبۇل چېچىڭ تۇيغۇمنى.
چۈشلىرىمنى ئېزىقتۇرۇپ كۆزلىرىڭ،
ئارام بەرمەي ئېلىپ قاچتى ئۇيقۇمنى.

خىيال ـ قانات، خىيال ـ ھاياتمەن ئۈچۈن،
مەن دۇنيانى شۇ خىيالدا چۈشەندىم.
گۇمان بىلەن قارىسامىمۇ دۇنياغا،
مۇھەببەتكە گۇمان قىلماي ئىشەندىم.

### يېشىلگەن سىر

تاڭ سەھەردە كۆردۈم مەن سېنى،
شېئىر يادلاپ يۈرۈپسەن باغدا.
يېقىن كەلسەم سەزمىدىڭ مېنى،
سەزدۈرمىدىم مەنمۇ شۇ چاغدا.

سەزدۈرمىدىم مەن ساڭا زىنھار،
سەن شېئىرغا بولغانىتىڭ ئەسىر.
قەلبىمنىمۇ قىلمىدىم ئىزھار،
چۈنكى شۇ چاغ يېشىلگەنتى سىر،

سۆيگۈم سىڭگەن شېئىرلىرىمنى،
باغدا تەنھا يادلاپ يۈرۈپسەن...

### بىر تال يوپۇرماق

قۇچىقىدا ئۇخلاپ باھارنىڭ
ئەڭ ئاخىرقى بىر تال يوپۇرماق.
كۆز يۇمغاندۇ بەلكىم بولۇپ ئۇ
قاباھەتلىك قىشنى ئۇنتۇماق.

چۈشلىرىگە كىرىپ چىقماس ھەم،
ئۇنى سۆيۈپ تۇرغان باھارمۇ.
بەلكىم بىلمەس ئۇخلىغان يېرى
يۇمران شاخمۇ ۋە ياكى دارمۇ؟

قۇرۇپ كەتكەن ۋۇجۇدى ئۇنىڭ،
ۋە يوقاتقان تۇيغۇسىنىمۇ.
بەلكىم شامال قاتتىق تەگمىسە،
ئۇ بۇزمايدۇ ئۇيقۇسىنىمۇ.

قۇچىقىدا ئۇخلاپ باھارنىڭ
قۇرۇپ كەتكەن بىر تال يوپۇرماق.
قاچان نېسىپ بولاركىن تاڭەي!
بۇ ئۇيقۇدىن ئاڭا قۇتۇلماق؟



تەلئەت قادىرى

## كۆڭلۈمدىكى يېزىقسىز قۇرلار

### ئېقىنسىز دەريا

كۆز ئالدىمدا ياتار چەكسىز يېيىلىپ،
ئىزنالىرى بىر قەدىمىي ئېقىننىڭ.
ئۆچمىگەندەك قېرى جەڭچى تېنىدىن
قاچانلاردىن...
ئىزى تارىخ جېڭىنىڭ.

ئىزلىرىدا بۇ قەدىمىي دەريانىڭ،
ئۇچراپ تۇرار پات-پات لاۋا-لاتقىلار.
باسقان بەزى يەرلىرىنى ئوت-شىۋاق،
ئۇچرار تېخى تاش بېلىق ۋە باشقىلار.

پەيدا قىلدى ئالدىمدىلا بىر سۈرەت،
شۇدەم خىيال چاقمىقىنىڭ يالقۇنى:
نەرە تارتىپ كېلەر ئەنە دولقۇنلار،
بۇلۇتلارنى قوغلاپ يۈرەر شاۋقۇنى.

ئەركى دەريا ئۇپۇقتىكى شەپەقنى،
ئالار ئەنە چۆمۈلدۈرۈپ-چۆمدۈرۈپ.
ئوينار تېخى ئاخشاملىرى زېرىكسە،
دولقۇنىغا تولۇنئاينى مۆكتۈرۈپ.

كېچىلىرى ئاڭلانسا بۇ دەريانىڭ،
شاۋقۇنلىرى شىر ئۈنىدەك جاھانغا.
كۈندۈزلىرى ئۆتەر ئىدى يۇرتلاردىن،
ئوخشاپ قوشۇن تارتقان غالىب خاقانغا.

بىراق، قاچان؟! بۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى،
قۇرۇپ قالدى دەريا سۈيى ئۈزۈلدى.
ئادەملەرگە قۇرۇپ قالغان بۇ دەريا،
گويا مەغلۇپ قوشۇن بولۇپ كۆرۈندى.

قاراپ ھەممە بۇ ئېقىنسىز دەرياغا،
ئىمدى ھەرگىز سۇ كەلمەيدۇ دېيىشتى.
خۇددى ھۇجۇم باشلىغاندەك قەلئەگە،
يەر ئېچىشتى ۋە ئۆي-ماكان قىلىشتى.

لېكىن، ئۇلار ئۇنتۇغاندا دەريانى،
ۋە ئامەتكە خۇشال بولۇپ يۈرگەندە.
بولدى پاجىئە: تىرىلگەندەك قايتىدىن
كۆمۈپ قويسا قاي بىرىنى ئۆلگەندە،

گۈمبۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن جىلغىدىن
چىقتى ئېقىن شىر توپىدەك ئېتىلىپ.
يوق قىلدى ئۇ بىردەمدىلا ھەممىنى،
ئىگىسى يوق قېيىق ئوخشاش ئېقىتىپ.

### سۇنۇق ئابىدە

تۇرىدۇ ئالدىمدا سۇنۇق بىر دەرەخ،
گويا بىر يېتىمدەك ئۆكسۈپ-مۇڭلىنىپ.
بەلكى، تاغ باسقاندۇ ئۇنىڭ قەددىنى،
تۇرار دوك ئادەمدەك قەددى بوغۇلۇپ.

ئەسلەتتى شۇ تاپتا ماڭا بۇ دەرەخ،
بوراندا زەربە يەپ سۇنغان قاناتنى.
ئەسلەتتى شۇ تاپتا ماڭا بۇ دەرەخ،
خۇددى بىر نەجان بوپ قالغان ھاياتنى.

تېنىمنى مۇزلاتتى سوغۇق بىر سېزىم،
سىيرىلدى كۆزۈمدىن مۇزدەك تامچىلار.
سولاشتى كۆڭلۈمدە گۈللەر بىۋاقىت،
ئەسلىمە دولقۇنى سالدى قامچىلار.

* *

زېمىندىن سۈتئېمىپ، كۆكتىن زەڭگەر نۇر،
ياشنايتتى بۇ دەرەخ مەزمۇت رەۋىشتە.
ئۇ ئىدى كائىنات ئوغلى-ئەركىسى،
ئوبرازى نۇرلىنار ئىدى ئەرشتە.

ئۇ غالىب كېلەتتى جۇت-شىۋىرغاندىن،
ئالغاندەك مۇزلارنى دولقۇن سۇندۇرۇپ.
ئوينىشىپ ئۆسەتتى بوران بىلەن ئۇ،
ئۇچقاندەك بورانda بۈركۈت ئوق بولۇپ.

دەرىخا، بىلەلمەي قالدى بۇ دەرەخ،
ئۆسۈشنىڭ-كۆكلەشنىڭ زىيانلىقىنى.
ئەزەلدىن ئۆزگىدىن بولۇش ئۈستۈنرەك،
قايىنتار خەقلەرنىڭ پىغانلىرىنى.

دېمەككىم، تەبىئەت ئىلاھىيەسى،
بىتۇ يوق ھەسەتكە بولدى ھامىلدار.
پۈركىدى جاھاننى ئۇ ئىس-تۈتەككە،
چاچقاندەك گويا ئوت كۈرمىڭ ئەجدىھار.

ھەي، ئېسىت! دەرەخكە تەگدى بىر قىلىچ،
سۇندى ئۇ قىلىچمۇ دەرەخ بىلەن تەڭ.
دەرەخنىڭ تېنىدە قاتتى مۇز ئوخشاش،
ئالدىنىش-پۇشايمان، ئاچچىق دەرد-ئەلەم.

بىر كۈنى شۇ جايغا كېلىپ كۆك بۆرە،
دەرەخنى يۆلىدى، ئالدى تۇتقۇزۇپ.
دەرىخا، بىلىندىن سۇنغان بۇ دەرەخ،
قىينالدى، ئالالماي كەلدى رۇسلىنىپ.

ئەزەلدىن باش كېسىش بولار قاتىللىق،
بىلىندىن سۇندۇرۇش شۇڭا بەك ئاسان.
چاقىسىلا پۇتىنى ياكى قولىنى،
تارتىلىماس جازاغا-قالىدۇ ئامان.

بولىدۇ قىلىچ گەر سۇنسا ئۇلاشقا،
يېقىلغان سىپىلنى قۇرۇش ھەم مۇمكىن.
ساقىيار-تۈزلىنەر بەلكىم بىر كۈنى،
بۇ سۇنۇق دەرەخمۇ كۆكلىگەن بىختىن.

ھەيكەلمۇ زىمىن

يۆلىنىپ تەسەۋۋۇر قاناتلىرىغا،
سۈكۈتنىڭ قوينىدا خىيال سۈرىمەن.
ساناقسىز قەبرىدەك قۇم بارخىنىدىن،
شۇنداق بىر سۈرەتنى ئېنىق كۆرىمەن.

نېمىشقا، بىزدە ئۇ ھەيكەل ۋە مۇنار،
قەد كېرىپ تۇرىدۇ قۇملار ئاستىدا.
قۇمغا كىم يوشۇرۇپ قويغان ئۇلارنى،
نېمىشقا، زۇۋانسىز تارىخ نېمىشقا؟!

نېمىشقا، چوڭغىمۇ ۋە كىچىككىمۇ،
ئوخشاشلا بىپەرق قەبرە قاتۇردۇق.
نېمىشقا، بىباھا بايلىقىمىزنى،
يوق قىلدۇق، بارلارنى لايغا پاتۇردۇق؟!

نېمىشقا، باشقىلار ئىھرام تىكلىسە،
بىز بۇنداق ئىھرامدىن تاشلار قومۇردۇق.
نېمىشقا، چىرمىدى بىزنى نادانلىق،
ئەجدادلار بېشىنى تاشقا چوقۇدۇق؟...

تۇمانلار قاپلىغان ئاچچىق خىيالىم،
تىنماستىن ئويغىتىپ كەلدى خىياللار.
بىزگىمۇ ئەلبەتتە يارىشىدىكەن،
ئۇلۇغقا تىكلىسەك ھەيكەل — مۇنارلار.

تىكلىسەك ئۆلكەندە شائىر-ئەدىبكە،
تىكلىسەك ئۆلكەندە بۈيۈك ئالىمغا.
تىكلىسەك ئۆلكەندە مەشھۇر شەخسكە،
تىكلىسەك نېمبولدى ھەتتا زالىمغا.

قايتا قەد كۆتەرسە، ئالسا تىكلىنىپ،
هەر يۈكسەك مۇنارلار قەددىم ماكاندا.
كېلىشسە ئۆزگىلەر قىلىپ زىيارەت،
تونۇلۇپ باقمادۇق بىزمۇ جاهانغا.

كەتمەستى هەيكەل ۋە مۇنار توشۇپمۇ،
تاپاتتۇق يەتمىسە كېرەكلىك زېمىن.
ئۇ قارلىق چوققىدەك مەزمۇت ۋە يۈكسەك،
قۇرايلى دۇنيادا هەيكەللىك زېمىن!...

مەنە! ئوۋ ئوخشايمەن

ئالغىنىدا ئاپئاق قارغا يۆگىنىپ
تەبىئەتنىڭ تاغۇ دالا، جىلغىسى.
قالغاندىم، بۇندا ئاتلىق يول ئېلىپ،
كىرپىكىمگە قوناتتى قار جىلۋىسى.

قېيىنزارغا كەلگىنىمدە يېقىنلاپ،
كىشنەپ كەتتى ئېتىم بىردىن يۇلقۇنۇپ.
ئەتراپىمغا باقتىم چۆچۈپ - ئەندىكىپ،
يۈرىكىمگە تەگدى بۇ ئىش ئوق بولۇپ.

ياتار ئىدى هالسىزلانغان بىر كېيىك،
دەسسىۋالغاچ بىر يوشۇرۇن قاپقانغا.
ئۇ تېپىرلاپ بولماس ئىدى ئاۋارە،
چىرمالغاندەك گويا پولات ئارقاندا.

باقتىم شۇئان قاپقاندىكى ئوۋغا مەن،
يالتىرايتتى مۈڭ ۋە ئەندىش كۆزىدە.
شۇنداق چەكسىز ئەلەم، ئازاب، خورلىنىش،
سېزەر ئىدى كېيىك شۇتاپ ئۆزىدە.

بولسا ئىدى ناۋادا ئۇ بىر قاغا،
بولسا ئىدى ناۋادا ئۇ بىر ئېشەك.
قۇرۇلمايتتى قاپقانلارمۇ يولىدا،
هەم ئوقلارنى ئۇزۇش ئاڭا نېمە كېرەك.

دېمەك، ئۇنى ئۆزگىلەرگە ئوۋ قىلغان،
باغرىدىكى دىماغ يارغان ھىد - ئىپار.
شۇڭا ئۇنىڭ ئوۋچىلىرى بەك تولا،
پۇرسەت تېپىپ قاپقان قۇرۇپ، ئوق ئاتار.

قىزىق، مەنمۇ شۇنداقلا ئوۋ ئوخشايمەن،
سېزىپ قالدىم بەلكى ئويلاپ كېيىنكى.
مەندىمۇ ھەم بولغاچ ئازراق ھىد - ئىپار،
ئوۋلاپ تۇرار ئوۋچىلىرىم ھەم مېنى.

ياقۇپ ئۆمەر

## شېئىرلار

### كەچقۇرۇن

زېمىنگە تۆكۈپ ئالتۇن نۇرلىرىنى
مۆكمەكتە تاغ كەينىگە كەچكى قۇياش.
ئۇپۇقنىڭ گىرۋىكىدە يالتىرار نۇر،
گوياكى كۆك قەرىدە بولۇپ ئوتقاش.

يانماقتا يايلاقلاردىن قوي پادىسى
توپىلىق چىغىر يولنى چاڭ كەلتۈرۈپ.
جور بولۇپ شوخ شامالغا چاۋاك چالار
دەل - دەرەخ تەبىئەتنىڭ پەيزىن سۈرۈپ.

مۆكچەيگەن بوۋاي بىلەن مومايلارغا،
كېلىنلەر كىگىز ئۆيدە راسلار تائام.
نەدىندۇر ئاڭلىنار شوخ نەي ساداسى،
كىشىلەر كۆڭلىنى قىپ ئۆزىگە رام.

يۇلتۇزلار چاراقلىشار سان - ساناقسىز،
سامادا ئۈزەر بىرىپ ئەركىن بەلگە.
ياقۇتتەك نۇرلىرىنى چېچىپ ئايمۇ،
جىمجىتلىق بېغىشلايدۇ ھەممە يەرگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

### مۇھەببەتنى توسىماڭلار ئاتىلار

تۇنۇگۇنلا ياش ئىدىڭلار ئاتىلار،
سىلەرمۇ پاك مۇھەببەتكە ئىنتىلگەن.
سۆيگۈ بىلەن تىپىپ مادار تۈگىمەس،
ۋاپادار شوخ يىگىت بولۇپ يېتىلگەن.

خىيال سۈرۈپ ئۆتكۈزگەنغۇ سىلەرمۇ
ئۇخلىماستىن قانچە - قانچە تۈنلەرنى.
ھاياجان ھەم ئۈمىد بىرلە كۈتكەنغۇ
تەشنالىقتا ۋىسال پەيتى كۈنلەرنى.

سۆيگۈ تىلەپ تالاي قېتىم ئۆتكەنغۇ
ناخشا بىلەن ئىشىك چېكىپ كوچىدىن.
چىقسا سىرتقا جانانىڭلار ئەگەردە،
خىجىللىقتا مارىغانغۇ دالىدىدىن.

ئايىماستىن ئاتاڭلارنىڭ كۆڭلىنى،
ياشلىقىڭلار پەيزىنى خوپ سۈرگەنغۇ.
سەرسان بولۇپ چىن مۇھەببەت يولىدا،
مەجنۇن كەبى بىھوش بولۇپ يۈرگەنغۇ.

شۇ چاغ قەلب تۆرىڭلەردە چىن سۆيگۈ
بولغان ئىدى سېھىرلىك بىر ھۆكۈمران.
تەييار تۇرغان پەرھات كەبى ھەر دەقىق،
سادىقلىقتىن تۆكمەك ئۈچۈن قىزىل قان.

كەلسە بۈگۈن بىزگە ۋىسال نۆۋىتى،
رەنجىپ ھەرگىز تىللىماڭلار بىزلەرنى.
توسىماڭلار مۇھەببەتكە ئىنتىلسەك،
دورىغان بىز چىن سۆيگۈدە سىلەرنى.

### چىقمىدى

تەلمۈرۈپ كۈتتۈم ئۇزاق جانانى يارىم چىقمىدى،
گۈلچىراي، پەرى سۈپەت، قەددى چىنارىم چىقمىدى.

ئۈيقۇدىن بىدارى بولدۇم كۈن - تۈنى ئوي - غەم بىلەن،
ھەر سۆزى مەلھەم يۈرەككە دىلغا شىپارىم چىقمىدى.

تەلپۈنەر قەلبىم ھەمىشە ئاشۇ گۈل يۈزلۈك تامان،
مېھرى ئاتەش، دىلدا ئەڭ يۈكسەك سانارىم چىقمىدى.

گۈل بولۇپ كۆيدى يۈرەك، تاپماي ۋىسال ئارزۇ - تىلەك،
قالدىم ئىشىق سەۋداسىغا، شول غەمگۈزارىم چىقمىدى.

### قوشماق مىسرالار

پەرۋانە ساداقەت ئىشقىدا
كۆيۈپ كۈل بولۇشقا رازىكەن.
ۋاپاسىز كىشىلەر ۋىجدانىنى،
پۇل - مالغا تېگىشىپ يەيدىكەن.

*

قىز بۇندا تەشنالىق ئىلكىدە،
قىلىشقان ۋەدىنى ئويلايدۇ.
ۋە لېكىن ۋاپاسىز يىگىتى
باشقا بىر قىز بىلەن ئوينايدۇ.

* *

ئامەت كەلسە قېشىمغا،
ماڭا قۇچاق ئاچىسەن.
ئاپەت كەلسە بېشىمغا،
مەندىن نېرى قاچىسەن.

* *

شان قۇچسام ئالدىمدا ماختىدىڭ ئۇزاق،
ۋە لېكىن ئارقامدا قۇردۇڭ سەن تۇزاق.

* *

ئېغىزدا ھەممەتنى كۆرسىتەر چەكسىز،
ئەمەلدە ئۇنىڭدىن يوقتۇر ئەسلا ئىز.

* *

«ئال!» دېگەندە چىقار ھەممە ئالدىغا،
«بەر!» دېگەندە قاچار خالى دالدىغا.

* *

مەنزىل يىراق، ئېتىمىز ئورۇق،
كېچىمىز چوڭ، ئىچىمىز قۇرۇق.

ئابلەمت تۇردى

## تېۋىنما پەرىزات

تېۋىنما، پەرىزات چەكمىشلىرىمگە،
ئىلاھىي بورانغا سوقۇلغان گۈلۈم.
يىرگىنىش مېنىڭدىن ئۇزۇال سۆرەيدۇ،
ھاياتى كېيەندىن قۇتۇلسۇن ئۆمرۈم.

ئاھ، نۇرسىز كەپەمنى زەي بېسىپ قاپتۇ،
كىرپىك ئۇنچىسىدىن ھەيرانمۇ قالما.
دىلىڭ نۇر يىپىدا چەككىن بىلىمنى،
ئەپتىمدىن ئاداقى تېۋىنىپ يانما.

ئەي تەقدىر، ئىلاھى تورىما يولىنى،
چۈشۈمدە پەرىزات قۇچاق ئاچماقچى.
ئاھ، ئۇنتۇپ تاڭلارنى، كۆنگەي جايلارنى
چۈشلەرنىڭ سېھرىگە قەلب ياقماقچى.

تېۋىنما پەرىزات چەكمىشلىرىمدىن،
چۈشۈمدە بويۇمغا چەمبىرەك سالغىن.
گۈمران قىپ ئېڭىمدا تەقدىر — ئىلاھنى
ئىلاھىي سۆيۈشنى ماڭا بىر بەرگىن.

ھەسەن تىلىۋالدى

## رۇبائىي ۋە پارچىلار

بەزىدە سەن خېلى ئويلاپ سۆزلىدىڭ،
بەزىدە سەن مېنى گوللاپ سۆزلىدىڭ،
ياخشىنى چۆكۈرۈپ، يامانىنى ماختاپ،
كۆڭلۈڭدە زادى سەن نېمە كۆزلىدىڭ.

* *

گۈزەللىك ئۆلچىمى ئەمەستۇر چىراي،
نە ھاجەت رەزىلنىڭ چېھرى بولسا ئاي.

ئەل - ئاۋام قەدىرلەپ سۆيەر ياقتۇرۇپ،
ھەقىقىي خىسلەتكە بولسا كىمكى باي.

* *

چىرايىڭ بولسىمۇ بەئەينى كۈندەك،
قەلبىڭنى بايقىسام قاراڭغۇ تۈندەك.
نادانلىق ئىلكىدە ئۆتكۈزسەڭ ئۆمۈر،
ياشلىقىڭ توزۇيدۇ بەئەينى كۈلدەك.

* *

قەترە مەن دولقۇنلۇق تۇرمۇش ئىچىدە،
ئۆزۈمەن تىنىمسىز كۈندۈز - كېچىدە.
ياراتسام ئەجرىمدىن زەررىچە تۆھپە،
ساقلىنار نام - ئىزىم تارىخ بېتىدە.

* *

ئادەمنىڭ يۈرىكى كۆرۈنمەس كۆزگە،
يۈرىكىم پاك دېسە ئىشەنمە سۆزگە.
سائىتى كەلگەندە سىنىلار دۈشمەن،
ئۇ ساڭا چىن دوستمۇ ۋە ياكى ئۆزگە.

* *

ھاياتنىڭ تەلىپى ئەمەس مال - مۈلۈك،
ئۆلچىنەر ھەر كىمنىڭ قىممىتى ئىشتا.
بىلمەن ئوغلۇم دەپ سۆيىدۇ ئەل - يۇرت،
كۆكلەمدە ئېچىلىپ سولماسلىق قىشتا.

* *

ئەجىرسىز راھەتكە مەست بوپ قىزىقىپ،
نادانلىق چۆلىدە يۈرمە ئېزىقىپ.
پۇشايمان ئوتىدا ئۆرتەنمەي دېسەڭ،
بەختلىق لېۋىغا قالمىغىن يېتىپ.

* *

ئاسمانغا تۇكۇرسەڭ يۈزۈڭگە تامار،
بېشەمگە سۆز قىلساڭ ئۆزۈڭگە يانار.
نادانغا ئالدىراپ بەرمە سىرىڭنى،
قاپقانغا چۈشۈرۈپ جېنىڭنى ئالار.

* *

ئەقلىڭ بىلەن نەزەر سالساڭ ئالەمگە،
ھەر كۈن بايرام بولمۇ ئەمەس ئادەمگە.
بىلسەڭ كىبىر بىلمىسىزلىك، بەختلىق،
يېقىن دوستتۇر ۋاقىتسىز دەرد - ماتەمگە.

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى مەمتىمىن بارى.



ياسىن زىلال

# شائىر ۋە ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى

نۆۋەتتە شېئىرىيىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى توغرىسىدا كۈچلۈك غۇلغۇلا بولۇۋاتىدۇ، بۇ ھال مېنى چەكسىز سۆيۈندۈردى. ھەرقانداق بەس-مۇنازىرە بىر ئىلمىي ھەقىقەتنى ئىزدەيدۇ ۋە ئاخىرى ئۇنى تېپىپ چىقىدۇ. تېپىلغان ھەقىقەت گويا خىسلەتلىك غەلۋىرگە ئوخشاش، سامان بىلەن داننى، چار بىلەن توپاننى ئايرىيدۇ. ئارپا، بۇغداي، گۈرۈچ، تېرىقنىڭ ھەممىسى ئاشلىق ھېسابلانسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى، تاۋارلىق قىممىتى، تەبىئىتى ئوخشاش ئەمەس. شېئىرىيىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭغا بولغان چۈشەنچىلەر گويا چەشلەنمىگەن خاماندەك، بەجايىكى ئارىلىشىپ كەتكەن ئارپا، بۇغداي، گۈرۈچ، تېرىق دۆۋىسىدەك بىر ھالەتتە تۇرۇپتۇ. بىزگە بۇلارنى ئايرىيدىغان بىر خىسلەتلىك غەلۋىر تولىمۇ زۆرۈر بولۇپ قالدى.

شېئىرنىڭ بەدىئىي ساپاسى شائىر ئىستېداتىنىڭ ساپاسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. پارقىراپ تۇرغاننىڭ ھەممىسى ئالتۇن ئەمەس، ھالقا سوققۇچىلارنىڭ ھەممىسى زەرگار ئەمەس، يالقۇندىن ساق چىقالىغانلىرى ئالتۇن، ئۇنى ھەقىقىي تونۇيالايدىغانلىرى زەرگاردۇر. ھاياتتا مىسنى زەر ئورنىدا ساتىدىغان ساختىپەز «زەرگار»لارمۇ، ئالتۇن ئالدىم دەپ مىس ئالىدىغان ساددا خېرىدارلارمۇ بار. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىمنىڭ ئالدىغانلىقى، كىمنىڭ ئالدانغانلىقى ئايان بولىدۇ، بىراق كېيىنكى پۇشايمان پايدا بەرمەيدۇ.

ھەقىقىي شائىرنىڭ تالانت، ئىستېداتى بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەن ھەربىر مىسرا زەرگار سوققان جىڭ ئالتۇن بۇيۇمدەك ئەتىۋار، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ قىممەتلىك. شۇڭا شېئىرنىڭ ساپاسى ئۈستىدە سۆزلىگەندە، شائىرنىڭ ساپاسى ئەڭ ئاۋۋال تىلغا ئېلىنىدۇ، بىز شېئىرىيىتىمىزنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرىمىز دەيدىكەنمىز، ئالدى بىلەن شائىرلىرىمىزنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشىمىز لازىم. مەن دەل ئاشۇ ئېھتىياج تۈپەيلىدىن شائىر ۋە ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى ھەققىدە تۆت-بەش ئېغىز گەپ قىلىشنى ئويلاپ قالدىم.

شېئىر يازغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ شائىر دېگەن ئۇلۇغ مەرتىۋىگە مۇناسىپ بولالىشى ناتايىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شېئىر شەكلىگە چۈشكەن گەپ-سۆزلەرنىڭ ھەممە-

سىنى شېئىر دېگىلى بولمايدۇ. شېئىر يۈكسەك ئىجادىيەت، شائىرنىڭ پائالىيىتى ـ نازۇك ئىجابىي پائالىيەت. ئۇنداق ئىكەن، يۇقىرى ئىجادىيەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن مىسرالاردىن تەركىب تاپقان قۇرۇلما شېئىر بولىدۇ. رېئال ھايات ۋە روھىي دۇنيانى سەزگۈر ئىجادكارغا خاس تالانت بىلەن بايقاپ، ئۇنى يۇقىرى ئىجادىي سەنئەت سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈپ ئىپادە قىلالىغۇچى شائىر ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر مىللىتى شائىر مىللەت، ئۇيغۇر يۇرتى شېئىرىيەتنىڭ ماكانى! ھەربىر ئۇيغۇر پەرزەنتىنىڭ قەلبىدە ئاجايىپ گۈزەل مىسرالار مەۋجۇت. خەلقىمىزنىڭ ئىچىدە بىرەر كۇپلېت شېئىر تۈزۈپ باقمىغان ياكى ناخشا ـ قوشاق ئېيتىپ باقمىغان ئادەم يوق دېسىمۇ بولىدۇ. خەلق ئارىسىدا گۈزەل ۋە ئوتلۇق قوشاقلارنىڭ ئادەمنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدە مول بولۇشى خەلقىمىزنىڭ شائىر خەلق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ رېئاللىق ھازىر قولىغا قەلەم ئېلىپ شېئىر يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارنىڭ خەلقنىڭ شېئىرىيىتىنى، ئېستېتىك سەۋىيىسىنى تۆۋەن چاغلىماسلىقىنىڭ لازىملىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. خەلقىمىزنىڭ ئاجايىپ نازۇك شېئىرىي تۇيغۇغا تولغان روھىنى چوڭقۇر چۈشەنمىگەن ئادەملەر ئۆزلىرىنى ئۆزىگە ھايات ۋە ئەقىل نۇرى بەرگەن خەلقتىن يۇقىرى چاغلايدۇ. ئۇنداق ئادەملەرنىڭ شائىر بولالىشىمۇ دەرگۇمان!

شائىرلىرىمىز ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ شائىر مىللەتنىڭ پەرزەنتى ئىكەنلىكىنى، شائىر مىللەتنىڭ شائىرى بولۇشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى چۈشىنىشى لازىم. تونۇش ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن، ئۆزىدە شائىرغا خاس خىسلەت يېتىلدۈرۈشى زۆرۈر. شائىر بولۇش شەرەپلىك، ئەمما ئاسان ئەمەس. شائىر بولۇش ئىستىكى تەڭداشسىز شېرىن، ئەمما شائىر بولماق تەس. شائىر بولالىساڭ، ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقماقمۇ ئاسانغا توختىمايدۇ. ھەقىقىي شائىر تۈن قاراڭغۇلۇقىدا مەشئەل كۆتۈرگۈچى، روھىيەت ئالىمىدە كۈن ئويغانمىغاندا ئۇپۇققا گۈلخان ياققۇچىدۇر. ھەقىقىي شائىر ئۆز خەلقىنىڭ دانكوسى!

شائىر ــ ئۇلۇغ، تەڭداشسىز ئۇنۋان. بۇ ئۇنۋاننى بىزگە پەقەت خەلقلا بېرەلەيدۇ. سېنىڭ روھىڭ خەلقىڭ روھى بىلەن بىر بولغاندىلا، سېنىڭ ۋىجدانىڭ خەلق ۋىجدانى بولغاندىلا، سېنىڭ دېگەنلىرىڭ خەلقىڭ يۈرەك سۆزى بولغاندىلا، سېنىڭ ئىزدىگەنلىرىڭ خەلقىڭ ئىزدىگەنلىرى بولغاندىلا، خەلق ساڭا شائىرلىق تاجىنى كىيگۈزىدۇ.

شائىرلىق شۆھرەت مەستانىلىرىگە مەڭگۈ مەنسۇپ ئەمەس، دەرۋەقە شائىرلىق شۆھرىتى شاھلارنىڭ شۆھرىتىدىن كۆپ شەۋكەتلىك. شۇڭا خەلق شائىرلىق تاجىنى كىيگۈزگەن شائىر شاھلارنىڭ تاجىغا ھەرگىز مەستانە كۆزلىرىنى تىكمەيدۇ. ئەمما ئالەمنى ئەيمىنىشكە سالىدىغان سەلتەنەت ئۈستىدە ئولتۇرغان شاھلار شائىرلىق تاجىغا قول سوزۇپ باقىدۇ. كۆزىنى قىزارتىدۇ، بىراق شائىرلىق تاجىغا مۇيەسسەر بولۇش شاھلىق تاجىغا ئېرىشكەندەك ئاسان ئەمەس. چۈنكى شاھلىق تاجى خەنجەر ھەيۋىسىنىڭ ھىمايىسىدە قولغا كەلگەن بىلەن

شائىرلىق تاجى خەلقىنىڭ مۇھەببىتى ھىمايىسىدە قولغا كېلىدۇ. شائىرلىق يولىغا شۆھرەت مۇددىئاسى بىلەن كىرىدىپ كەلگەنلەر ھېچنىمىگە ئېرىشەلمەيلا قالماي، كۆلكىگە قالىدۇ.

بىزدە شۇنداق ئادەملەرمۇ باركى، شائىرنى باققال، شېئىرنى تەنزە ئورنىدا چۈشىنىپ، تاپاۋەت قىلىش مەقسىتىدە قولىغا قەلەم ئالىدۇ. ئۇلاردا نە شائىرانە تەلەك، نە تالانت، نە ۋىجدان تەشەببۇسى، نە خەلقىنىڭ ئارمانلىرى بىلەن كۆيۈنۈپ چوغلانغان يۈرەك يوق. ئۇلار بىر ئۆمۈر كېرەكسىز تۆمۈر-تەسەك بىلەن تەنزە ئاچقان تەنزىدكەشتەك، ئاللقاچان دېيىلىپ بولغان پىكىرلەردىن مىسرا تۈزۈپ، شېئىر تەنزىسى ئاچىدۇ. ئۇلار شائىرلىقنى جان بېقىشنىڭ ئەپلىك چارىسى دەپ بىلىدۇ. پارقىراپ تۇرغان سېرىق نەرسىلەر ئىچىدىن ئالتۇننى دەرھال تونۇۋالالماي ئالدانغان ئادەم يانچۇقىنى كېرەكسىز، قىممىتى يوق نەرسىلەر بىلەن تولدۇرۇۋالغانلىقىنى تۇيماي قالىدۇ. بۇنىڭ بەدىلىگە «شېئىردىيەت سېھىرگەرلىرى»جان باقىدۇ.

دېمەك، شېئىر شۆھرەت تېپىش ئۈچۈن، جان بېقىش ئۈچۈن، غەيرىي مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان دەستەك ئەمەس، شېئىر ۋىجدانىنىڭ چاقىرىقى، پاك روھنىڭ جۇشقۇنلىنىشى، گۈزەل ئارمانلار تولغان يۈرەكنىڭ پارتلىغان لاۋىسىدۇر. شېئىر زىمىستاندىكى گۈلخان، شېئىر روھىيەت ئېتىزلىرىنى ياشناتقۇچى يامغۇر، شېئىر تاڭ خورىزىنىڭ ئاۋازى، شېئىر باھار قالىغىچىنىڭ ۋىچىرلىشىدۇر.

شائىر مەنىۋى دۇنيادىكى ئېزىتقۇ ئەمەس، توغرا يولغا باشلىغۇچى رەھنەما! ئۇ ھەقىقىي مەنىسى بىلەن خېزىردۇر. شائىر ئەيسانىڭ نەپىسىدەك ئىسسىق نەپىسى بىلەن ئۆلگەن روھنى تىرىلدۈرگۈچى پەرشتە.

ناھايىتى ئەپسۇسكى، يېقىنقى بىرقانچە يىل مابەينىدە «شائىر» دېگەن بۇ نام تولىمۇ ئەرزان باھالىق نەرسىگە ئايلىنىپ قېلىپ، ئازدۇر-كۆپتۇر شېئىر يېزىۋاتقان ئادەملەرگە ئايانماي تارقىتىپ بېرىلدى.

«چېلەكتىكى سۇ قانچە يېرىم بولسا، شۇنچە شالاقلايدۇ». شائىرلىق سالاھىيەتكە تولىمىغان ئادەملەر بۇ نامغا ئىگە بولۇشى بىلەنلا كېرىلىپ كەتتى. ئۆزلىرىنى ئىنساندىن ئۈستۈن چاغلاپ گىدىيىشۇپلىشتى. بۇنىڭ بىلەن ئىككى خىل يامان نەتىجە كېلىپ چىقتى. بىر تەرەپتىن، «شائىر» دېگەن بۇ نام خەلقىنىڭ ھۆرمەت تۇيغۇسىدىن خېلىلا يىراقلاپ كەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، شېئىردىيەتنىڭ گۈللىنىشىگە زىيان يەتتى. چۈنكى ھاكاۋۇرلۇق ئىنسانىنىڭ ئىلگىرىلەش يولىدىكى يوشۇرۇن قاپقان. پەخەس بولمىساڭ، ئۇ سېنى زەخمىناك قىلىدۇ. پۇتىدىن ئايرىلغان ئادەمنىڭ بېجىرىم ئادەم بىلەن تەڭ يول يۈرۈپ مەنزىلگە يېتىپ بېرىشى تەسەۋۋۇردىن يىراق. مەنمۇ شائىر ئاتىلىپ قالدىم. ھەر قېتىم ئۆز نامىمنىڭ شائىر دېگەن سۆز بىلەن قوشۇلۇپ ئاتالغانلىقىنى ئاڭلىغىنىمدا، ئۆزۈمنى چەكسىز خىجىللىق ئىچىدە ھېس قىلىمەن.

ئەي ياران، شېئىر ئەمەس ئۇنداق ئاسان ئويلايدىغان...
قۇرئارا سۆزلەرنى مارجاندەك تىزىپ ئوينايدىغان.

ئۇ ئەمەس ۋە ياكى باققال ـ تەنزىدكەشىنىڭ تەنزىسى،
ئاقچا كەم چاغلاردا بەش پۇلغا سېتىپ خەجلەيدىغان.
ئۇ گويا كىرسىز قەلبتىن جۇش ئۇرۇپ تاشقان بۇلاق،
ھەم لاۋا ئاياز تۈۋى يازنى بەخش ئەيلەيدىغان.
شېئىردۇر ئاي شولىسىدا چاقنىغان مىسران قىلىچ،
بىسىدىن ئوتلۇق قۇياشتەك نۇر، چېقىن تارقايدىغان.

«ئەخلاق ئادەم زىننىتى». ئەخلاق ئادەم بىلەن ھايۋاننى ئايرىپ تۇرىدىغان ئالتۇن تام. ئەخلاقتىن مەھرۇم بولغان ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى ئويلاش قورقۇنچلۇق. ئەخلاق ــ ئىنسانلار ئۆزلىرىنى ئىنسان دەپ تونۇشقا مۇيەسسەر بولغاندىن باشلاپ ھەر مىنۇت سۆزلىنىپ كەلگەن بۈيۈك تېما. ئادەم بالىسى ئۆزىنى ئادەم دەپ ھېسابلايدىكەن، روھىنى ئەخلاقنىڭ مەشئىلى بىلەن نۇرىستان ئېتىشى لازىم.

شائىر جەمئىيەتنىڭ ئۇستازى، دەۋرىنىڭ مۇئەللىمى، ئۇنىڭ خەلقنى تەربىيىلەش، جۈملىدىن ئەخلاقىي جەھەتتە تەربىيىلەش مەجبۇرىيىتى بار. باشقىلارنى تەربىيىلەش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزۈڭ تەربىيىلىنىشىڭ كېرەك. مېنىڭچە، شائىر جەمئىيەت ئەربابى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىپ، خەلققە ئەڭ گۈزەل پەزىلەتلەردىن نەمۇنە كۆرسىتىپ بېرىشى زۆرۈر، «موللىنىڭ دېگىنىنى قىل، قىلغىنىنى قىلما» بولۇپ قالسا، بەك سەت بولغىنى. دەرۋەقە بىزدە «موللا ھەممىنى بىلەر، ئۆزى قوپۇپ كۆلگە سىيەر» دېگەندەك شائىرلار يوق ئەمەس. ئۇلار «شائىر دېگەننىڭ ئۆزىنى كۆرمەي، شېئىرىنى ئوقۇسا بولىدۇ» دېگەندەك گەپلەرنىڭ چىقىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. بىزنىڭ يازغانلىرىمىز ئېقى قەغەز، قارىسى سىياھ بولۇپ قېلىۋەرسە، دېگەنلىرىمىزگە ئۆزىمىز ئەمەل قىلمىساق، باشقىلار قانداق ئەمەل قىلسۇن؟! ئۇنداقتا بىز قانداقمۇ جەمئىيەتنىڭ ئۇستازى، دەۋرىنىڭ مۇئەللىمى بولالايمىز؟!

«مېۋىلىك دەرەخ ئېگىلىدۇ»، دەرياغا سۇ قانچە تولسا، ئۇ شۇنچە تىنىچ ئاقىدۇ. شائىر ئەقىل ـ پاراسىتىدىن ئەلگە تىنماي مېۋە بېرىدىغان دەرەخ روھىيەت دالىسىنى بەھرى بىلەن ياشناتقۇچى دەريا بولۇشى لازىم. شائىرغا كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ئالىيجاناب، ئالىي سۈپەت بولۇش تولىمۇ مۇھىم. شائىرنىڭ نامى كۆپكە تونۇش بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا تىكىلىدىغان كۆز، دىققەت قىلىدىغان قۇلاقمۇ نۇرغۇن بولىدۇ. ئاۋام سەندىن سەن ئويلىغاندىنمۇ ئارتۇق نەرسىلەرنى ئىزدەيدۇ. سەن يازغان مىسرالاردىكى گۈزەللىكنى سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭدىن كۆرۈشنى ئارزۇلايدۇ. ھەتتا سېنىڭ كىتابخانلىرىڭ سەندە تېخى يېتىلمىگەن يۈكسەكلىكلەرنى ساڭا غايىبانە بېغىشلايدۇ. ئىجتىمائىي سورۇنلاردا ساڭا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، ئەيمىنىش ئىچىدە ئاغزىڭغا قارايدۇ. سەن شۇنىڭغا لايىقمۇ ـ يوق؟ شائىرغا ھەر بىر قەدەمنى توغرا بېسىش پەرز، ھەر بىر سۆزدە ئەتراپىدىكىلەرگە ھېكمەت ۋە گۈزەللىك تەقدىم قىلىش قەرزدۇر. ناۋادا سەن باشقىلارنىڭ ساڭا بىلدۈرگەن ھۆرمەت تۇيغۇلىرىنى سەممىيەت بىلەن قوبۇل قىلماي، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭدە يوق ئۇلۇغلۇقنىڭ ئىگىسى چاغلاپ، مەمەدانلىق، لاۋزىلىق قىلساڭ،

جامائەت سەندىن كۆلىدۇ. شائىر بەخش ئەتكەن ھىممەتكە بەدەل تەلەپ قىلمايدىغان مەرد بولۇشى كېرەك. خەلققە يارىتىپ بەرگەن ئۇتۇقلىرىدىن ماختىنىپ كېرىلىش، ماھىيەتتە، شەكلى ئۆزگەرگەن مىننەتخورلۇق. مىننەت مۇھەببەتكە يېقىلغان ئوت. بۇ ئوت خەلقنىڭ ساڭا بولغان ئىخلاسىنى كۆل قىلىدۇ.

ئىنسانغا ئېپەك بېرىش يولىدا ھاياتىنى قۇربان قىلىدىغان پىلە قۇرتىدەك، ئۇنتۇدۇشىمىز كۆيۈپ قاراڭغۇلۇقتا نۇر سەپكۈچى شامدەك پىداكار بولغاندىلا، دەۋر ۋە مىللەتنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر شائىر بولغىلى بولىدۇ. ئازغىنە ئۇتۇقلىرىمىزدىن ھەشقىپىچەكتەك ئالدىراپ ئېچىلىپ كەتسەك، ناھايىتى تېز سولىشىپ كېتىمىز.

شائىرنىڭ تۇرلۇك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن خەلقتىن ئايرىلىپ قېلىشى ناھايىتى ئېچىنىشلىق. شائىرنى دەريا دېسەك، خەلق زېمىن. دەريانىڭ زېمىندىن ئايرىلىپ مۇئەللەقتە ئاققىنىنى ھېچكىم كۆرمىگەن. شائىر شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغكى، ئۇ روھىيەتنى سۇغارغۇچى دەريا. ئەمما دەريا زېمىندىن قايناپ چىققان بۇلاقلاردىن ھاسىل بولۇپ يەنە زېمىنگە سىڭىدۇ. يەر شارىدا ئۆزى ھاسىل بولغان زېمىندىن ئايرىلىپ ئالەم بوشلۇقىغا تۆكۈلۈپ كەتكەن دەريا يوق. سۇمۇرغنىڭ پەلەكتە پەرۋاز قىلالىشى زېمىندە ئوزۇقلانغانلىقىدىن، ئۇنىڭ زېمىندە ئوزۇقلانماي پەرۋاز قىلالىشى مۇمكىن بولمىغىنىدەك، شائىرنىڭ پاراسەت ئوزۇقى بەرگەن خەلقتىن ئايرىلىپ تەپەككۇر كۆكىدە پەرۋاز قىلالىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

ئەخلاق — ئىنسان ھاياتىنىڭ نۇرى. بۇ نۇر شائىر قەلبىگە شۇنداق جەملەنسۇنكى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن تۇندە شولا چاچقان گۆلخاندەك بالقىپ تۇرسۇن. شۇ چاغدىلا شائىر خەلقنى ئۆز ئەتراپىغا گويا پەرۋانىلارنى ئەتراپىغا يىغقان شام-چىراغتەك يىغالايدۇ. پەرۋانە نۇر ئۈچۈن ئۆزىنى ئايىماي يالقۇنغا ئۇرىدۇ. ئەمدى بۇ مىسالدىكى ئىچكى پىكىرلەرنى شائىرلىرىمىزنىڭ شائىرانە تەپەككۇرىغا قالدۇراي.

بىزنىڭ پېشۋالىرىمىز ئارىسىدا يۈكسەك ئەخلاقى پەزىلەتلىك ئادەملەر بار. بىز ئۇلاردىن ئۆگىنەيلى. خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن شائىرلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن مەن ئاجايىپ كەمتەرلىكنى سەزدىم. مەشھۇر شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ ماڭا «مىراس» ژۇرنىلىغا بېغىشلاپ يازغان شېئىرىنى بېرىۋېتىپ، «قاملاشمىغان جايلىرى بولسا، تۈزىتىپ ئىشلىتەرسىلەر» دېگەنىدى. مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ قۇلىقىمغا ئىشەنمەي قالغان. چوڭقۇر پىكىرلىك شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر بىلەن ئۇچرىشىپ قالساق، ئىككى قوللاپ كۆرۈشۈپ ئەھۋال سورايدۇ. تىلشۇناس، شائىر ئىمىن تۇرسۇن بىلەن بىمالال سۆزلىشەلەيمەن. ئۇنىڭ چوڭچىلىق قىلغىنىنى بايقىمىدىم. شائىر جاپپار ئەمەت ماڭا تۇرمىدە تۇرۇپ خەت يېزىپ، شائىرلىق يولىنى كۆرسەتكەن ئۇستازىم. ئۇ ياشلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئۆز بالىسىنىڭ ئىستىقبالىغا كۆيۈنگەندەك كۆيۈنىدۇ. پېشقەدەم شائىرىمىز تۇرسۇنئاي ھۆسەيىن خۇش خۇي، خۇش چاقچاق. تۇردى سامساق، مۇھەممەت رەھىم قاتارلىق پېشقەدەملەر بىلەن ئارىلاشقان ۋاقتىم ئىنتايىن ئاز بولسىمۇ، ئۇلاردىن پوچىلىق ئەمەس، كەمتەرلىك ھېس قىلدىم. شۇنى بايقىدىمكى، بۇ ئۇستازلارنىڭ خەلق-

نىڭ ھۆرمىتىگە شۇ قەدەر چوڭقۇر سازاۋەر بولالىشىدا ئەخلاقىي ـ پەزىلىتى چوڭ رول ئوينىغان.

ھەرقانداق بىر ھۈنەرۋەن ئۆز كەسپى بويىچە يۇقىرى ماھارەت ئىگىلىمىسە روناق تاپالمايدۇ. شائىرمۇ بىر خىل ھۈنەرۋەن. ئۇ شۇنداق ھۈنەرۋەنكى، كۆڭۈل چېچەكلىرىدىن گۈلدەستە تۈزىدۇ. ئىنسان روھىنى لايىھىلەيدۇ، روھىيەتتە يېڭى قۇرۇلۇشلارنى ئېلىپ بارىدۇ. كەلگۈسىنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ چىقىدۇ. بۇ خىل ھۈنەر بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانى ناھايىتى كۆپ چىۋەرلىك تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما بىزدە شېئىر يېزىشنى تولىمۇ ئاددىي كەسىپ دەپ چاغلايدىغانلار خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەپ قالغانلىقى ئۈچۈن، مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتى تۆۋەنلەپ كەتتى. شۇنداق بولغاچقا، تال چىۋىقتا سېۋەت توقۇيالمايدىغان ئادەملەرمۇ شېئىر توقۇيدىغان بولۇپ قالدى. ساختا ماركا چاپلانغان جا مەھسۇلاتلار خېرىدارلارنى ئالدىغاچقا، ئۇلار ھەر قېتىم تاۋار سېتىۋالغاندا، جا نەرسىلەرنى ئېلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭغا ئوخشاش شېئىرىيىتىمىزدىكى جا نەرسىلەردىنمۇ كىتابخانلارنىڭ كۆڭلى سوۋۇپ كېتىۋاتىدۇ. بىر تاغار شاكالغا ئارىلىشىپ كەتكەن بىرقانچە تال مېغىزنى ئايرىۋېلىش ئۈچۈن خېلى كۆپ ئاۋارىچىلىق تارتىشقا توغرا كەلگەندەك، ياخشى نەرسىلەرنى تاپماق قېيىن بولۇۋاتىدۇ. ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش پائالىيەت رىتىمىدە جىددىيلىك ئەۋج ئېلىۋاتقان بىر ۋاقىتتا كىتابخانلارغا ئالدىڭدىكى بىر داس تېرىق ئىچىدىن ئون تال گۈرۈچنى تېپىۋال دېسەك، توغرا بولارمۇ؟! ئەگەر بىز ئەپلەپ ـ سەپلەپ باشقىلارنىڭ كۆزىنى بوياپ پايدا تاپىمىز دەيدىكەنمىز، ئاقىۋەت خەلقنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ كېتىمىز. كېيىن بىزنىڭ ياخشى نەرسىلىرىمىزمۇ گۇماندىن خالىي بولالمايدۇ.

شۇنى ئېتىراپ قىلىش لازىمكى، يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بېرى شېئىرىيىتىمىز مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە سەنئەتلىك قىممىتىنى تۆۋەنلىتىۋەتتى. بىرنەچچە تال سۆزدىن قۇرۇلغان ئاددىي خەۋەر جۈملىلەرنى ئاجايىپ شېئىر دەپ داۋراڭ سالغۇچىلارنىمۇ كۆردۇق. خەلق ئۇنچىۋالا دۆت ئەمەس. ناھايىتى ئەپسۇسكى، بۇ خىل «شېئىرلار»نىڭ مەيدانغا چىقىشى بىلەن شېئىرىيىتىمىزدىكى ئاجايىپ گۈزەل ئەنئەنىۋى شەكىللىرىمىزگە ھۇجۇم باشلىنىپ كەتتى. يۈرەكتىكى گەپنى دەۋەتسەم «بوي يەتمىگەن شاپتۇل ئاچچىق» بولۇپ قالدىغۇ دەيمەن. بەزىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىپادىلەش جەھەتتىكى ماھارىتىنىڭ خاملىقىنى يۆگەپ، «بىز سۆزگە گىرىم قىلىشنى خالىمايمىز، يازغانلىرىمىزدا پىكىر بولسىلا بولدى» دېيىشى مۇمكىن. بىلىش كېرەككى، گىرىم قىلىشمۇ بىر خىل سەنئەت. گىرىم قىلىشنى بىلمىسە، ساھىبجامال قىزنى ئالۋاستىغا ئوخشىتىپ قويۇش مۇمكىن. ياخشى گىرىم قىلالىسا، ئۇنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇلىدۇ. مانا بۇ ماھارەت مەسىلىسى. مېنىڭچە، شېئىردىي پىكىرنىڭ ئۆزىنى شېئىر دېگىلى بولمايدۇ. شېئىردىي پىكىر بىلەن شېئىرنى بىر نەرسە دېسەك، شائىرنىڭ شائىر بولمىغان كىشىلەردىن پەرقى يوقمۇ؟! شېئىردىي پىكىر ئەقلى ـ ھوشى جايىدا ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ قەلبىدە بولىدۇ. ئەمما ئۇلار ئۇنىڭ شېئىردىي پىكىر ئىكەنلىكىنى سەزمەيدۇ

ياكى شائىردەك تولۇق سېزەلمەيدۇ. شېئىردىي پىكىرنى بايقاش، ئۇنى شېئىرىيەت دەرىـ
رىجىسىگە كۆتۈرۈش شائىرنىڭ ئىشى. شېئىردىي پىكىرنىڭ ھەممىسىنى شېئىر دېيىشكە
توغرا كەلسە، جەمئىيەت شائىرغا موھتاج بولمىغان بولاتتى. شائىرلارمۇ ۋاقىتنى ئاۋارە
قىلىپ ئولتۇرمىغان بولاتتى. شېئىردىي پىكىر بىلەن شېئىرنى بىر نەرسە دەپ چۈشىنىش
ماھىيەتتە، شائىرنىڭ رولىنى ئىنكار قىلغانلىق، ئۇنىڭ ئىززىتىنى يەرگە ئۇرغانلىق،
ھايات بەخش ئەتكەن شېئىردىي پىكىرلەرنى بايقاپ، ئۇنى شېئىرىيەت دەرىجىسىگە
كۆتۈرۈپ يېزىپ چىقىش ئۈچۈن شائىر كېرەك، شائىرغا شائىرانە ماھارەت كېرەك.

قىسقىسى، ماھارەت ئۆگەنمىسەك بولمايدۇ، قەلەمنى كۆپرەك بىلەپ تۇرساق،
مېڭىنى كۆپرەك ھەرىكەتلەندۈرسەك، ئۆزىمىزنىڭ ئىقتىدارىدىكى بوشلۇقنى سەممىيەت
بىلەن ئېتىراپ قىلساق، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى كەمتەرلىك بىلەن قوبۇل قىلـ
ساق، تىنماي تەر ئاققۇزساق، ماھارەت قولغا كەلمەي قالمايدۇ. ئەكسىچە ئۆزىمىز
بىلمىگەن نەرسىلەرنى ھاجەتسىز نەرسە، ئۆزىمىز قىلالمىغان نەرسىلەرنى قىلىشقا
ئەرزىمەيدىغان نەرسە دەپ تونۇساق، نادانلىق قىلغان بولىمىز. ئىشىمىز روناق تاپـ
مايدۇ. ئاخىرى ئۆزىمىزنىمۇ، ئۆزگىلەرنىمۇ خۇشال قىلالمايمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن ھار-
ماي ئۆگىنەيلى، تىنماي ئاۋلىنايلى! شۇ چاغدىلا ئۆزىمىزمۇ رازى بولىمىز. ئۆزگىلەر-
مۇ ھەشقاللا دەيدۇ.

كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزدىكى، ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبىمىزدىكى جەۋھەرلەرنى بىراقلا
چەتكە قاقساق، ئادالەتسىزلىك قىلغان بولىمىز. «گۆھەر ياتىدۇ سايدا، تونۇمىسا نېمە پايـ
دا» دېگەن گەپ بار. بىزنىڭ كلاسسىك شېئىرىيىتىمىز جاۋاھىراتلار دۇنياسى، ئۇنىڭ
ئىچىدە ئادەمنىڭ ئەقلىنى ھەيران قىلىدىغان نەرسىلەر بار. مەن كىچىك چاغلىرىمدا چوڭلار-
دىن چۆچەكلەرنى ئاڭلاپ، بىر پارچە گۆھەر ئۇچراپ قېلىشنى ئارزۇ قىلاتتىم. ئۇ چاغـ
لاردا قاشتېشىنىڭ گۆھەر تاشلارنىڭ بىر خىلى ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىكەنمەن. گۆھەر
قولۇمدا تۇرسىمۇ، گۆھەر دېگەن قانداق نېمىدۇ دەپ ئويلىغان ئىكەنمەن. قاشتېشىـ
نىڭ گۆھەر ئىكەنلىكىنى تېخى كۆپ ئادەملەر بىلمىسە كېرەك. ئەمما باشقا ئەل
مىللەتلىرى ئۇنى بىزدىن بۇرۇن بىلىپ بولغانىكەن. بىر چاغلاردا چەت ئەلنىڭ
خىمىيەۋى سۈنئىي تالا رەختلىرىگە ھەممىمىز قىزىقىپ، ئۆزىمىزنى ئۇرغان ئىدۇق.
ئەمدى ئۆزىمىزنىڭ يايلاقلىرىدا چوڭ بولغان قوينىڭ يۇڭىدىن ياسالغان رەختلەرنىڭ
ئۇ سۈنئىي نەرسىلەردىن كۆپ ياخشى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇق، بۇ پاكىت!

ئەلۋەتتە، باشقىلارنىڭ ئىلغار نەرسىلىرىنى قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ. ئەمما باشقىـ
لارنىڭ ياخشى مەدەنىيىتىنى كۆرۈپلا ئۆزىمىزنىڭ ئانا مەدەنىيىتىدىن يۈز ئۆرۈسەك،
بىزنى يوق يەردىن بار قىلىپ قاتارغا قوشقان ئاتا - ئانىمىزنىڭ يۈزىگە توپا چاچـ
قانلىق بىلەن باراۋەر بولماسمۇ؟! ئەلۋەتتە، ياۋروپا پوسۇنىدىكى ھەشەمەتلىك بىناـ
لارنى ئۇيغۇر زېمىنىغا سېلىشقا بولىدۇ. ئەمما ئۇنى ئانا خەلقىمىز چوڭ بولغان
زېمىننىڭ ئۈستىگە، مۇشۇ تۇپراقنىڭ توپىسىنى ئەجدادلار سۇ ئىچكەن دەريانىڭ سۇـ
يى بىلەن سۇغىرىپ، ئۇيغۇرنىڭ قولى ۋە ئەقلى بىلەن سالىمىز - دە! ئەكسىچە ئۇنىمۇ-

www.uyghurkitap.com

ئەللەققە تۇرغۇزۇپ قويغىلى بولماس.

كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزدىكى ئارۇز ۋەزنى ناھايىتى مۇكەممەل شېئىردىي پورما. خەلقىمىز بۇ خىل شەكىلگە مۇھەببەت باغلىغان. خەلق مىڭ يىللاردىن بېرى ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەن بۇ شېئىرىيەتنى زامانىمىز شائىرلىرىنىڭ ئۇنى يېزىشقا چامىسى يەتمىگەنلىكى سەۋەبلىك تاشلىۋېتىشكە رازى ئەمەس. شۇڭا ھە دېسىلا ئارۇز ۋەزنىنى چەتكە قاقمايلى، تىللىمايلى! راست گەپنى دېسەم، ئارۇز ۋەزنىنى چەتكە قېقىۋاتقان ۋە ئۇنى قاغاۋاتقانلارنىڭ ئاشۇ شەكىلدە بەش - ئالتە مىسرا تۈزەلمەيلا قالماي، بەلكى ئۆز رىتىمى بىلەنمۇ ئوقشاپ ئوقالمايدىغانلىقىنى بايقاپ قالدىم. قولىمىز يەتمىگەن شاپتۇل ئاچچىق دەپ ئۇنىڭ شاخلىرىنى سۇندۇرۇشقا ئۇرۇنساق، ھەتتا ئۇنىڭ يىلتىزىغا پالتا ئۇرساق، نامەردلىك بولۇپ قالامدۇ! بىزنىڭ قولىمىز يەتمىسە، قولى ئۇزۇنلار ئۈزۈپ يېسە، بىزگىمۇ ئۈزۈپ بەرسە، ئۇنىڭ زىيىنى يوققۇ دەيمەن؟! ئەڭ ياخشىسى، ئۇنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلەپ، مۇناسىپ ئىقتىدار يېتىلدۈرۈپ، ئۇنىڭغا يېڭى ھاياتىي كۈچ بېغىشلىغىنىمىز تۈزۈك، لەغمەن يېگىلى ۋەجىمىز چىقىش قىلمىسا، سېرىق ئاش يەيلى، ئەمما ئۆزىمىز ئېرىشەلمىگەنلىكىمىز تۈپەيلى لەغمەن ئەتكۈچىلەر بىلەن لەغمەن يېگۈچىلەرنى تىللاشقا قىلچە ھەققىمىز يوق! شائىر كىتابخانلارنىڭ ئېستېتىك رايىنى توغرا تونۇغاندىلا، خەلققە، مىللەتكە تېخىمۇ ئەتراپلىق زوق ۋە ئوزۇق بېرەلەيدۇ.

خەلق قوشاقلىرىنى سەل چاغلىمايلى، ئۇنىڭدىكى بەددىئىي ئىخچاملىق، پىكىردىكى نازۇكلۇق تولىمۇ يۈكسەك، بەزى قوشاقلارنى ئوقۇساق، ئۇنىڭ ئىچىدە بىر دەريا پىكىرنى بايقايمىز، ئارانلا تۆت مىسرادىن تەركىب تاپقان بىر كۇپلېت قوشاقتا دولقۇنلىغان پىكىر قايىنىمى ئادەمنى بىر چوڭقۇرلۇقتىن يەنە بىر چوڭقۇرلۇققا، يەنە بىر چوڭقۇرلۇقتىن يەنە بىر چوڭقۇرلۇققا تاشلايدۇ.

ئاسمانىڭدا ئاي بولۇپ، پىيالەڭدە چاي بولۇپ،
جىمى ئالەمنى تەڭ كۆرسەم. لەۋلىرىڭنى كۆيدۈرسەم.

دېگەن قوشاقتا قانچىلىك ئوتلۇق ئارمانلارنىڭ كۆمۈلگەنلىكىنى،

ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن، كۆز يېشىم دەريا بولۇپ
ئاھلىرىم ئوتقاي سېنى. بېلىقلىرىم يۇتقاي سېنى.

دېگەن قوشاقتا خەلقىنىڭ نەقەدەر چەكسىز قەھرى سىڭگەنلىكىنى ئويلاپ باقساقلا بولىدۇ. خەلق قوشاقلىرى خەلق ئۆزى ئىجاد قىلغان لىرىك شېئىرلار بولۇپ، ئۇنىڭ ھەربىر ئۇرغۇسىغا قان، ياش، ئۈمىد، غايە، غەزەپ، ئىنتىقام، سۆيگۈ، ئېتىقاد سىڭگەن. خەلق قوشاقلىرىنى ئەقلىڭ بىلەن ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن ياڭرىغان سادالارغا قۇلاق سالساڭ، خەلقىنىڭ نەچچە يۈز يىللىق يۈرەك سوقۇشلىرىنى ئاڭلايسەن. ئاشۇنچىۋالا بىپايان دېڭىزدەك پىكىرلەرنىڭ كىچىككىنە بىر كۇپلېت قوشاققا سىغقانلىقى ئاجايىپ ماھارەت، تەڭداشسىز سەنئەت! شائىرلىرىمىز خەلق قوشاقلىرىنى كۆپرەك ئوقۇشى، ئۇنىڭدىكى تالانت دۇردانىلىرىدىن ئۈلگە ئېلىشى زۆرۈر. مۇكەممەل شائىر

بولۇشقا بەل باغلىغان ھەرقانداق بىر تالانت ئىگىسى ئۆز خەلقىنىڭ كلاسسىك
شېئىرىيىتىگە، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى پاساھەت ئۈنچىلىرىگە ۋارىسلىق قىلماي-
دىكەن. شېئىرىي خىياللىرى پىشمىغان خام خىيال پېتى قېلىۋېرىدۇ.
شائىرغا شائىرانە ماھارەتلا كۇپايە قىلمايدۇ. شائىر كۆپ تەرەپلىمە بىلىمگە
ئىگە بولمىسا بولمايدۇ، تالانت ۋە ماھارىتىنىڭ قانچىلىك يۇقىرى بولۇپ كېتىشى-
دىن قەتئىينەزەر، بىلىمسىز شائىر دەسمايىسىز سودىگەرگە ئوخشاپ قالىدۇ. بىلىم
بىلەن بىرلەشمىگەن تالانت سىياھسىز قەلەم، ئوقى يوق مىلتىق! سىياھسىز قەلەم
كارغا كەلمىگەندەك، ئوقى يوق مىلتىق كۆسەيدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇنىڭ
بىلەن جەڭ قىلغىلى بولمايدۇ. بىلىمسىز شائىر مېۋىسىز باراڭدۇر. بىلىم بىلەن ما-
ھارەت بىرىككەندىلا، گۈل ئۈستىگە گۈل چەككەندەك ھالەت شەكىللىنىدۇ. بۇ ئىككى-
سىگە ئېرىشكەن شائىرنىڭ مىسرالىرىدىن يۇلتۇز جىلۋىسى پارلىغۇسى.
دېمەك، شائىردا ئادالەت يولىدىكى پىداكار جەڭچىگە خاس مەردانە روھ، ئال-
تۇندەك دات يولاتماس ۋىجدان، جەمئىيەت ئۇستازىغا لايىق گۈزەل ئەخلاق، شائىب-
رانە تالانت، يۇقىرى ماھارەت، يېتۈك ئالىمدەك بىلىم بولۇشى كېرەك. بۇلار شا-
ئىرلىرىمىزنىڭ ساپاسىنى، سۈپىتىنى ئۆلچەيدىغان تارازا! شائىرلىق قىلىۋاتقان دوست-
لار ۋە شائىر بولماقچى بولۇۋاتقان كىشىلەر ئۆزلىرىنى ئەشۇ شەرتلەر بويىچە تەر-
بىيىلىشى لازىم. بۇ ئۆلچەملەرنىڭ بىرەرسى كەم بولۇپ قالسا، ھەقىقىي شائىر بو-
لالمايمىز. ھېچ بولمىغاندا «چالا شائىر»، «سولتەك شائىر» بولۇپ قالىمىز. شائىر
ئاشۇ ئۆلچەمگە لايىقلاشقاندىلا، ئۆزىنىڭ دەۋر، مىللەت، تارىخ ئالدىدىكى ۋىجدا-
نىي مەسئۇلىيىتىنى تونۇپ يېتەلەيدۇ.
ھازىرقى دۇنيا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزغا
سىغمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. ئادەملەرنىڭ ئايغا چىققانلىقى كونا گەپ بو-
لۇپ قالدى. ئىنسان قەدىمىي پلانېتتىن پلانېتقا تاشلانماقتا. شۇنى ئەپسۇسلۇق بىلەن
ئىقرار قىلىش نومۇس ئەمەسكى، بۈگۈنكى كۈندە ئالەم بوشلۇقىدا ئۇچۇپ يۈرگەن مىل-
لەتلەرنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ياۋايى ھالەتتە ياشاپ يۈرگەن زامانلاردا جاھاننامە بىلەن
مەغرىبتە تۇرۇپ مەشرىقنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان، ئۇچار گىلەم بىلەن ئون سەككىز
مىڭ ئالەمنى كېزىپ چىقىش ئارزۇسىدا ئاجايىپ گۈزەل چۆچەكلەرنى ياراتقان خەل-
قىمىز تېخى قالاق، تېخى نادان. نەچچە يۈز يىللىق جاراھەتنى بىراقلا ساقايتىش تەس.
بىزنىڭ كۆپ ساندىكى كىشىلىرىمىز ئادەملەرنىڭ ئايغا چىققانلىقىنى، سامادىكى سەييا-
رىنى ئەپسانە دەپ چۈشىنىدۇ. خەلق خۇراپاتلىق، ساۋاتسىزلىق، سىرتمىقىدىن تولۇق
ئازاد بولغىنى يوق. بىزدە باشلانغۇچ مائارىپمۇ تېخى ئومۇملاشمىدى. ئاقارتىش دەۋرى
ئاخىرلاشمىدى. شائىرلىرىمىز بۇ ئەھۋالنى چۈشىنىشى لازىم. خەلق شائىرلىرىمىزنىڭ
ئۇستازلىق، مۇئەللىملىك بۇرچىنى ئادا قىلىشىغا موھتاج، يۈرەك سۆزلىرىنىڭ شائىر
پاساھىتىگە مۇيەسسەر بولۇشىغا موھتاج! شائىر خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولمىسا بولماي-
دۇ. شائىر خەلقىنىڭ تومۇرلىرىدا ئاققان قان بولۇپ، يۈرەكنىڭ ئەھۋالنى چۈشىنىشى
كېرەك.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى شېئىرىيەت رېئاللىقتىن يىراقلىشىپ كەتتى. شائىرلىرىمىز خەلقىنىڭ ئەھۋالىغا قارىماي، ساماۋى چۈشلەرنى كۆپ كۆرىدىغان بولۇپ قالدى، شېئىرلىرىمىزدا «ئاق چۈش»، «كۆك چۈش»، «يېشىل چۈش» لەر ئەۋج ئالدى. شائىر غەپلەت ئۇيقۇسىدا چۈش كۆرگۈچى ئەمەس، بەلكى بىدار ئادەم! ئالەم ئاشۋاقتى بولغاندىمۇ چۈش كۆرۈپ ياتساق، تاڭ جامالىنى كۆرۈشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئۆزىمىز چۈش كۆرۈپ يېتىپ، باشقىلارنى قانداق ئويغىتىمىز؟! چۈش قانچە گۈزەل بولغان بىلەن بەرىبىر چۈش، رېئاللىق باشقا گەپ.

ئۇسسۇزغا سۇ كېرەك. چۆلدە چاڭقاپ كەلگەن ئادەمنى چۈشىمىزدىكى دەريانىڭ سۈيى بىلەن قاندۇرغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭغا دەرھال بىر جام سۇ بەرمەي، مەككىدە ئابى زەمزەم بار، ئىچىپ كەل دېسەك، قەست قىلغان بولىمىز.

«بىز كېلەچەك ئۈچۈن شېئىر يېزىۋاتىمىز، بىزنىڭ شېئىرلىرىمىزنى باشقىلار چۈشەنمىسە بىزنىڭ نېمە ئامالىمىز؟ بۇ ئۆلۈك بىلەن تىرىكنىڭ پاراڭلاشقىنىدەك بىر ئىش» دېگۈچىلەر ئۆزلىرىنىڭ قايسى دەۋرنىڭ ئادىمى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغانمۇ نېمە؟! تۈنۈگۈن بولمىغان بولسا، بۈگۈن بولمىغان بولاتتى. بۈگۈن بولمىسا، بۈگۈننىڭ ئەتىسى قانداق بولىدىكەن؟! يىلتىزسىز ياشىغان دەرەخنى كىم كۆرۈپتۇ؟! بۈگۈنكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى شېئىرىمىزنى چۈشەنمەيدىغان ئۆلۈكلەر ھېسابلىساق، ئۇنداقتا بىز بۈگۈن جەسەتلەر ئارىسىدا تۇرۇپ، شېئىر يازغان بولمايمىزمۇ؟! شېئىرلىرىمىزنى كەلگۈسىدە كىمنىڭ بالىلىرى ئوقۇپ چۈشەنمەكچى؟! بۈگۈنكى ئۆلۈكلەرنىڭ بالىلىرىمۇ؟! شائىر ئۆزىنىڭ يۈرەك سۆزلىرىنى چۈشەندۈرەلمىسە ناھايىتى ئېچىنىشلىق، ئەلۋەتتە، شائىرنىڭ خەلققە پارلاق كېلەچەكنى كۆرسىتىپ بېرىش مەجبۇرىيىتى بار. ئەمما گۈزەل ئەتىنىڭ نۇرانە سىماسىنى كۆرۈش ئۈچۈن خەلق بىزنىڭ گەپلىرىمىزنى چۈشەنسۇن-دە! راستىنلا مىللەتنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن بەخت ئىزدىمەكچى بولساق، بۈگۈن ئۇنىڭ تەييارلىقىنى قىلساق بولىدۇ. بۈگۈننىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالماي تۇرۇپ، ئەتە ئۈچۈن پو ئاتساق، خەلق بىزنى تىللايدۇ. ئەۋلادلارنىڭ كۈلكىسىگە، تارىخنىڭ جازاسىغا ئۇچرايمىز.

كېلەچەك بۈگۈندىن كۆپ پارلاق بولغۇسى. 21-ئەسىردىكى ئەۋلادلار 20-ئەسىر كىشىلىرىدىن كۆپ ئەقىللىق بولىدۇ. بۇ تارىخى قانۇنىيەت، بىز مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئادىمى، كېيىنكى ئەسىرنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى. بالىلىرىمىز بىزنىڭ نېمىمىزدىن سۆيۈنۈشى كېرەك؟! بىز ئۇلار ھەققىدە چۈش كۆرۈۋەرمەي، ئۇلارنىڭ بەخت بىناسى ئۈچۈن ھۇل ھازىرلاپ قويمىساق بولماس! شۇنىڭغا خاتىرجەملىك بىلەن ئىشىنەيلىكى، كېلەچەكتىكى ئانىلارمۇ شائىر تۇغالايدۇ.

بىز ماموق ياستۇققا چۆكۈپ شائىرانە خىيال سۈرگەندە، ئېتىز قىرلىرىغا باش قويۇپ سۇنايلىنىپ يېتىپ ئۇخلىغانلارنى ئويلايلى، ھەشەمەتلىك ئېگىز بىنالارنىڭ دېرىزىسىدىن مەخمەل پەردىنى قايرىپ، قومۇش، قوناق شاخلىرى بىلەن كەپە ياساپ ئولتۇرغان خەلقنى كۆرەيلى، زىياپەت سورۇنلىرىدا قېنىمىزغا پاتماي قەدەھ كۆتەرگەندە، ئېرىقنىڭ بويىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ لاي سۇنى ئوچۇملاپ ئىچىۋاتقانلارنى ئۇنتۇپ قالمايلى!!!

ئەنە شۇ چاغدىلا دەۋر، خەلق، تارىخ ئالدىدىكى ۋىجدانى مەسئۇلىيىتىمىزنى بىلەلەيمىز.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

مامبەت تۇردى (قىرغىز)

# «روزا بوزۇلمايدۇ»

مەن ئەختەم ئۆمەرنىڭ «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» قاتارلىق ئەسەرلىرى ھەققىدە بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلاي. ئۇيغۇر تىلى سەۋىيەمنىڭ چەكلىكلىكى مېنى زور تۇسقۇنلۇقلارغا ئۇچرىتىشى مۇمكىن، كىتابخانلار ئەپۇ قىلار.

**1**

ياسىن مەدەك بىلەن نۇسرەتنىڭ قۇمۇشلۇقتا كۆرۈشكەن جەريانى شولوخوۋنى، مۇھەممەتئىمىن سەيدىنىڭ كېپەك شائىجاڭنىڭ يېنىغا بارماقچى بولغانلىقىغا دائىر جەريان ياشار كامالنى، سەيدىنىڭ ھەمشىرىخانىنى ئۇزۇن يىللاردىن كېيىن تاسادىپىي باغرىغا بېسىپ يىغلىغان جەريانى ئايتماتوۋنى، ھارۇن ئارېپنىڭ قۇرسىقىدىن پاقا چىققان جەريان گارسىيا ماركىسنى ئېسىمگە سېلىپ، ئۇلانما تەسەۋۋۇرۇمنى غىدىقلىدى. بۇ مېنىڭ كىتابخانلىق ھاياتىمدىكى ئەڭ قىزىق ھادىسە بولدى.

ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا سېكىپ بېرىۋاتقان سېلىشتۇرۇپ ئوقۇش ئۇسۇلى بىلەن بۇ قېتىمقى بەدىئىي زوق ئېلىش پۇرسىتىنى بىر-بىرىگە باغلىيالىدىم. ئەختەم ئۆمەرنىڭ «نازىنىن»، «يۇلتۇزسىز كېچىلەر» دېگەن ھېكايىلىرىنى ئوقۇغاندا مۇپاسساننى ياد ئەتكىنىم تېخىمۇ ھەيران قالارلىق ئىش ئىدى. مەن ئەمدى بۇ يازغۇچى توغرىلىق چوڭقۇر ئويلانماسلىققا ئاساس تاپالماي قالدىم. مېنىڭچە، يازغۇچىغا تەتقىقاتچىنىڭ كارامەت ماقالىسى ئەمەس، كىتابخانىنىڭ قالايمىقانلاشقان، كۆچىنىپ، ئاجىزلاپ، قىزىپ-سوۋۇپ تۇرىدىغان بەدىئىي زوقلىنىشى كېرەك.

كۆڭلۈمدىكى گېپىمنى قىلسام، يېقىن ئارىدا مۇشۇنداق ئەسەرنى ئوقۇيمەن دەپ كۈتمىگەنىدىم. ياق، تامامەنمۇ ئۇنداق ئەمەس. زوردۇن سابىرنىڭ «ئېھ، توپىلىق يول» دېگەن ھېكايىسىنى ئوقۇغاندا شۇنداق بىر كۈتۈلمىگەن ھېسسىياتقا چۆمۈلۈپ، نەچچە كۈنلەپ مەستخۇشھالەتتە يۈرگەنىدىم. بىراق ئەختەم ئۆمەر «زېمىن، قارا ئادەملىرىڭگە» دېگەن ئەسىرىدىن تارتىپ ھازىرغىچە مېنى شۇنداق كويلارغا سالدىكى، ئاخىرى ئاددىي كىتابخان، ئەدەبىيات ھەۋەسكارى سۈپىتىدە ئۇنىڭ ئىقتىدارىغا ھەيران قالدىم.

ئويلاپ كۆرسەم، ئۇ شولوخوۋمۇ، ياشار كامالمۇ، ئايتماتوۋمۇ، گارسىيا ماركىس ياكى مۇپاسسانمۇ ئەمەس، بەلكى ئەختەم ئۆمەرنىڭ ئۆزى ئىكەن. مېنى ھەر كويلارغا سالغان ئەسەر ئەختەم ئۆمەرنىڭ ئۆزىگە خاس دۇنياسى ئىكەن. بۇنداق ئۆزىگە خاس دۇنيانىڭ پەقەت تارىم بويىدا، تەكلىماكان چۆلىدە پەيدا بولۇشى مۇقەررەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

2

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىللىق 3 - سانىدا «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» نىڭ پېرەمىي بېسىلدى.

نۇسرەتنىڭ «ئەتىگەن قويۇۋالغان ئۇسمىسى تەر بىلەن يۇيۇلۇپ، سۇس ئىزناسى قالغان» چاغدا، ياسىن مەدەك سۆيگەنگە روزا بۇزۇلمايدۇ، دەپ نۇسرەتنىڭ بويىنىدىن سۆيۈۋالغاندا، نۇسرەت «كۆكۆيۈن چاقچان بايتالدەك سەكرەپ، ياسىننىڭ سول بىلىكىنى چىشلىۋالغاندا»، ياسىن مەدەك «كەچتە سىلىنىڭ مەھەللە تەرەپتە قىمار بولىدۇ، ئاي تۇغقاندا چىقسىڭىز يەنە بىرنى سۆيۈۋالسام، ھەممىنى ئۇتتۇۋالاتتىم» دېگەندە، نۇسرەت «چولىسى يوق، ئىشتىنىڭىزنىمۇ ئۇتتۇرۇۋېتەرسىز خۇدايىم» دەپ ۋىللىققىدە كۈلگەندە، ياسىن مەدەك «خەپ سېنىمۇ ئالارمەن جۇمۇ!» دەپ قولىدىكى تاياق بىلەن كالىنى بىر ئۇرغاندا، «تاش يۈرەك» تەھرىرلەر «داۋامى كېيىنكى ساندا» دەپ ئەسەرنى ئۈزۈپ تاشلىغان.

تۆتىنچى ئاي قاچان كېلىدۇ؟

مۇشۇ سوئال بىر ئەسىرنى كۈتكەن ئادەمنىڭ سوئالىدەك شۇنداق ئېغىر ئىدىكى، يۈرىكىم تولغىنىپ كەتتى.

ئاپرېل قاچان كېلىدۇ؟

ھاۋا ئانا بىلەن ئادەم ئاتا ئوتتۇرىسىدىن باشلانغان سۆھبەت تارىم بويىدا شۇنداق تەبىئىي، شۇنداق تەسىرلىك ۋە ئاددىي داۋاملاشقانكى، نۇسرەت بىلەن ياسىن مەدەك زادى كىملەر دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرەلمەي قالدىم.

تەر بىلەن يۇيۇلغان سۇس ئىزناسى قالغان ئۇسما نۇسرەتكە شۇ قەدەر يارىشىپ، ئىنسان گۈزەللىكىنىڭ ئۇلۇغ سىماسى نامايان بولغان. نەم قۇمغا كۆكسىنى ياققان قىزنىڭ ئىچكى گۈزەللىك سېھرىي كۈچى بىلەن تاشقى ئاددىي گۈزەللىكىنىڭ قۇدرىتى زوقلانغۇچىغا ئادەم مەنىۋى دۇنياسىنىڭ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدۇرىدۇ. ھەرقانداق ھەيكەلتىراش، فوتوگراف، رەسسامنىڭ نۇسرەتنىڭ ياسىن مەدەكنى كۈتۈش جەريانىدىكى روھىي ھالىتى، پىسخىك ھەرىكىتىنى ئاسانلىقچە سىزىپ بېرەلىشى ناتايىن. ھەقىقىي گۈزەللىكنىڭ ئاددىي بولىدىغانلىقىنى نۇسرەت ئىزاھلاپ تۇرۇپتۇ. بۇ ئىككى ياشنىڭ سۆھبىتى شۇنداق تەبىئىي ئىدىكى، مۇھەببەت توغرىسىدىكى ھەرقانداق ئۇلۇغ دىئالوگلار، قەسەملەر، قەلب ئىزھارلىرى كىتابخاننىڭ قەلبىدە بۇنچىلىك زىلزىلە پەيدا قىلالماس!

قىزنى بىر سۆيۈپ قويغاندا روزا بۇزۇلامدۇ؟

ئۆزۈمگە ئۆزۈم شۇنداق سوئال قويۇپ، ئۆز سوئالىمدىن ئۆزۈم لەززەتلەندىم. ئاخىرىدا زور ھاياجان بىلەن ياسىن مەدەكنىڭ سۆزىنى تەكرارلىدىم: «روزا بۇزۇلمايدۇ». پېرسوناژ دىئالوگىنىڭ جانلىقلىقى، تەسىرچانلىقى، ئاددىيلىقى ئەسەرنىڭ بەدىئىي قىممىتىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان. پېرسوناژ تىلىنىڭ پىسخىكىلىق تۈس ئېلىشىغا مۇمكىنلىك يارىتىش سۆز زەرگەرلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقى. يېزىلىق بۇ ئىككى ياش-

نىڭ ئاددىي، ئۇلۇغ سۆھبىتىگە داخىل بولۇش زوقلانغۇچىغا كەلگەن بىر قېتىملىق غە-
نىمەت. گۈزەل نۇسرەتنىڭ «سەتىلىكىنى، توخۇ پوقى» دېگەن سۆزى شۇ شارائىتتا
شۇنداق تەبىئىي، ناز-كەرەشمە بىلەن ئېيتىلغانكى، بۇ سۆزنىڭ گۈزەللىكىدىن يۈرەك-
لىرىم جىغىلداپ، مۇشۇ سۆزنى مەن ئاڭلىسامچۇ، دەپ قالدىم.

مېنىڭچە، ئەمدى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئىجابىي ۋە سەلبىي ئوبرازلارنىڭ بالدۇر-
قى قۇرۇلمىسى، فورمۇلىسى بۇزۇۋېتىلدى. ئۇنى بۇزۇۋەتكەن نەزەرىيىلەر ئەمەس، ياز-
غۇچىلارنىڭ ئىجادىيىتى بولدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى جانسىز مودېللار جان-
لىق، مۇرەككەپ ئادەمگە ئورۇن بوشاتتى. بۇ بىلگەن ئادەم ئۈچۈن بىر مىللەت ئەدە-
بىياتىدىكى تارىخىي بۇرۇلۇش.

ئادەملەرنى ئىدىيىلەرنىڭ، قاراشلارنىڭ ۋاسىتىسى، قورالى سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ
كەلگەن مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئاپتورلىرى ئەمدى ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ تارىخىي يو-
لى ۋە كەلگۈسى تەقدىرى توغرىسىدا قايتا ئويلانماسلىقى مۇمكىن ئەمەس.

ئادەم ئۆزىنىڭ ئادەملىكىنى مەقسەت قىلىپ ياشايدۇ. دېھقانمۇ، كادىرمۇ، زىيالىي-
مۇ بىرىنچى قەدەمدە ئادەم. ئۇ تۇرمۇشقا پەقەت ئادەم سىياقىدا مۇئامىلە قىلىدۇ.
ھېچقاچان كەسپىي خادىم سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلمايدۇ. بۇ، دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ ئو-
مۇملاشقان تەجرىبىسىدىن چىقىرىلغان يەكۈن. ئەختەم ئۆمەرنىڭ پېرسوناژلىرى شىنى-
جاڭدا ئادەتتە ئايلانغان پېرسوناژلار كاتېگورىيىسى ۋە قاتلىمىغا بىر يېڭىلىق ئېلىپ
كىردى.

نېمە ئۈچۈن ياسىن مەدەكنىڭ قىمارۋازلىقى نۇسرەتنىڭ، ئانىسىنىڭ، كىتابخا-
نىنىڭ باشقىچە قاراشلىرىنى، نەپرىتىنى قوزغىيالمايدۇ؟ قىمارۋازلىق ياسىن مەدەككە
نېمىشقا شۇنچىلىك تەبىئىي، ئىجابىي، كومېدىيىلىك تۇس بېرىدۇ؟ تېخى ئۇنىڭغا مە-
لۇم مەنىدە سالاپەت بېغىشلايدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابىنى كىتابخانلار ئۆز ھېسسىياتلىرىدىن
تاپالايدۇ. ئەگەر ياسىن مەدەك قىمارۋاز بولمىغان بولسا، ماڭا بۇنچىلىك سۆيۈملۈك
تۇيۇلماسكەن، دەپ ئويلاپ قالدىم. بەدىئىي ئەسەرنىڭ سېھرىي كۈچى مانا مۇشۇنداق
يەردە ئىپادىلەنسە كېرەك. كىتابخاننىڭ روھىي دۇنياسىغا تېگىپ، ئۇنى يېڭىلاپ،
قايتىدىن تەشكىللەپ، كونا قۇرۇلمىلارنى بۇزۇپ تاشلىيالمىغان ئېستېتىك زوقلىنىشنىڭ
پايدىسى نېمە؟! كۆرۈنۈشتىكى ئەمەس، ھەقىقىي مەنىدىكى ياخشىلىق بىلەن يامانلىق،
گۈزەللىك بىلەن خۇنۈكلۈك ئوتتۇرىسىدىكى مەڭگۈلۈك زىددىيەتنى، مەڭگۈلۈك مۇنا-
سىۋەتنى ھايات تەلىپىگە لايىق ئەكس ئەتتۈرۈش ئاسان بولمىسا كېرەك. زۆرۈر
بولغاندا شۇنداق قىمارۋازلارنى قوللاپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. «ھايۋاننىڭ ئالىسى
تېشىدا، ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە» دېگەن گەپ بارغۇ. بۇ ئالىلىق نېمىشقا سەلبىي
پېرسوناژلارنىڭ ئىچىدە، ئىجابىي پېرسوناژلارنىڭ تېشىدا بولىدۇ ياكى ئىجابىي پېرسو-
ناژلاردا پۈتۈنلەي بولمايدۇ؟ بۇ يەردە ھايۋان بىلەن ئىجابىي پېرسوناژ قانداقتۇر
بىر شەرت ئاستىدا ئوخشاشلىققا ئىگە بولۇپ قالىدىغۇ. مېنىڭچە، پېرسوناژنىڭ ئىجابىي-
لىقى ئۇنىڭدا ئالىلىق يوقلۇقىدا ئەمەس، بەلكى ئۆزىدىكى ئالىلىقنى يەڭگەنلىكىدە ئىپا-

دىلىنىدۇ. ياسىن مەدەك شۇنداق قىلالىغان ئادەم. ئۇ ئۆز ئۆلۈمى ئارقىلىق، بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، كىتابخانىنىڭ ئۆلگەن روھىنى تىرىلدۇردى. ياسىن مەدەك قالدۇرۇپ كەتكەن باشقا بىر خىل يوشۇرۇن روھ ئۇنىڭ ھاياتلىقىغا، ئادەملىكىگە گۇۋاھدۇر. مۇھەممەتئىمىن سەيدىنىنىڭ ئوبرازىمۇ زور بەدىئىي ماھارەت بىلەن تەسۋىرلەنگەن، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھالىتى تراگېدىيىلىك گۈزەللىكنىڭ يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلگەن. مۇھەممەتئىمىن سەيدىن غەزەپ، بۇرۇختۇملۇق، ناھەقچىلىكتىن ساراڭ بولۇپ يالىڭاچلىنىپ قالمىدى. ئۇنىڭ قىپيالىڭاچ ھالەتتە كۆلگە كىرىشى ئەقىل بىلەن چۈشىنىش دائىرىسىدىن ۋە ئاپتورنىڭ مۆلچەرىدىن ئاللىقاچان ھالقىپ كەتتى.

بۇ يالىڭاچلىق ماڭا شۇنداق بىر ھېسسىيات قالدۇردىكى، تەكلىماكاندا بىرىنچى قېتىم ئىنسانىنىڭ بىز تونۇپ يەتمىگەن ماھىيىتى بايقالدى. بۇ قېتىمقى يالىڭاچلىق خۇراپاتلىققا، نادانلىققا، كۆزى ئوچۇق تۇرۇپ كۆرمەيدىغان كۆرۈش سەزگۈلىرىگە، باپكارنىڭ كۆلىدىن سۇ ئېلىۋاتقان ئاياللارغا، باللارغا، سۇ ئىچىۋاتقان ھايۋانلارغا تارىخىي خاراكتېرلىك تەسىر بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. مېنى ھەيران قالدۇرغىنى ئۇ پېرسوناژنىڭ يالىڭاچ ھالدا كۆلگە كىرگەنلىكى ۋە سىيىۋەتكەنلىكى ئەمەس، بەلكى شۇ يالىڭاچلىق ئىپادىلەۋاتقان چوڭقۇر پەلسەپىۋى مەنە. ئۇنى مەن ئەسەرنى ئوقۇپ بولۇپ، ئىستېتىك مەستخۇشلۇقنىڭ تەسىرىدىن كۆزۈمنى يۇمۇپ، نەچچە مىنۇت قېتىپ قالغىنىمدا ھېس قىلدىم.

بۇ پوۋېستنىڭ ئىجتىمائىي مەنىسى توغرىسىدا ھەرقانداق كىتابخان بىۋاسىتە تەسىرات ئالالايدۇ.

خۇراپاتلىق، نادانلىق، ئىتائەتمەنلىك ئاپتور تەرىپىدىن بىۋاسىتە ئەيىبلەنمەستىن ئۇلارنىڭ ئادەم پىسخىكىسىدىكى، ئادەم ئىچكى دۇنياسىدىكى لاتقىلىرى، تومۇر-تومۇرلارغا سىڭىپ كەتكەن مەرەزلىكلىرى بەدىئىي يول بىلەن ئىپادىلەنگەن. ئەگەر يازغۇچى ئوتتۇرىغا سەكرەپ چىقىپ، قايسى بىر موللىنى، يېزا باشلىقىنى ئەيىبلەپ كەتكەن بولسا، ئەسەرنىڭ بەدىئىي كۈچى ئاجىزلايتتى. كىتابخانلار ئۆزىنى قوپاللىق بىلەن تېڭىلغان قاراشلاردىن قاچۇرغان بولاتتى. كىتابخان «سويغان پىيازدەكلا ئوڭدا ياتقان» ھاشىرخانىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگۈچە ئاپتورنىڭ ھەرقانداق ئىزاھلىرىغا، قىستۇرمىلىرىغا ئىشەنمىگەن بولاتتى. بىر گۈزەل تەننىڭ قانداق قىلىپ چەيلەنگەنلىكىنى، بىر ياش روھنىڭ قانداق قىلىپ ئۆلگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ ئۆز يۈرىكى بىلەن ھېس قىلىشلا كىتابخانىنىڭ ئېستېتىك زوقلىنىشىدا داۋالغۇش پەيدا قىلالايدۇ.

ئېكولوگىيىنىڭ ۋەيران بولۇشى ئادەملەرنىڭ روھىي گادايلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ئادەملەرنىڭ روھىي گادايلىقى ئېكولوگىيە مەسىلىسىنى تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ. ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى بىر-بىرىگە زىت، قارىمۇ قارشى ھالەتتە ئەمەس. بىر-بىرىگە بېقىنغان، بىر-بىرىنى شەرت قىلغان ھالدا بولىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ناھايىتى تېز سۈرئەت بىلەن بۇزۇلۇۋاتقان ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشىغىلا ئەمەس، روھىغىمۇ زور دەرىجىدە تەسىر قىلدى.

تەكلىماكان قۇملۇقىدىن ئىبارەت بۇ زور كۈچنىڭ ئالدىدا ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى قايتىدىن تەڭشىمەسلىك، ئادەمنىڭ تەبىئەتتىكى ئورنى، رولى، مەجبۇرىيىتى توغرىسىدا ئويلانماسلىق ئاياغقۇملۇقلارنىڭ پاجىئەسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

سۇ بىلەن تەمىنلەش تەرتىپى ۋە نورمىسى سۇۋان مىراب قاتارلىقلارنىڭ ئاياغقۇملۇقلارنى شولۇۋالىدىغان ئەڭ ئاسان چارىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ، ئەسلىدىن ھەل قىلىش مۇمكىن بولغان سۇ مەسىلىسى ئۇلار تەرىپىدىن چىگىشلەشتۈرۈۋېتىلىدۇ. كەڭ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كۈندىن-كۈنگە يامانلىشىپ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا، روھىي دۇنياسىغا ئەكس تەسىر بېرىۋاتقان ئېكولوگىيە مەسىلىسى تەبىئىي ھالدا ئەمەس، سۇنئىي ھالدا كېلىپ چىققان دەپ كىم كېسىپ ئېيتالايدۇ؟ بۇ بىر زور ئىجتىمائىي مەسىلە. ھايات-مامات بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ ئىجتىمائىي مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقى تېپىك ھالدا باپكارنىڭ كۆلى ئەتراپىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. يادرو ئۇرۇشىدىن قالسا ئىككىنچى دەرىجىلىك ئاپەت بولۇپ ھېسابلانغان ئېكولوگىيەلىك بۇزۇلۇشنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئادەم مەنىۋى تۇرمۇشىدىكى تەسىرىنىڭ ئالامەتلىرىنى مەركەزلىك تەسۋىرلەش ئەختەم ئۆمەر ئىجادىيىتىدىكى يەنە بىر قىممەتلىك پارتلاش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تەبىئەت بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مەڭگۈلۈك ئورتاقلىق ئەدەبىياتنىڭ ئۆلمەس تېمىلىرىنىڭ بىرى. بۇ تېما پەقەت ئەختەمنىڭ دۇنياسى ئارقىلىقلا شىنجاڭدا بىرىنچى قېتىم ھەقىقىي، كەسكىن ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ مەلۇم قاتلىمىغا سەكرىگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ قالىدۇ.

3

يازغۇچىنىڭ «زېمىن، قارا ئادەملىرىڭگە» دېگەن پوۋېستى تەنقىدچى ئەنۋەر ئابدۇرېھىم بىلەن مەمتىلى قادىرنىڭ مۇنازىرىسىگە چۈشۈپ قالغىنىنى مېنى قىزىقتۇردى. چۈنكى مەن بۇ پوۋېست توغرىلىق سۆز قىلاي دەپ، قۇدرىتىم يەتمەي جاپا چېكىپ يۈرگەن كىتابخانلارنىڭ بىرسى ئىدىم. ئەپسۇس، بۇ ئىككى تەنقىدچىنىڭ مۇنازىرىسى ماڭا ھازىرقى تارىخ بىلەن ئۆتكەن تارىخنىڭ دىئالوگىدەك تۇيۇلدى. ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق شۇنچە يىراق بولۇپ، بىرى تاغنى كۆرسەتسە، يەنە بىرى باغنى كۆرسەتكەن. ئۆتكەن دەۋر بىلەن ھازىرقى دەۋرنىڭ مۇنازىرىسىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. بىز ھازىرقى دەۋرنىڭ ئۆتكەن كۈنلەر ئاساسىدا قۇرۇلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتكەن دەۋرنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن، كونىرىغان نەرسىلىرىنى ئىنكار قىلىمىز. ئۇنداق قىلمىغاندا، بۈگۈنكى دەۋر بىزنىڭ دەۋرىمىز بولماي قالىدۇ. ئۆتكەن كۈنلەردىكى ئەدەبىيات نەزەرىيىسىمۇ شۇنداق مۇئامىلىگە دۇچ كەلمەكتە. شۇڭا ئۇنىڭغا تېرىكىپ كېتىش ھاجەتسىز. مۇنازىرە جەريانىدا باشقىلارغا بىلمىسىز دېگەن قالپاقنى كىيدۈرۈش تېخىمۇ توغرا ئەمەس.

ئەدەبىيات ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆز شان-شەۋكىتىنى كۆز-كۆز قىلىدىغان قورالى ئەمەس. ئۇ ھەر بىر مىللەتنىڭ، جەمئىيەتنىڭ، ئادەمنىڭ ئۆز-ئۆزىنى تونۇشتىكى ئالاھىدە بىر خىل ئىقتىدارىنىڭ ئىپادىلىنىشى. ئۆزىنى پەقەت شان-شەرەپ تاختىسىدىن كۆرۈشنى خالىغان مىللەت ئۇلغار مىللەت ئەمەس. قايسى مىللەت تارىخىدا ئاكىيۇ، ماڭقۇرت يوق؟ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نى باشتىن كەچۈرگەن


قايسى مىللەتتە جامال، پاتىمە، خۇماخانلار يوق؟

ئەدەبىيات قىسمەن، ئايرىملىققا ئىگە، ئالاھىدە ئەھۋاللارنى تەسۋىرلىمەيدۇ دەپ كىم ئېيتىدۇ؟ ئەدەبىياتنىڭ بىردىنبىر مەقسىتى ئادەمنى تەسۋىرلاش. ئۇنىڭ نەزەرىدىن ھەرقانداق ئادەم چۈشۈپ قالماسلىقى كېرەك. ئەگەر ئەدەبىيات بىر ئادەمنى مايماقكەنسەن، يەنە بىرسىنى كۆزۈڭ قىسىقكەن، ئومۇملىق، ئورتاقلىق تەرەپلىرىڭ ئازكەن دەپ چەتكە قاقسا، ئۇ ئەدەبىيات ئادەمدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. چۈنكى دۇنيادىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر يېرىدە نۇقسان بار. كونكرېت ئادەمنى ئومۇملىققا ئىگە بولغان مىللەتنىڭ بىردىنبىر ۋەكىلى دەپ قاراش ئەدەبىيات ئۈچۈن بەكلا زۆرۈر ئەمەس. «زېمىن، قارا ئادەملىرىڭگە» ناملىق پوۋېستتىكى جامال قاتارلىقلارنى ئىجابىي ئوبراز دېگىلى بولمىغىنىدەك، سەلبىي ئوبراز دېيىشكىمۇ بولمايدۇ. ئاپتورنىڭ مەقسىتى ئەدەبىيات نەزەرىيىلىرى بەلگىلەپ بەرگەن ئىجابىي، سەلبىي ئوبرازلارنى يارىتىش ئەمەس، بەلكى ئادەمنىڭ ئادەم بولۇش جەريانىدىكى ھايات تەقدىرىنى تەسۋىرلاش، مېنىڭچە، ئەختەمنىڭ ئەسەرلىرىنى رېئالىزمنىڭ قاتمال ئۆلچەملىرى بىلەن ئۆلچەش ناھايىتى ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولىدى. «زېمىن، قارا ئادەملىرىڭگە» دىكى جامال رەسسام مەيلى بەزىلەرنىڭ تىپ يارىتىش، ئوبراز يارىتىش، ئومۇملۇقنى، مايىللىقنى ئىپادىلەش دېگەندەك ئۆلچەملىرىگە چۈشمىسۇن، جامال ئوبرازىنىڭ ناھايىتى زور تارىخى، ئىجتىمائىي تەسىر پەيدا قىلالىشى ئۇنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئاڭلىشىغا، ئۆز - ئۆزىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئاساس بولالايدۇ. ئۇ ئەسەردىكى پېرسونازلار شۇ تۇرقى بىلەن شۇنداق تەسىرلىك، ئېچىنىشلىق، چوڭقۇر مەنىلىك ھايات مۇساپىسى بىلەن ئۆزىگە - ئۆزى ئۆلچەم بولالايدۇ. ياندىن قوپقان تەنقىدچىنىڭ ئۆلچەملىرىگە چۈشمىسە ھېچ گەپ ئەمەس.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۆز - ئۆزىنى تونۇشقا باشلىدى. بىر تۈركۈم يازغۇچى-شائىرلار ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى مۇساپىسىنى ئاچماقتا. ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئىجادىيەت باشلىنىشى، يېڭىلىق يارىتىش جۈرئىتى، ئىستىداتىدىن ئالغاندا، ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ساھەسىنىڭ ئالدى بىلەن ئۆزى توغرىلىق ئويلىنىشى زۆرۈر بولۇپ قالدى.

يېپەك يولى بويىدىكى دۇملەنگەن روھ كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. مەن مۇھەممەتئىمىن سەيدىن بىلەن باپكارنىڭ كۆلى بويىدا يالىڭاچ ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇنىڭ يالىڭاچلىقىنىڭ ئالدىدا مېنىڭ يالىڭاچلىقىم ھاياسىز، ئۇياتسىز يالىڭاچلىق ئىدى، ھەتتا ھايۋاننىڭ يالىڭاچلىقىغا ئوخشاپ كېتەتتى، شۇڭا قاتتىق خىجىللىق ھېس قىلدىم. مەن بۇ پوۋېست توغرىلىق پەقەت مۇشۇ سۆزنىلا قىلالايمەن. چۈنكى مېنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىم قانداقتۇ بىر ئەسەرنى باھالاش ئەمەس، بەلكى مەن ئەسەر ئارقىلىق ھېس قىلغان بەدىئىي تەسىرات. بۇ ئەسەرنىڭ ماھىيەت - مەنىسى، ئىچكى قۇدرىتى، كىتابخانلارنى ھەر كويلارغا سالغان سېھرىي كۈچى توغرىلىق كونكرېت سۆزلەش بەك مۈشكۈل. ئۇنى تولۇق چۈشەندۈرگىلىمۇ بولمايدۇ. ئۇنى ھەركىم ئۆز يۈرىكى بىلەن ھېس قىلىشى كېرەك. يەنە تەكرارلاپ قوياي: ھېچ كىم ھېچقايسى تەنقىدچىنىڭ گېپىگە كىرمەي، پەقەت ئۆز كۆزى بىلەن ئەسەرنى ئوقۇپ چىقىشى كېرەك. شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ قانداق ئەسەر ئىكەنلىكى ئايدىڭ بولىدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم.



مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن

ۋەن نىڭ

# تالانتلىق قەيسەر شائىر

ئوسىپ ماندېلشتام (1891-1938) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە بولغان شائىرى، نەچچە ئون يىلدىن بۇيان دۇنيا شېئىرىيەت ساھەسىنىڭ دىققىتى ئۇنىڭغا چۈشمەكتە. ئۇنىڭ شېئىرلىرى سوۋېت خەلقىنىڭ مەنىۋى بايلىقى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭمۇ گۆھەر - دۇردانىسىدۇر.

غەرب ئەدەبىيات ساھەسى ماندېلشتامنىڭ نۇرغۇن شېئىر - نەسرلىرىنى تونۇشتۇردى ۋە ئۇ توغرىلىق ئوبزورلارنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى غەربتە نەشر قىلىندى. بەزىلەر ئۇنىڭ شېئىرىنى 20 - ئەسىر شېئىرىيىتىدىكى ئاز ئۇچرايدىغان ھادىسە، دېسە، يەنە بەزىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باشقا شائىرلىرى ئۇنىڭ بىلەن تەڭلىشەلمەيدۇ، دېيىشتى.

ماندېلشتام ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئىلگىرىلا ئاجايىپ تالانتىنى نامايان قىلغانلىقتىن شېئىرىيەت مۇنبىرىدىكى سەركەردە، ئاكمې ئېقىمىنىڭ غوللۇق كۈچى دەپ قارالغان. ئىنقىلابنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق يىللىرىدىكى جىددىي ئۆزگىرىش ۋە قالايمىقانچىلىقلار ھەمدە ئەدەبىيات - سەنئەت ئېقىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى مەزھەپ كۈرەشلىرى تۈپەيلىدىن، ئەينى ۋاقىتتىكى نەشرىيات ساھەسىدىكىلەر ماندېلشتامنىڭ شېئىرلىرىنى نەشر قىلىشنى ئانچە خالاپ كەتمىگەن. 1928 - يىلىغا كەلگەندە ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى نەشر قىلىش ھەممىلا يەردە دېگۈدەك توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى. ماندېلشتام ئەدەبىي ھاياتى ۋە ھايات مۇساپىسىدە ھەر خىل بوران - چاپقۇنلارنى بېشىدىن كەچۈردى. ئۇ 1934 - يىلى ۋە 1938 - يىلى ئىككى قېتىم قولغا ئېلىندى. ئاخىرىدا سۈرگۈندە يۈرۈپ، ئەس - ھوشىدىن ئايرىلىپ، ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىسمى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەدەبىيات تارىخىغا دائىر بارلىق كىتابلىرىدىن چىقىرىلىپ تاشلاندى ھەمدە «ئەكسىلئىنقىلابچى» دېگەن قالپاق كىيگۈزۈلدى. ئۇۋاللىققا قالغان بۇ شائىر 50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن ناھايىتى تەسلىكتە ئاقلاندى. نام - شەرىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى، كۆپلىگەن سوۋېت ئەدەبىيات تارىخچىلىرى ۋە تەقرىزچىلىرى XX ئەسىر رۇس شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخى توغرىسىدىكى ھەرقانداق كىتابتا ماندېلشتامغا ئورۇن بېرىلمىسە، ئۇ ئادىللىق بولمايدۇ، ئۇنداق كىتاب ئۆزىنىڭ

چىنلىقىنى يوقىتىپ قويىدۇ، دەپ ھېسابلىدى. ماندالشتامنىڭ مىراس شېئىرلىرى يېقىنقى يىللاردىن بېرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گېزىت - ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى. نۆۋەتتە ئۇنىڭ تولۇق ئەسەرلەر توپلىمىنى نەشىر قىلىش ھەققىدە غۇلغۇلا بولماقتا.

ماندالشتام ياخشى تەربىيە كۆرگەن ئوتتۇرا بۇرژۇئاز يەھۇدى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. دادىسى خۇرۇم سودىگىرى بولسىمۇ گېرمانىيە پەلسەپىسى تەتقىقاتىغا بەكلا قىزىقاتتى. ئانىسى ئۇستا پىئانىنو مۇئەللىمى ئىدى. ماندالشتام ۋارشاۋادا تۇغۇلۇپ پېتىربۇرگتا چوڭ بولدى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئىككى قېرىندىشى ئائىلىدە ناھايىتى ياخشى تەربىيە كۆرگەن ھەم ئەتراپىدىكى مەدەنىيەت - سەنئەت مۇھىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇ بالىلىق دەۋرىدىن تارتىپ دادىسىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن گېرمانىيە ئەدەبىياتى ۋە XVII ئەسىر پەلسەپىسىنى ئۆگىنىشكە كىرىشتى. كېيىن فرانسۇز شېئىرىيىتى بىلەن كەڭ كۆلەمدە تونۇشتى. بۇلار ئۇنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە شېئىرىيەت ئىجادىيىتى جەھەتتە ئىلگىرىلىشىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. ئۇ بالىلىق ۋاقىتلىرىدا ئاتاقلىق شائىر ۋىلادىمىر ۋاسلىيېۋىچ گىپپىئۇس مۇدىرلىقىدىكى تېنىشېۋ مەكتىپىدە ئوقۇغاچقا، گىپپىئۇسنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان. ئەمما ماندالشتام مېنىڭ ھەقىقىي ئۇستازىم ئاننىنسكى دەپ قارايدۇ. ئۇ 1907 - يىلى بۇ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن چەت ئەللەرنى زىيارەت قىلىپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. دەسلەپتە پارىژغا بېرىپ بىر يېرىم تۇردى، ئاندىن گېرمانىيىگە بېرىپ ھامبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر يىل تىل - ئەدەبىيات ۋە پەلسەپە ئۆگەندى. ئارقىدىنلا شۋېتسىيە ۋە ئىتالىيىلەرنى زىيارەت قىلدى. 1908 - يىلى ئۇ پارىژدىكى ۋاقتىدا گىپپىئۇسقا خەت يېزىپ، ئۆزىنىڭ دىن ۋە پەلسەپە ھەققىدىكى ئوي - خىياللىرىنى بايان قىلدى. ئۇ بۇ يىللاردا ئەدەبىي ۋە پەلسەپىۋى ئەسەرلەرنى ناھايىتى كۆپ ئوقۇدى. بۇنىڭ ئىچىدە ل. تولستوي، گېخات ھوپمان①، كىنوت ھامسون، نىكارنوۋىچ روزانوۋ② قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى بار ئىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن 17 ياشلىق بۇ يىگىت كىشىلىك ھايات ھەققىدە كەسكىن، ئەستايىدىل پىكىر قىلىشقا باشلىدى. ئۇ: «ھازىرچە مەن جەمئىيەت، خۇدا، ئىنسانىيەت ھەققىدە تېخى ھەقىقىي تونۇشقا ئىگە ئەمەس، دەل شۇنداق بولغاچقا، مەن ھاياتنى قىزغىن سۆيىمەن ۋە ئېتىقاتنى قىزغىن سۆيىمەن، ھەممىنى قىزغىن سۆيىمەن» دېدى. فرانسىيە ۋە رۇسىيىنىڭ بەزى شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن «تۇرمۇشنىڭ مۇزىكىسى» نى بايقىدىم ۋە دەرھاللا ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلدىم، دېدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شېئىرىيەت ۋە مۇزىكا ئۇنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسى مەزمۇنى بولۇپ قالدى. ئەمما بۇ ياش ئىزدەنگۈچى بۇنىڭلىق بىلەن قانائەتلىنىپ قالمىدى، ئۇ دۇنيانى ساياھەت قىلىپ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى بىلەن تېخىمۇ ئوبدان تونۇشۇش شۇنداقلا «ئەدەبىيات ۋە پەلسەپىنى سېستىمىلىق ئۆگىنىش» كە تەييارلاندى.

---

② گېخات ھوپمان — گېرمانىيە دىراماتورگى. 1912 - يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

① روزانوۋ — رۇسىيىنىڭ 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى پەيلاسوپ، يازغۇچى ۋە تەنقىدچىسى.

ماندېلشتام 18 يېشىدىن باشلاپ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىگە كىرىشتى. بۇ قىزغىنلىق ئەينى ۋاقىتتىكى «ئاپوللو» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى سېرگېي ماركوۋسكىنىڭ قىزغىن قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشتى. ئۇ ماندېلشتامنىڭ ئانىسىغا ماندېلشتامنىڭ شېئىرىيەتتە تالانتىنىڭ بارلىقى ھەققىدە كاپالەت بەردى. ماندېلشتامنىڭ ئانىسى شۇندىلا ئوغلىنىڭ داۋاملىق شېئىر يېزىشىغا يول قويدى. تۇنجى شېئىرىنىڭ 1910-يىلى 8-ئايدىكى «ئاپوللو» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىشى بىلەن ئۇ ئەدەبىي ھاياتىنى باشلىدى. 1911-يىلى پېتىربۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىردى ھەمدە پېتىربۇرگدىكى ھەر خىل ئەدەبىي تەشكىلاتلارنىڭ پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا باشلىدى. سىمۋولىستلارنىڭ پائالىيىتىگە قاتنىشىپ يۈرۈپ، گۇمىليوۋ ۋە ئاخماتوۋالار بىلەن تونۇشتى ھەمدە ئۇلار بىلەن قىيامەتلىك قەدىناسلاردىن بولۇپ قالدى.

ماندېلشتام ناھايىتى تېزلا گۇمىليوۋ تەشكىللىگەن «شائىرلار كرۇژوكى» غا قاتناشتى. بۇ جەمئىيەت كېيىن ئاكمې تەرەپدارلىرىنىڭ پائالىيەت يادروسىغا ئايلاندى. ماندېلشتام ئۇنىڭ ئاكتىپ پائالىيەتچىسى ئىدى. 1913-يىلى ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرلار توپلىمى «تاش» نەشر قىلىندى. بۇ توپلامغا شائىرنىڭ 1910-يىلى ئېلان قىلىنغان «فرانسوۋا ۋىيون①» ناملىق ماقالىسى بىلەن ئاكمې ئېقىمىنىڭ خىتابنامە ھەم پروگراممىسى دەپ قارالغان بەزى شېئىرلىرىمۇ كىرگۈزۈلگەنىدى. بۇ توپلام نەشر قىلىنىشى بىلەن ماندېلشتام رۇسىيىنىڭ مۇشۇ زاماندىكى ئەڭ تالانتلىق ياش شائىرى، دەپ قارالدى. شائىرنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ پەيدا بولۇشىغا دائىر تەپسىلاتلار ھەققىدىكى تەسۋىرلىرى ھەمدە بۇ تەسۋىرلەردىكى ئۈستۈن ماھارەت كىتابخانلارنى تاڭ قالدۇردى. ئالايلۇق، ئىنسانلارنىڭ گەۋدىسىدىن چويلا توپ ھەرىكىتىنىڭ ھەرىكەت لايىھىسىگىچە؛ باخ بىلەن بېتخوۋېن مۇزىكىلىرىدىن «تىمتاسلىق» ۋە «سوكونات» نىڭ سېلىشتۇرمىسىغىچە؛ سانسوفىيە چېركاۋسىدىن تارتىپ پارىژ بۇۋى مەريەم ئىبادەتخانىسىغىچە... بولغان تەسۋىرلەرنىڭ ھەممىسىلا يېڭى ۋە ئۆزگىچە ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە پروگراممىا خاراكتېرىدىكى شېئىر — «پارىژ بۇۋى مەريەم ئىبادەتخانىسى» ئاكمې ئېقىمىنىڭ خىتابنامىسى دەپ قارالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا دۇنياغا «ئاكمې ئېقىمىنىڭ تېگى ئاتتى» دەپ جاكارلاندى. ئۈچ يىلدىن كېيىن، بۇ شېئىرلار توپلىمى قايتا نەشر قىلىندى. بۇ ئارىلىقتا، ماندېلشتامنىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولماي قىرىمغا بېرىپ داۋالاندى ۋە بۇ يەردە شائىرە مالىننا سىۋېتايېۋا بىلەن تونۇشتى.

1917-يىلىدىكى روسىيە ئىنقىلابى مەزگىلىدە ماندېلشتام پېتىربۇرگتا ئىدى. ئۇ 1918 — 1921-يىللاردىكى ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدە لوناچارسكى رەھبەرلىكىدىكى خەلق مائارىپ كومىتېتىدا خىزمەت قىلدى. قىرىم ۋە گرۇزىيىلەرگە باردى. 1922-يىلى موسكۋاغا يۆتكىلىپ كەلدى. بۇ مەزگىللەردە ئۇنى قىزىل ئارمىيىمۇ تۇتقۇن قىلدى، ئاقلار ئارمىيىسىمۇ ئىككى نۆۋەت تۈرمىگە تاشلىدى.

ماندېلشتام 1919-يىلى كىيېۋدا نادىژدا ياكوۋلېۋنا خازىننا بىلەن تېپىشىپ

① فرانسوۋا ۋىيون — فرانسىيىنىڭ 15-ئەسىردىكى داڭلىق شائىرى.

www.uyghurkitap.com



قالدى، 1922 - يىلى ئۇنىڭ بىلەن رەسمىي توي قىلدى. دەسلەپ موسكۋادىكى خىرچىن مەدەنىيەت سارىيىدا تۇردى، كېيىن خۇسۇسىي ئۆيگە كۆچتى. شۇ يىلى ئۇنىڭ ئىككىنچى شېئىرلار توپلىمى «ھەسرەت» نەشىر قىلىندى. بۇ توپلامغا 1916 — 1921 - يىلغىچە يازغان شېئىرلىرى كىرگۈزۈلدى. بۇ يىلى ئۇلار بۇخارىن بىلەن تونۇشتى. نادىرژدا ماندالىشتامنىڭ ئەسلىمىسىگە قارىغاندا، ماندالىشتام تۇنجى قېتىم بىر تۇغقان ئىنىسى قولغا ئېلىنىپ كەتكەندە ئايالى بىلەن بۇخارىننى ئىزدەپ بارغان. بۇخارىن ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدە ئۇنىڭغا ناھايىتى زور ياردەملەرنى بەرگەن. 1928 - يىلى نەشىر قىلىنغان شېئىرلار توپلىمى ۋە نەسىرلەر توپلىمى بۇخارىننىڭ ئارىغا كىرىشى، كىرىزنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ئاندىن يورۇقلۇققا چىققان. ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئەرمەنىستانغا ساياھەت قىلىشىمۇ بۇخارىننىڭ ياردىمى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئۇلتۇراق ئۆي ۋە يېمەكلىكلەر كىنىشكىسى قاتارلىقلارنىمۇ بۇخارىن ھەل قىلىپ بەرگەن. ماندالىشتام بىرىنچى قېتىم قولغا ئېلىنغاندا، بۇخارىننىڭ سالاسى بىلەن يەڭگىل بىر تەرەپ قىلىنىپ ۋورونېژغا سۈرگۈن قىلىندى. بۇ بۇخارىننىڭ ئەڭ ئاخىرقى ياردىمى بولۇپ قالدى. ماندالىشتام ئىككىنچى قېتىم قولغا ئېلىنغاندا، بۇخارىننىڭ ئۆزىمۇ قىيىن ئەھۋالدا قالغاچقا ھېچقانداق ئامال قىلالمىدى.

20 - يىللارنىڭ دەسلىپىدە، ماندالىشتامنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقى ئەڭ ئۈستۈن بولۇپ، ناھايىتى كۆپ شېئىردىي ئەسەرلەرنى يازدى. كېيىنچە ئۇلار غەربنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ تاپقان پۇل بىلەن تۇرمۇشىنى قامدىدى. چۈنكى 1923 - يىلدىن كېيىنكى خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلدە ئۇنىڭ شېئىر ئېلان قىلىشى چەكلىنىپ، ئەدەبىي تەرجىمە بىلەنلا شۇغۇللىنىشقا يول قويۇلدى. ئۇنىڭ 1924 — 1926 - يىللىرى ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - يارەنلىرىگە يازغان خەتلىرىدىن قارىغاندا، ئۇلار خېلى ئۇزۇنغىچە غورىگۈل تۇرمۇش كەچۈرگەن. شۇنداق قىلىپ، ماندالىشتام بەش يىلدىن كۆپرەك شېئىر يازمىدى.

1928 - يىلى بۇخارىننىڭ ياردىمى بىلەن ئۇنىڭ ئۈچىنچى شېئىرلار توپلىمى نەشىر قىلىندى. بۇ بىرىنچى شائىر ھاياتىدا ئەڭ كۆپ شېئىر ئېلان قىلغان، شۇنداقلا ھايات ۋاقتىدا ئەسەر ئېلان قىلالىغان ئەڭ ئاخىرقى بىر يىل بولۇپ قالدى.

ماندالىشتام يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىلەن ھەمكارلىشىشنى كۆپ قېتىم رەت قىلغانلىقى، شۇنداقلا ئاكمى ئېقىمىنىڭ ئىستېتىك قارىشىدا ۋە ئىجادىيەت قارىشىدا چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ناھايىتى زور سىياسىي بېسىمغا ئۇچرىدى. بۇخارىننىڭ ياردىمى بىلەن ئايالىنى ئېلىپ ئەرمەنىيەنى ساياھەت قىلىپ، ئۇسال سىياسىي ھاۋادىن ۋاقىتىنچە بولسىمۇ ئۆزىنى چەتكە ئالدى. ساياھەت ئارقىلىق ئۇنىڭ روھىي بېسىمى سەل يەڭگىللىگەندەك بولدى. بۇ ھەقتە نادېژدا ماندالىشتام ئۆز ئەسلىمىسىدە ئەرمەنىيەگە قىلىنغان ساياھەت شائىرنىڭ بەش يىللىق سۈكۈتتىكى قېتىپ قالغان ھېسلىرىنى ئويغىتىپ، ئۇنىڭغا ئىلھام ئاتا قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئەرمەنىيە شائىرنىڭ

تەلپۈنىدىغان ۋە ئىزدىنىدىغانغا ئايلاندى، دەپ يازدى. ئۇنىڭ ئۇرغۇن ئوي - خىيال ئارزۇلىرى «ئەرمەنىيىگە ساياھەت» ناملىق نەسىر بىلەن چاچما شېئىرلىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. ماندالىشتام ئەرمەنىيىدىن لېنىنگرادقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خىزمەت تاپالمىدى، ئەر - خوتۇن ئىككىسى تەرجىمىگە تايىنىپ ئەپلەپ - سەپلەپ تۇرمۇش كەچۈردى. تۇرمۇشتا بەك قىسىلىپ قالغاندا موسكۋاغا قايتىپ كەلدى. بۇ مەزگىلدە ئۇ ئاتاقلىق يازغۇچى ئاندرېي بېلەي ناھايىتى يېقىن قەدىناسلاردىن بولۇپ قالدى.

1934 - يىلى ماندالىشتام بىر پارچە شېئىرىدا ستالىنغا زور بىر تۈركۈم بىگۇناھ كىشىلەرنى ئۆلتۈرگەن قاتىل دەپ يوشۇرۇن ھۇجۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن 13 - مايدا قولغا ئېلىندى. بۇخارىننىڭ ياردىمى بىلەن ماندالىشتام يېڭىدىن بىر تەرەپ قىلىنىپ، سۈرگۈنگە ئەۋەتىلدى ھەمدە ۋورونېژنى سۈرگۈن جايى قىلىپ تاللىشىغا يول قويۇلدى. ماندالىشتام ئايالىنىمۇ بىرگە ئېلىپ باردى. سۈرگۈن مەزگىلىدە، بىر مەھەل ئۇنىڭ ئەس - ھوشى جايىدا بولمىدى. ئەمما مۇشۇ ئۈچ يىللىق سۈرگۈن مەزگىلىدە ئۇ «ۋورونېژ شېئىرلىرى» دېگەن مەشھۇر شېئىرى توپلىمىدىكى شېئىرلارنى يازدى.

1937 - يىلى 16 - مايدا ماندالىشتامنىڭ سۈرگۈن مۇددىتى توشتى. ئەمما ئۇ چوڭ شەھەردە ئولتۇراقلىشىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەسلەپتە سۆۋېردلوۋدا، كېيىن كالىنىندا ياشىدى. ئەر - خوتۇن ئىككىسى خىزمەتسىز قالغاچقا، دوستلىرىنىڭ قولىغا قاراپ قالدى. موسكۋادىن ئانچە - مۇنچە پۇل - پۈچەك ۋە يېمەكلىك ئارىيەت ئالغىلى بولغاچقا، دائىم دېگۈدەك كالىنىن بىلەن موسكۋا ئارىلىقىدا قاتراپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. شۇنداق قىلىپ موھتاجلىقتا چىشىنى - چىشىغا تىرەپ بىر يىلنى ئۆتكۈزدى. 1938 - يىلى 1 - ئايدا «ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى» دېگەن جىنايەت بىلەن يەنە قولغا ئېلىنىپ، بەش يىل مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش ھۆكۈم قىلىندى. ئۈستى - ئۈستىلەپ كەلگەن بۇ ئېغىرچىلىقلارنى ئۇنىڭ ئاجىزلاپ كەتكەن تېنى كۆتۈرەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شۇ يىلى 12 - ئايدا ۋىلادىۋوستوك ئەتراپىدىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرىدا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ قايسى كۈنى قازا تاپقانلىقىنى ھېچكىم بىلمىدى.

سوۋېت ھۆكۈمىتى 1940 - يىلىغا كەلگەندە ماندالىشتامنىڭ 1938 - يىلى 27 - دېكابىردا ئۆلگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. ستالىن ۋاپات بولۇپ ئۈچ يىلدىن كېيىن يەنى 1956 - يىلى يازغۇچىلار جەمئىيىتى ماندالىشتامنىڭ مەسىلىسىنى تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كىرىشتى. بۇ ئىش ئۈچۈن نادېژدا ماندالىشتام ھەرتەرەپكە چېپىپ كېپ جاپالارنى تارتتى. شۇ ۋاقىتتىكى يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى سۇركوۋ، يازغۇچى ئىليا ئېرىنبۇرگ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا ئاندىن ئۇ ئاقلاندى. ئارىدىن 45 يىل ئۆتۈپ 1973 - يىلىغا كەلگەندە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ماندالىشتامنىڭ شېئىرلار توپلىمى قايتا نەشر قىلىندى، 1987 - يىلى نەسىرلەر توپلىمى «تىل ۋە مەدەنىيەت» نەشر قىلىندى. 1955 - يىلى ئامېرىكىلىق رۇ-

سىيە ئەدەبىيات تەتقىقاتى مۇتەخەسسىسى گ.ستېرووۋ بىلەن پىلىپوۋلار ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئامېرىكىدا تونۇشتۇردى. بۇنىڭغا غەرب ئەدەبىيات ساھەسى شۇئان دىققەت قىلدى ھەمدە ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئېنگلىز، فرانسۇز، نېمىس ... تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ غەرب ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەر ئارىسىدا زور داغدۇغا قوزغىدى.

شائىرنىڭ 20 - يىللاردىكى شېئىرلىرىدىكى باش تېما، ئاساسەن، زامان، ئەسىر ۋە شائىرنىڭ بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتى ھەققىدە ئىزدىنىش، مۇلاھىزە قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى، تارىخ، ھازىرقى زامان، ئەخلاق، كىشىلىك ھالەت قاتارلىق تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. شائىر تۇرمۇشقا تولۇق ئىشەنچ ۋە ئۈمىد باغلىغانىدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئويلايدىغىنى ئادەمنى مەركەز قىلغان تۈرلۈك مەسىلىلەر ئىدى. بۇ شائىرنىڭ 20 - يىللار ۋە 30 - يىللارنىڭ دەسلەپىدىكى شېئىرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى. تۆۋەندىكى بىرقانچە مىسرا شېئىرىدىن بۇلارنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

ئەي دەۋران،
ئەي مېنىڭ يىرتقۇچ ھايۋىنىم،
كىم ساڭا پېتىنىپ تىك باقالايدۇ؟
ئايرىلغان تېنىنى ئىككى ئەسىرنىڭ
قېنى كىم مەڭگۈگە چىڭ چاتالايدۇ؟
سۇغىدا ئېرىيدۇ يۇلتۇزسىمان تۇز،
مۇز سۇيى ئايلانغان قارا سىياھقا،
ئەجەللەر بىغۇبار، ئاپەت شاكاراب،
يەر شارى چىنلىقتا يۇزلەنگەنسېرى
يۇرەكنى ئىزغىرىن يېگەندەك گويا.
كىم سۆيسە دەۋراننىڭ زەئىپ تاجىنى
شۇ ئەسلەر ئۇ چاغنى شاپائەت بىلەن.
پەرزەنتكە خاس ئىررۇر ئۇشبۇ شاپائەت
ئۇخلايدۇ بۇغدايدا دەۋرانلار تېمەن.

كىم ئاچسا كۆزىنى قاپاق كۆتۈرۈپ،
شۇنىڭدۇر دەۋرنىڭ ئاچچىق ساداسى.
بۇ ئاۋاز ئۇندەيدۇ تىلسىم ئەۋجىگە
تۈيۈلار ۋە يىراق ئۈپۈق قىياسى.
......
ئۇۋۇلغان توپىدەك ئۇپۈرىلغان ھايات،
ئاھ ئەجەل دەۋرانى سەندىن يەيمەن غەم.
ۋىجدانسىز ئادەملا ھېجىيىپ تۇرۇپ
ھەقىقىي تۈيغۇنى چۈشىنەر بۇ دەم.
نەقەدەر ئازابتۇر يوق تىلنى ئىزدەش
قىپقىزىل ئىششىغان جۇپ كۆزنى ئېچىپ
قانلارنىڭ ئىچىدە ئۈيىدى داكتاش،
ئۆزگىچۈن گىياھلار بېرىدىمەن يىغىپ.

ماندالشتام بۇرۇن سىمۋولىستلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، كېيىن ئاكمى ئېقىمىغا قاتنىشىپ، سىمۋولىستلارنىڭ سىرلىق، غەيرىي رېئاللىق خاھىشىغا قارشى تۇرۇپ، رەڭگارەڭ رېئال تۇرمۇشنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇنىڭ سۆز تاللىشى خۇددى بىناكارنىڭ ئۆيىنىڭ ئۇل تېشىنى توجۇپىلەپ تاللىشىدەك پۇختا بولغان. شۇڭلاشقىمۇ تۇنجى شېئىرلار توپلىمىغا «تاش» دەپ ماۋزۇ قويغان.

ئۇنىڭ شېئىرلىرى گۈمىلىۋۇنىڭكىدەك رەڭگارەڭمۇ، ئاخماتوۋنىڭكىدەك سىپتا - نازۇكمۇ ئەمەس. ئەمما گرېتسىيىلىكلەر، لاتىنلارنىڭ قەدىمىي ئۇسلۇبىنىڭ تەسىرىنى، دېرژاۋىن،① تيوتچېۋ②لارنىڭ مۇنازىرىچان ئەنئەنىسىنىمۇ قوبۇل قىلغاچقا، ئۇ-

① دېرژاۋىن (1743 — 1816) رۇسىيىنىڭ ئاتاقلىق شائىرى.
② تيوتچېۋ (1803 — 1873) رۇسىيىنىڭ ئاتاقلىق شائىرى.

نىڭ شېئىرلىرىدىكى كەيپىيات جىددىي، شېئىرى ھېكمەتلەر ئادەتتىكى نەرسىلەر ئىسچىدە ئەكس ئېتىدۇ. شېئىرلارنىڭ رىتمى ئەركىن، قۇرۇلمىسى پۇختا، تارتىملىق، تىلى كۆپىنچە ساتىرىك بولۇپ، شائىرنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى ئىپادىلەنگەن. شائىرنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى دۇنيا ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ھەمدە بۇ مەدەنىيەتنى گەۋدىلەندۈرگەن ئادەمدىن ئىبارەت بولغان. ئۇ پېتىربۇرگ — شائىرنىڭ قەلبىدىكى ئەڭ سەممىي، ئەڭ پاك، ئەڭ مۇقەددەس شەھەردىن پۈتكۈل رۇس مەدەنىيىتىنى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا قايغۇ - ھەسرەتلىك تۇيغۇلار، دۇنيا ۋە ۋەتىنىنىڭ كېلەچىكى توغرىسىدىكى غەم - ئەندىشىمۇ بار. بۇ شائىرنىڭ ئىنتايىن ئۆتكۈر تارىخىي ئېڭىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ماندېلشتامنىڭ شېئىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە زامانداشلىرىنىڭ ھاياتى، ئېڭى، قەلبى ۋە خىيال - چۈشەكەشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ھالبۇكى خىيال چۈشەكەشنى شائىر زاۋاللىققا يۈز تۇتقان مەدەنىيەتنىڭ ئاداققى ناخشىسى، دەپ قارايدۇ. شائىر بۇ توغرىسىدا بەكمۇ تەشۋىشلىنىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا شائىرنىڭ ئۆزگىچە ئۆتكۈر كۆزىتىش ئىقتىدارى ئىپادىلەنگەن. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ھالاكىتى بىلەن مەدەنىيەتنىڭ يوقىلىشىنى، مۇھەببەتتىكى قەيسەرلىك بىلەن ھاياتنىڭ خىرىسلىرىنى مەنسىتمەسلىكنى بىرلەشتۈرگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئاشۇ دەۋر تومۇرىنىڭ سوقۇشى بىلەن شەخسنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ خاتىرىسىدىن ئىبارەت. ئۇلار گاھىدا ئادەمنى لەرزىگە سالىدىغان قايناق ھېسسىيات بىلەن، گاھىدا سىلىق - سىپايە تەسۋىرلەشلەر بىلەن كىتابخاننى جەلپ قىلىدۇ ۋە شائىرنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئىپادىلەيدۇ. ماندېلشتامنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان ئامېرىكىلىق مۇتەخەسسىس ج. خارىس ئېنىقلىق، ئىخچاملىق، يارقىنلىق، جانلىق تىل، ئىچكى ئەخلاقىي كۈچلەرنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىقلار ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا ھەيۋەتلىك تۈس ۋە جۇلا قوشقان، بۇنداق ھال 20 - ئەسىر شېئىرىيىتىدە كەم ئۇچرايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى ماندېلشتامنىڭ شېئىرلىرى بولۇپمۇ ئاخىرقى شېئىرى توپلىمىدىكى توق قاپىيىلەرنى، ئوخشاشمىغان پېئىل زامانلىرىنى باشقا تىلدا ئىپادە قىلىپ چىقىش تەس. ماندېلشتامنىڭ مۇھەببەت لىرىكىلىرى ئۇنىڭ ھاياتىدا ناھايىتى ئاز سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلاردا ھېسسىيات جەھەتتىكى قانائەت ئەمەس، ئەكسىچە ئاياللارغا بولغان ھېرىسمەنلىك ئىپادىلەنگەن. ئاخماتوۋانىڭ شېئىرلىرىمۇ شۇنداق. ئۇلار روھىيەتتىكى ئەركىنلىكنى ئىپادىلەيدۇ.

ماندېلشتام ئىجادىيىتىنىڭ يېتىلىشىگە ئەگىشىپ ئۇنىڭ شېئىر بىلەن نەسرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بارغانسېرى قويۇقلاشتى. ئۇنىڭ نەسرلىرى باش تېما جەھەتتە شېئىرلىرىغا تەسىر قىلىپلا قالماستىن، بەلكى شېئىرلىرىنىڭ تىل قۇرۇلمىسى نەسرلىرىگە تەسىر قىلدى. بۇ شائىر ئىجادىيىتىدىكى زور بۇرۇلۇش ئىدى. شائىر 20 - يىللارنىڭ دەسلىپىدە كۆپىنچە تەرجىمىھال خاراكتېرىدىكى نەسرلەرنى يازدى. بۇلار شائىرنىڭ سەنئەت، ئىلىم - مەرىپەت، ئەخلاق مەسىلىلىرىنى ناھايىتى كەسكىن ئېستېتىك قاراش بىلەن مۇھاكىمە قىلغانلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى. شۇنداقلا ياش شائىرنىڭ دۇنيا، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ھەمدە كىشىلىك ھاياتنىڭ مەقسىتى ھەققىدە ئىزدىنىشتىن ئىبارەت كۈچلۈك ئارزۇسىنى ئىپادىلەپ بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



«فرانسوۋا ۋىيئان ...» ناملىق ماقالە ماندېلشتامنىڭ تۇنجى ئېلان قىلىنغان ئاكمې ئېقىمى خىتابنامىسى بولۇپ، بىز ئۇنىڭدىن شائىرنىڭ كېيىنكى شېئىر ۋە نەسىرلىرىنىڭ باش تېمىسى ۋە ئۇسلۇبىنىڭ مەنبەسىنى ھەم بىخلىرىنى ئالايلۇق، شائىرنىڭ ئوبرازى ۋە رولى، شېئىرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە مەنبەسى ھەمدە تەسىر كۈچى سەنئەت بىلەن جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى، شائىر بىلەن كىتابخاننىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنى كۆرۈۋالالايمىز. ماندېلشتام پۇشكىن بىلەن سىكرىيابىن ① توغرىسىدا، چادايېۋ ② بىلەن شېنىيېر ③ توغرىسىدىكى ماقالىلەردە سەنئەتكارنىڭ ئەركىن روھى ۋە سەنئەتكار بىلەن جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەكىتلەپ، ئەركىن روھ — رۇس مىللىتىنىڭ جەۋھىرى، ھەر بىر رۇس يازغۇچىسىنىڭ ئىجادىيەت خېمىرتۇرۇچى ۋە بۇلىقى ئەنە شۇ يەردە دەپ قارىغان. ئۇ شائىرنىڭ مەسئۇلىيىتى دۆلەتنىڭ «پۇقرا» سىنى تەربىيىلەش ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ قېرىندىشى — «ئادەم» نى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا شائىر بىلەن كىتابخان تەڭ - باراۋەر ئورۇندا تۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ. «تىلنىڭ ئالاھىدىلىكى» (1922) ناملىق ماقالىدە، ئاكمې ئېقىمىنىڭ تەبىرىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، مۇنداق ھېسابلىغان: «ئاكمې ئېقىمى رۇس ئەدەبىياتى تارىخىدا مەيدانغا كەلگەن ئىجتىمائىيەت ۋە ئەدەبىيات ھادىسىسى، ئاكمې ئېقىمىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئەگىشىپ، يېڭى ئەخلاقىي كۈچ رۇس شېئىرىيىتى زېمىنىدە ئاپىرىدە بولدى ... ھەمبۇگۈنگە قەدەر داۋاملاشتى. رۇس شېئىرىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي روھىي كۈچى يەتمەكچى بولغان يۈكسەكلىك ‹پۇقرا› ئۇقۇمىلا ئەمەس، ھالبۇكى بۇ يەردە ‹پۇقرا› دىن تېخىمۇ ئۈستۈن بىر ئۇقۇم بار، ئۇ بولسىمۇ ‹ئادەم› دىن ئىبارەت.»

«دەۋرنىڭ ساداسى» (1923 — 1925) ماندېلشتامنىڭ تۇنجى ياخشى چىققان نەسرى. ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىنىڭ چوققىسى. ئېستېتىك نۇقتىدىن قارىغاندا، بۇ ئەسەردىن ئۇنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن ۋايىغا يەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ژانىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇ ماندېلشتامنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبى جەھەتتە يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويغانلىقىنىڭ بىشارىتى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ شېئىرلىرى تېخىمۇ لىرىكىلىقتا يۈزلەندى. 1933 - يىلى يېزىلغان «دانتې توغرۇلۇق سۆھبەت» ناملىق ماقالىسىدە ئۇنىڭ شائىر ۋە كىتابخانلىق جىگىرى ۋە ئىجادچانلىق روھى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلدى. دانتېنىڭ سىرتقى ئەندىزىسى توغرۇلۇق توختالغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ئېڭىنىڭ ئىچكى تەجرىبىلىرىنى ھەمدە دانتېنىڭ شېئىرىيەت قارىشى ۋە ئىجادىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى، شائىر بىلەن كىتابخان ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت پىسخىكا بىلەن ئىجادىيەت قىزغىنلىقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت توغرىسىدىكى ئۆتكۈر ۋە چوڭقۇر كۆزىتىش ئىقتىدارىنى، ئېستېتىك غايىسىنى ئىپادىلىدى.

(«ھازىرقى زامان سوۋېت ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىللىق 2 - سانىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.) **كامىل تۇرسۇن تەرجىمىسى.**

---

① سكرىيابىن — مەشھۇر رۇس كومپوزىتورى.
② چادايېۋ — رۇسىيىنىڭ 18 - ئەسىردىكى يازغۇچىسى.
③ شېنىيېر — فرانسىيىنىڭ 18 - ئەسىردىكى يازغۇچىسى.

# چەتئەل ئەدەبىياتىدىن

مەرمۇھىن (سوۋېت ئىتتىپاقى)

## تەرىككتاب

(ھەجۋىي ھېكايە)

ئادەم بالىسى مۇلايىم بولسا شۇنچە-
لىك بولىدۇ - دە، زەينابىدىنىڭ سىڭىز
قىيقىزىل يۈزىدىن ھەممىشە كۈلكە يېغىپ
تۇراتتى... ئۇ بەزىدە مۇنداقلا ئېيتىلغان
سۆزگىمۇ ھىجىيىپ، ئاغزى قۇلىقىغا يې-
تەتتى. بۇنداق ئادەمنى زاكاز قىلىپ-مۇ
تاپقىلى بولمايدۇ. ئۇ «بەش كۈنلۈك ئالەم»
نى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈش نىيىتىدە شىللىق
قۇرتتەك ئاستا سۈرۈلۈپ، قۇشقاچتەك
ئالدىراپ - تېنەپ «چېچىلغان نېسىۋە»لى-
رىنى تېرىپ يەيتتى. ئەتىگەندە ئىشقا
ئالدىراپ ئاپتوبۇسقا يۈگۈرگەن، ئاسمان
پەلەك جازا ئۈستىدە تۇرۇپ ئىشلەۋاتقان
ئادەملەردىن كۈلەتتى: «ئۇنچىۋالا قىلمايمۇ
پۇل دېگەن بىر نېمىنى تاپقىلى بولى-
دۇغۇ» دەيتتى ئۆزىگە ئۆزى.

زەينابىدىن ئەتىگەندە ئۆز بۆلۈ-
مىگە كىرىپ يولۋاس پەنجىلىك ئورۇندۇق-
قا ئولتۇردى (ئوبلاستلىق مەدەنىي - مائا-
رىپ ئىدارىسىنىڭ بۇ كونا ئورۇندۇقىنى
ھەممە كىشىگە تونۇش ئىدى.) باش-
لىقىنىڭ كەلگىنىنى كۆرگەن خادىملار
قارىغۇ كارىدورنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى
ئىشىكلەرنى ئارقىمۇ ئارقا ئېچىپ، سا-
لامغا كىرىشتى. ھەممىدىن ئاۋۋال خوجۇ-
لۇق مۇدىرى پاچچايۇۋ قەدەم تەشرىپ
قىلدى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، خوجايىن!—
ئۇ بىر دەستە قەغەزنى ئۈستەل ئۈستىگە
قويدى.

مانا بۇ ساچى شەھەرلىك مەدەنىي-
مائارىپ ئىدارىسىگە بارىدىغان كاماندىروپ-
كا پۇلىڭىز ۋە گۇۋاھنامىڭىز، تەجرىبە
ئالماشتۇرۇپ كېلىسىز، ھى - ھى!!! ئاي-
روپىلاندا بېرىپ - كېلىش بېلىتىنى ماڭى-
دىغان كۈنى ئالىسىز. پۇلنى ساناپ ئې-
لىڭ. ھېسابلىق دوست ئايرىلماس».

— رەھمەت! ئىدارىنى سىزگە تاپ-
شۇرىمەن. چىڭ تۇتۇپ رەھبەرلىك قىلىڭ.

— رەھمەت، — ئۇ بىرنەچچە قەدەم
كەينىگە داجىپ ئارقىچە مېڭىپ چىقىپ
كەتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — ياكىيۇ بۇ-
رۇن ئىشانچە دېگەن ئادەم كىردى، —
قانداق، سالامەتمۇسىز؟ ياخشى تۇرۇۋاتام-
سىز؟

— ياخشى، ياخشى...

— بۇ ھۆججەتكە قول قويۇۋېتىڭ.
سانىتورىيىدىن يېنىپ كەلگىنى-
ڭىزدىن كېيىن ئۆزىڭىزگە چات ئەمەلىك

www.uyghurkitap.com

مېھمانلار كېلىدۇ؛ رېمونت، سىر ۋە باشقا چىقىملار ئۈچۈن يۇقىرىدىن پۇل سورىدۇق. مانا بۇ سىزگە كېيدۈرۈلگەن تون، دوپپا... ئۆزىڭىز بىلىدىغان پونىتتىن، بۇ ئۆزىڭىزنىڭ ساناتورىيىگە مېڭىش زىياپىتى ئۈچۈن ئاجرىتىلغان پۇل...

— قويۇڭلارچۇ، ئاۋارە بولۇپ نېمە قىلىسىلەر؟

— ۋاي، باشلىقىمىز ساناتورىيىگە ماڭىدىكەنۇ، ئۇزىتىپ قويمايمىزمۇ! ئۇنداق قانۇن نەدە باردىكەن! مانا بۇ قەغەزگىمۇ قول قويۇۋېتىڭ، سىزگە، ئۆزىمىزگە، پاچچايۇۋقا ئىش ئۇستىدە كىيىش ئۈچۈن يۇمشاق ئاياغ ئالىمىز. مانا بۇنىڭغىمۇ، ئىشخانىدا بوۋاسىر كېسىلىگە گىرىپتار بولماسلىق ئۈچۈن پەي گىردىلىكىمۇ ئالغانمەن...

زەينابىدىن قاغا پۈتى ئىمزاسىنى قويدى. ئىشانچە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئىشىك قىيا ئېچىلىپ، «ئامبارچى» مۇئاۋەزە خوجىنىڭ ئۇزۇنچاق يۈزى كۆرۈندى (بۇ ئادەمنى ماغزاۋەخوجا دەپمۇ ئاتىشاتتى.) زەينابىدىن ئۇنى شەرەت قىلىپ چاقىردى-دە، ئۇ ئولتۇرغان جايىدا قول بېرىپ، ساختا ھىجىيىپ قويدى. ئۇ مۇلايىملىقنىڭ ھىكمىتى توللىقى، بۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ جىق نەپ ئالغانلىقىنى ئامبارچىغىمۇ سۆزلەپ بەرگەنىدى.

— يېڭى ئالغان ئىشكاپلاردىن بىرنى، بىر ئىش ئۇستىلىنى ئۆيىڭىزگە ماڭدۇرۇۋەتتىم، ئۆيدىمۇ سىز ھۆكۈمەت ئىشىنى قىلىسىزغۇ...

— ھە، ئەلۋەتتە. مېنىڭ ھۆكۈمەت ئىشىدىن باشقا يەنە قانداق ئىشىم بولاتتى. ئۇستەل بىلەن ئىشكاپ ئىدارىدە تۇرىدى نېمە، ئۆيدە تۇردى نېمە؟

خوجا چىقىپ كېتىشى بىلەن يەنە پاچچايۇۋ كىردى.

— قېنى دۇمبىقىم، بىردەم شاھىيات ئويناپلى، ئىشلەۋېرىپ كۆزىمىز تېلىپ كەتتى.

— بۈگۈن كۆپ ئىشلەۋەتتۇق، خوجايىن. جېنىمىزنى تىكىپ تۇرۇپ ئىشلەۋاتقىنىمىزنى ھۆكۈمەت بىلەرمىكىن؟

— بىلىدۇ، — دېدى زەينابىدىن خىيال سۈرۈپ، ئاندىن سىرىدى، — مېنى تونۇشتۇرىدىغان ماتېرىياللىنى يېزىپ ئەۋەتكەنمىدىڭلار؟

— خاتىرجەم بولۇڭ، ھەممە ئىش ھەل بولغان، خۇدا نېسىپ قىلسا.

— بەس، بەس! ئىشقىلىپ ئىشىنى ياخشىلاپ تۇرۇڭلار.

— بىزمۇ دۆلەت مۈلكىگە ئوخشايمىز. بىرەر يېرىمىزگە قەلەي قېقىپ نومۇر سېلىپ قويمىغىنىغا ھەيرانمەن، — زاپخوزنىڭ كۆزى ئىشكاپنىڭ يېنىغا قېقىپ قويۇلغان مال-مۈلۈك نومۇرىغا چۈشتى.

— مەن ماڭدىم، خىيالىڭىز جايىدىمۇ؟ مېڭىڭ!

— نېمە ئۇتتۇرۇپ بېرىدىمۇ؟

— ئۇنداق قىلسىڭىزمۇ، بۇنداق قىلسىڭىزمۇ ياخشىلىقچە ئىنساپ بىلەن ئۇتتۇرۇڭ!

ئويۇن چۈشكىچە داۋاملاشتى. پاچچايۇۋ چىقىپ كەتكەندە، كاتىپ قىز زەينابىدىننىڭ ئىشخانىسىغا ئۇستىگە ئاق لۆڭگە يېپىلغان پەتنۇس ئېلىپ كىردى. يەنە يېنىپ چىقىپ چاي ئېلىپ كىردى. زەينابىدىن تاماققا قارىدى. ئۇ قورۇق بىدە يەۋاتقان ئاتتەك كورۇس-كورۇس قىلىپ گۆش چاينىدى. تاماقتىن كېيىن كېكىردى، بۇ كۆتۈش ئۆيىدىكى ئادەم-

لەرگىمۇ ئاڭلاندى. بۈگۈن ئۇ يەنە كا-
تىپىغا ھەرقانداق ئادەم كەلسىمۇ «ئۆ-
زىنىڭ يوقلۇقى» نى ئېيتىپ، ئىشخانى-
سىنى ئىچىدىن تاقاپ، دىۋاندا ئۇخلىدى.
شۇ ياتقىنىچە سائەت ئالتىلەردە كۆزىنى
ئاچتى. ئۇ ئەتىسى ئىدارە خادىملىرىنى ئۆز
ئىشخانىسىغا يىغىپ، مەجلىس ئاچتى. تا-
ماكا چېكىشتى. ئىشخانا دېرىزىلىرىدىكى
ئاق دۇخاۋا پەردىلەر سارغىيىپ كەتكە-
نىدى. مەجلىسنىڭ ئوتتۇرىسىدا كاتىپە-
نى چىقىرىۋېتىپ چاقچاق باشلاشتى. پاچ-
چايۇۋ خوراز بولۇپ ئويناپ، زەينابىددىن-
نى تازا كۈلدۈردى؛ ماغزەۋە خوجىمۇ
ئېيىنى تېپىپ بويناق دەپ، پاچچايۇقا
تەگكۈزدى (ئۇنىڭ لەقىمى تايغان ئىدى.)
چاقچاق تۈگىگەندىن كېيىن زەينابىددىن
ئورنىدىن تۇردى:
— سىرتتا مەجلىسىم بار ئىدى. ما-
ڭاي، قېنى ئەمدى ئىشلەڭلار، ھۆججەتلەر-
گە ئەتە قول قويىمەن.
— خوپ، بولىدۇ، خوجايىن، — ئۇلار
بىرلىكتە ئورنىدىن تۇرۇپ، قول قوشتۇ-
رۇپ تۇرۇشتى.
زەينابىددىن مۇلايىم ھىجايدى: «سى-
لەردەك ئەزىمەتلىرىم بار، نېمە غېمىم
بار...» قول قوشتۇرۇپ تۇرغانلار «ئۆزى-
ڭىز ئامان بولۇڭ، بېشىمىزغا سايىۋەن
بولۇڭ» دېگەندەك تەۋرەپ قويدى.
زەينابىددىن سىرتتىكى مەجلىسكە
بېرىپ، يەنە يېنىپ كەلدى. شۇ مەجلىستە
ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى ئادەملەر
بىلەن سەمىمىي كۆرۈشتى. ئورۇنغا ئول-
تۇرۇپ بولغاندىن كېيىن يەنە ئۇلارغا
«مەندەك غېرىب - بىچارىلەرگە ئىلتىپات
قىلىپ قويۇڭ» دېگەندەك مۇلايىم قاراپ
قويدى. شۇ كۈنى ئۇ بىر ئاز كېچىكىپ قاي-
تتى. يولدا ئازراق توختاپ گاز سۈيى
ئىچمەكچى بولدى. يانچۇقىنى كولاپ ئۈچ
تىيىنلىق پۇلدىن بىرنى ئالدى. ئۇنى كاس-
سىغا تاشلاش ئالدىدا بىردەم تۇرۇۋېلىپ،
ئۇزاتقان قولىنى دەرھال تارتىۋالدى. بۇ
ئۆز پۇلىغۇ! زەينابىددىن پۇلنى يانچۇقىغا
سالدى - دە، يولىغا راۋان بولدى. ئەتىسى
ئۇ بەزى ھۆججەتلەرگە قول قويدى. شۇ-
نىڭدىن كېيىن، ئىشانچە بىلەن پاچچايۇۋ-
نى چاقىرىپ مەسىلە پەقەت ساناتورىيى-
يىدىن قايتقىچە ئۆيىنى رېمونت قىلىپ
قويۇشتىلا ئەمەسلىكى، ئەمدى ئۇ بۇ يىل
ئوغلىنىمۇ ئۆيلىمەكچى، پەرزەنت دۆلەتنىڭ
ئىكەنلىكى، بۇ تويىنىڭ ھېچ بولمىغاندا،
ئاتمىش پىرسەنت چىقىمىنى ھۆكۈمەت
كۆتۈرۈشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى.
شەنبە كۈنى ساناتورىيىگە مېڭىش كۈ-
نى زەينابىددىننىڭ قاپىقى تۈرۈلگەن، ئۆزى
خامۇش بولۇپ قالغانىدى. پاچچايۇۋ، ئى-
شانچىلەر يۈگۈرۈشۈپ ئۇنىڭ يېنىغا كې-
رىشتى. مۈگدىگەن قۇرتتەك باش كۆتۈ-
رۈپ تۇرغان زەينابىددىن بىردەملىك
سۈكۈتتىن كېيىن قاپىقىنى ئاچتى.
— دوستلار، باشقىچىرەك بىر چۈش
كۆرۈپتىمەن. ئاچاڭلارغا ئېيتسام ئاغزىدىن
سەترەك گەپ چىقىپ كەتتى. ھەي، ھەي
بەس! — دېدىم. چۈش مانا مۇنداق... سى-
لەر نېمە دەيسىلەر؟
— چۈشىڭىز يامان ئەمەس، — دېدى
ئەپلاتونچە ھۆكۈم قىلىپ پاچچايۇۋ، — مۇن-
داق چۈشلەرنى بىز تولا كۆرگەنمىز...
(بۇ گەپ باشلىقنى مەنسىتمىگەندەك بو-
لۇپ قالدى دەپ ئويلىدىمۇ، ئۇ دەرھال
تۈزەتتى) ياق، ياق، مەن خاتالىشىپتى-
مەن، مۇنداق چۈش كۆرگىنىم يوق، كۆ-
رۈشۈممۇ مۇمكىن ئەمەس. مۇنداق چۈش
كۆرۈشنى بىزگە كىم قويۇپتۇ!
زەينابىددىن «بەللى، كەمتەرسىز - دە...»
دېگەندەك پاچچايۇۋقا ھىجايدى.
— بۇ چۈشنىڭ تەبىرىنى بىز ئېيتاي-
لۇق، — دېدى خوجا، — ئاۋۋال خۇددى
شۇنداق، ياق بۇنىڭدىن تۆۋەنرەك بىر
چۈش كۆرگەنىدىم، — شۇ چاغدا ئايال پاشا
سۈرىتى بار يىگىرمە بەش سوملۇق پۇل

تېپىۋالغانىدىم. ئەرلەرنىڭ چۈشى ئوڭ كېلىدۇ، خوجايىن. بىر نەرسە تېپىۋالىسىز. يىگىرمە بەش سوم دېگەن گەپ، ئىككى يۈز ئەللىك سوم، ياق، ياق، بۇ كەم، ئىككى مىڭ بەش يۈز سوم تېپىۋالىسىز. مېنى ئېيتتى دەرسىز، ئەلۋەتتە تېپىۋالىسىز!

— ئېيتقىنىڭىز كەلسۇن، — دېدى زەينابىددىن، — دوستلار، مېنىڭ كۆپ يىللىق تۆھپەم بار... ئۆز دائىرەمدىكى بىرەر كۇلۇب ياكى كۇتۇپخانىنى مېنىڭ نامىمدا ئاتاش ھەققىدە ئويلانمايۋاتىسىلەر، سىلەر دېگەن ئاما، ئاما بولغاندىن كېيىن تەلەپ قىلساڭلار بولمامدۇ! كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا كۆرەي... دوكلات يېزىپ ئىلتىماس قىلىڭلار! ماڭا پۇل كېرەك ئەمەس...

— خوجايىن، ئاشۇ ئايال پاشا بار پۇلنى ئازادلىقتىن ئاۋۋال تېپىۋالغانمەن، ھازىر ئەمەس كەچۈرۈڭ، چۈشەنمەپتىمەن...

— مېنىڭچە:— دېدى زەينابىددىن — چۈش تەبىرگە كەلگەندە، يولداش پاچچايۇنىڭ سۆزىنىڭ كېيىنكى يېرىمى خىيالى ئوبېكتىپ بولدى.

شۇنداق قىلىپ، يەكشەنبە كۈنى زەينابىددىن ساچى شەھىرىگە ماڭدى. ئايروپىلان ئىستانسىسىدا ئۇنىڭ ئادەملىرى مېھرى-شەپقىتىنى ئىپادىلەپ، ئۇنى ئۇزىتىشتى. ئۇزاتقۇچىلارنىڭ ھەر بىرى باشلىقىغا «ئۆز ساداقىتى» نى كۆرسىتىش ئۈچۈن ھەر خىل قىلىقلارنى قىلىشاتتى.

بىر ئايەۋ چاپسانلا ئۆتۈپ كەتتى. زەينابىددىن گۈلدۈرلەپ يېتىپ كەلدى. ئۆيىدە ئۈچ كۈن كەلگەن - كەتكەننى ئۇزىتىپ تۆتىنچى كۈنى ئىشقا كەلدى. بەشىنچى كۈنى يولۋاس پەنجىلىك ئورۇندۇقتا قوشۇن كۈتۈپ ئولتۇرغان زەينابىددىننىڭ ئالدىغا كېلىشكەن ئىككى كىشى كىرىشتى. ئاۋۋال پىتىدىن چۈشمەي، پەسەنت قىلماي ئولتۇرغان زەينابىددىن، بۇلار خەلق نارازەت خادىملىرى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، مۇلايىملىق بىلەن ھىجايدى. كاتىبەگە تېزرەك چاي دەملەپ كىرىشنى ئېيتتى. قولىدىكى بىر بولاق چاينى مېھمانلارغا كۆرسىتىپ «مازار ئاتلاپ كەلگەن» ئەلا سۈپەتلىك چاي ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

— دۆلەت چىيى بولسا كېرەك؟— دېدى ئولتۇرغاننىڭ بىرى، — «سېخىي» ئادەملەرنىڭ سادىقىسى كەتسۇن....

— ھەي، بەللى، — دېدى ئىچىدىن تولغىنىپ زەينابىددىن، — مەرھەمەت، ئەزىز يولداشلار. بىزگە قانداق ۋەزىپە بار؟

— يىلتىزنى كېمىرۋاتقان موزايىبېشىنى گۆرجەك بىلەن ئېلىپ تاشلاش كېرەك. بۇ ئىشتا بىزگە ياردەم بېرىڭ، — دېدى خەلق نارازەت خادىملىرىدىن بىرى،

—موزايىبېشى يامان نەرسە، دەرەخنى قۇرۇتىدۇ، — دېدى ئاۋۋال مۇلايىم ھىجىيىپ تۇرغان زەينابىددىن بىردىن تاتىرىپ. كېيىن ئۇ ياكىيۇ بۇرۇن پاچچايۇۋ بىلەن ئىشلانچىنى چاقىرتىپ دېلولارنى، ھۆججەتلەرنى، ئاكتلارنى... بۇ ئادەملەرگە كۆرسىتىشنى بۇيرۇدى. ئۆزى بولسا قانداقتۇر بىر گۆرجەكنى سىپىدىن چىڭ تۇتۇپ تۇرغاندەك، چايمۇ ئىچمەي چەكچىيىپ ئولتۇراتتى.

(ئاپتورنىڭ ئۆزبېكچە «ئەسەرلەر» 4 - تومىدىن ئېلىندى)

ئا. خەلپەت تەرجىمىسى. مەسئۇل مۇھەررىر ئارسلان



تۇرمۇش قاينىمىدا .




كۆڭۈللۈك سۆھبەت .



چارۋىچىلار ئارىسىدا

سۈرەتلەرنى تەھرىر بۆلۈمىمىز توپلىغان .

www.uyghurkitap.com




《塔 里 木》 文学月刊 （维吾尔文） TARIM A MONTHLY LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

تارىم

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订阅、零售：各地邮局所

1989 ـ يىل 11 ـ سان (345 ـ سان) ، 39 ـ يىل نەشرى.
تۈزگۈچى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.
ئۈرۈمچى دېموكراتىيە يولى 32 ـ قورۇ. تېلېفون نومۇرى: 78784.
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى. شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدۇ. مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ.

国内统一刊号： CN65－1010／I
本刊代号：58－66 定 价： 1.40元

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN 65 ـ 1010 /I.
ژۇرنال ۋاكالەت نومۇرى: 58 ـ 66، باسما تاۋاق: 10، باھاسى: 1.40 يۈەن.